


ISSN 1008-6498
01>

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر ئادرېسى





يېتىلىۋاتقان ياش پەيلاسوپ، شائىر، ژۇرنىلىمىزنىڭ تۆھپىكار ئاپتورى
ئابدۇقادىر جالالىدىن

شىنجاڭ مەدەنىيىتى — قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال
49 - يىل نەشرى — 2000 - يىل 1-سان (ئومۇمىي 242-سان)

# بۇ ساندا

## مەرھابا 21-ئەسىر


بېكى ئەسىرگە مۇبارەك ...................... مىجىت ناسىر 2
ئەنئەنىۋى ئاق گۈگۈمىدىكى ئۈمىد ۋە زامانىۋى ئاق سەھرىدىكى ئويغىنىش .......... ئا. مۇھەممەتئىمىن 5


## مۇھاكىمە


مەدەنىيەتتە مۇنازىرە روھى ...................... ئابدۇقادىر جالالىددىن 7


## ئەدەبىيات گۈلزارى


ئالتە كۆنلۈك پادىشاھ............ (تارىخىي ھېكايە) ................ نۇرمۇھەممەت توختى 14
بېزىپ بولۇنمىغان «ئەسەر»............ (ھېكايە) ................ ئادىل بىلدىرىم 31
باراڭ ئاستىدىكى پاراڭلار ...................... مەھمۇت ئىلياس ئىدىقۇتلۇق 39
شېئىرلار ...................... ئابلىجان ھېيت 44
تەپەككۇر دەرىخىدىن مېۋىلەر ...................... مەھمۇتجان يانتاق قاتارلىقلار 49


## مەدەنىيەت-سەنئەت گىزىتى


جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىغا بېغىشلانغان تەبرىك بەت ...... ئەي مىن قاتارلىقلار 50
ئاۋمېنغا بېغىشلانغان تەبرىك بەت ...................... ھەسەن ئەلى، چېن يەن 60


## ئابدۇراخمانغا شان-شەرەپ


خەۋەرلەر ...................... ئىلھام ئىمىن، ئەنۋەر ئەزىزى 62
سىدنېيغا تىكىلگەن كۆز ...................... ئىمىنجان ئۆمەرمۇھەممىدى 64
ئاسىيادىن ھالقىغان «مۇشت» ...................... ئەنۋەر ئەزىزى 65
دۇملەنگەن روھ ۋە پۇرسەت ...................... ئابلەت ئابدۇرېشىت بەرقىي 66


## دانالار خەزىنىسى


نەسىھەتى ئامما ...................... ئابدۇقادىر داموللا ئىبنى ئابدۇۋارىس كاشغەرىي 69


## سادا


«يېمەك-ئىچمەك مەدەنىيىتى» دىكى بەدىيۇلىكلەر ...................... توختى باقى (ئارنىشى) 72
داۋام قىلىنۋاتقان تراگېدىيە ...................... ئابدۇخالىق ئابدۇروسۇل 74


## ئەخلاق باغچىسىدىن گۈلدەستە


ئاتا-ئانىلار ھەققىدە تەۋسىيىلەر ...................... تەييارلىغۇچى: تاھىرجان ھاجى ياقۇپ 80


مۇقاۋا سۈرىتىنى فاتىخ شەرىپ، مۇقاۋىنىڭ 4-بېتىدىكى سۈرەتنى خالمۇرات قەييۇمبەگ تارتقان. مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى: رىسالەت مۇھەممەت

باش مۇھەررىر: زۇنۇن قۇتلۇق مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: قۇربان مامۇت (ئىجرائىيە)
مۇھەررىر ۋە كاتىپ: رىسالەت مۇھەممەت مەركۇر ساننىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى ۋە تېخنىكا مۇھەررىرى (؟) / بېزەكچى: رىسالەت مۇھەممەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# يېڭى ئەسىرگە مۇبارەك

مىجىت ناسىر

(شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى)

بىز ھازىر دۇنيا تارىخىنىڭ ئاجايىپ ئەھمىيەتلىك بىر باسقۇچىدا تۇرۇۋاتىمىز. سائەتنىڭ سېكونت ئىستىرېلكىسىنىڭ رىتىملىق چېكىلدىشى يۈرەك سوقۇشلىرىمىز بىلەن رىتىمداش ھالدا تۈيغۇلىرىمىزنى تارىختا ئىنتايىن ئاز كۆرۈلگەن پۇرسەتلەرنىڭ ھاياجىنىدىن بەھرىمەن قىلماقتا. بىز ھازىر بۇ دەقىقىلەرنى تۇيغۇمىزدا بىۋاسىتە تېتىپ كۆرۈش بەختىگە مۇيەسسەر بولغانلىقىمىزدىن قانچىلىك خۇشاللانساق، پەخىرلەنسەك ئەرزىيدۇ. ئىنسانىيەت تارىخىدا، بولۇپمۇ ئىنسانىيەت مەدەنىيەت دەۋرىگە قەدەم قويۇپ، ۋاقىتنىڭ قىممىتى بىلەن ھاياتنىڭ قىممىتى ئوتتۇرىسىدىكى قانداشلىق مۇناسىۋەتنى تونۇغان، تارىخنى ھېسابلاشنى، خاتىرىلەشنى بىلگەن، ۋاقىتقا مەنە ئاتا قىلىپ تارىخنى تەپەككۇرنىڭ جەۋھەرلىرى بىلەن بېزەشنىڭ ئەھمىيىتىنى ھېس قىلغان كېيىنكى تارىختا بۇنداق پۇرسەتلەر كۆپ كۆرۈلمىگەن. ئوچۇق گەپنى ئېيتساق، بىز ھازىر يېڭى بىر ئەسىرنىڭ، يېڭى ئېرانىڭ بوسۇغىسىدا تۇرۇۋاتىمىز. خاراكتېر ۋە مەنە جەھەتتىن بىر-بىرىدىن زور دەرىجىدە پەرقلىنىپ

## مەرھابا 21-ئەسىر

تۇرۇدىغان ئىككى ئەسىرنىڭ، ئەسىرلەردىنمۇ ئەھمىيەتلىك ۋە مەنە جەھەتتىن چوڭ ئىككى ئېرانىڭ باغرىدا ياشاپ بېقىشتەك ئاجايىپ تۇيغۇنى سەزگۈلىرىمىز ئارقىلىق بىۋاسىتە تەجرىبىدىن ئۆتكۈزۈپ بېقىشنىڭ لەززىتىدىن بەھرىمەن بولىۋاتىمىز. مىلادىدىن كېيىنكى ئۈچىنچى ئېرا - ئۈچىنچى مىڭ يىل، 21-يۈز يىلنىڭ قەدىمى كۆز ئالدىمىزغا كېلىپ قالدى. خرىستىئان دىنىنىڭ ئىجادچىسى ئېيسا مەسىھنىڭ تۇغۇلغان يىلىدىن باشلاپ ھېسابلانغان مىلادىيە كالېندارى ھازىر 2000-يىل - ئىككى ئېرانى تولدۇرۇپ بولدى. ئىككى ئېرا ۋە ئىككى ئەسىرنىڭ قوينىدا ياشاپ بېقىشتەك تەلەي بىزگە نېسىپ بولدى.

***

ھەر بىر كۈن، ھەربىر يىلنىڭ ئۆز ئالدىغا مەنىسى، ئەھمىيىتى، بەلگىسى بولغاندەك، ھەربىر ئەسىر، ھەربىر ئېرانىڭمۇ ئۆز ئالدىغا بەلگىسى، مەنىسى بولىدۇ.

مىلادىنىڭ 1-ئېراسىدا، مىلادىدىن ئىلگىرىكى 4-، 3-ئەسىرلەردە ئۆزىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىنى ياراتقان يۇنان مەدەنىيىتى ۋە ئۇنىڭ بىۋاسىتە ۋارىسى بولغان رىم مەدەنىيىتى خارابلاشتى. خرىستىئان دىنى كەشىپ قىلىنىپ، دۇنيادىكى دىنلارنىڭ يېڭى تەرەققىياتى سۈپىتىدە دۇنيا تارىخىنىڭ پاسىلى بولۇپ

قالدى. يۇنان ۋە رىم پەلسەپىسىنى ئاساس قىلغان خرىستىئان دىنى شەكلىدە ئىپادىلەنگەن غەرب مەدەنىيىتى خرىستىئان ئىدېئولوگىيىسى ئارقىلىق يېڭى ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولدى. لېكىن بۇ خىل تەرەققىيات ئۇزاققا بارماي ياۋروپا ئاپتورلىرىنىڭ نەزەرىدىكى ياۋروپانىڭ جاھالەتلىك ئوتتۇرا ئەسرى باشلاندى. ئىسلام دىنى دۇنياغا كېلىپ سۈكۈتكە چۆمگەن شەرق دۇنياسىنىڭ تومۇرى ئىسلام ئىدېئولوگىيىسىنىڭ يېڭى قېنى بىلەن سۇغۇرۇلدى. بۇ ئېرا ئاساسەن پەلسەپىۋى خۇسۇسىيەت بىلەن خاراكتېرلەندى. مىلادىنىڭ 2-ئېراسىدا ياۋروپا ئەدەبىيات-سەنئىتىنىڭ قايتا گۈللىنىش دەۋرى باشلىنىپ، مەيلى شەرقتە بولسۇن ياكى غەربتە بولسۇن گۇمانىزملىق پەلسەپە باش كۆتۈرۈپ، ئىلاھىيەتچىلىك پەلسەپىسى تۆۋەن مۇقامغا ئۆتتى. گۇمانىزملىق پەلسەپە تەبىئىي پەنلەرنىڭ گۈللىنىشىگە تۈرتكىلىك رول ئويناپ، ئىنسانىيەتنىڭ تەبىئىي پەنلەر دەۋرى باشلاندى. پەلسەپە تەبىئىي پەندىن ئالغان ئوزۇقلار بىلەن ھاياتىي كۈچىنى تېخىمۇ ئاشۇردى. بۇ ئېرادا تەبىئىي پەنلەردە بارلىققا كەلگەن ئىلگىرىلەشلەر تۈپەيلىدىن نۇرغۇن مۆجىزىلەر يارىتىلدى، يەرشارىنىڭ تارتىش كۈچى بايقالدى. ئاسترونومىيىدە بارلىققا كەلگەن مۇۋەپپەقىيەتلەر يەر مەركەز تەلىماتى دەۋرىگە خاتىمە بېرىپ، قۇياش مەركەز تەلىماتى دەۋرىنىڭ پەردىسى قايرىلدى. سانائەت ئىنقىلابىنىڭ پارتلىشى دۇنيانىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىيات سۈرئىتىنى ئاجايىپ تېزلىتىۋەتتى. ئىلگىرى يىل، ئاي، كۈنلەر بىلەن ھېسابلىنىپ، ناھايىتى ئېرىنچەكلىك بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەيدى-غاندەك تۇيۇلىدىغان ۋاقىت مىنۇت، سېكونتلارنى بىرلىك قىلىپ ھېسابلىنىدىغان بولدى؛ ئىنسانلار ھاياتىدىكى ھەر بىر دەقىقىگە ياشاشنىڭ مەنىسىنى يۈكلەش ئىنسانلىق قەدىر-قىممەتنىڭ باھاسىغا ئايلاندى. ئېلېكترنىڭ بايقىلىشى بىلەن ئېلېكتر دەۋرىگە قەدەم قويدۇق. كىنو، تېلېۋىزور، تېلېگ-راف، تېلېفون، سۈنئىي ھەمراھ، كومپيۇتېر قاتارلىق زامانىۋى مۆجىزىلەر بارلىققا كەلدى. ئىنسان ئايىغى تارىختا تۇنجى قېتىم يەرنىڭ تارتىش كۈچىنى يېڭىپ، ئالەم بوشلۇقىغا قەدەم قويۇپ، 15-ئەسىردە كولومبونىڭ يېڭى چوڭ قۇرۇقلۇقنى بايقىغىنىدىنمۇ ئارتۇق ئەھمىيەتلىك مۆجىزە يۈز بەردى. ئىنسانىيەت بۇ مۇۋەپپەقىيەتنىڭ سىمۋوللۇق ئەھمىيىتىنى كېيىن تېخىمۇ ئېنىق ھېس قىلىدۇ. ئىنساننىڭ بايقاش ساھەسى بىئولوگىيىدىن ئىبارەت ئېچىلمىغان بوزنى بايقاپ ئۇنىڭغا يۈرۈش قىلدى. ئاتوم ئېنېرگىيىسى بايقىلىپ كەڭ كۆلەمدە ئىشلىتىشكە كىرىشتۈرۈلدى.

بىز تېخىمۇ كونكرېت ئېيتساق، مىلادىنىڭ 1-ئېراسى بولغان 1-مىڭ يىلدا ئىنسانىيەتنىڭ ماددىي مەدەنىيەت بايلىقلىرى بىر-ئىككى قاتلانغان بولسا، مىلادىنىڭ 2-ئېراسى بولغان 2-مىڭ يىلدا دەسلەپتە تۆت-بەش يۈز يىلدا بىر قاتلىنىپ، 19-ئەسىرگە كەلگەندە بىر ئەسىرنىڭ ئىچىدە ئىككى قاتلاندى. 20-ئەسىرگە كەلگەندە ئاشۇ 2000يىلنىڭ باراۋىرىدە قاتلاندى.

***

كۆز ئالدىمىزدا تۇرغان بۇ ئېرا ۋە بۇ ئەسىر قوينىدا نۇرغۇن ئېسىل پۇرسەتلەرنى ساقلاپ ياتقان، قەدەمدە بىر ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان، تەرەققىياتتىكى تېزلىكنى پەرەزقىلىش خېلى قىيىنغا توختايدىغان يېڭى بىر ۋاقىت تىزىمىسىدۇر.

ئالىملار مىلادىنىڭ 2 - ئېراسىنى ئىلىم-پەن ئېراسى، دەپ ئاتىغانىدى. لېكىن ئالدىمىزدىكى بۇ ئېرادا بولسا، ئۇلار ئىلىم-پەننىڭ ئالدىغا ئىجادىيەتتىن ئىبارەت بەلگىنى قويۇپ، بۇ ئېرانىڭ خاراكتېرىدىن بىشارەت بەردى. دېمەك، بۇ ئېرادا يۇقىرى پەن-تېخنىكا، بىلىم ئىگىلىكى خوجايىنلىق ئورۇنغا ئۆتۈپ، ئىجادىيەت ئىقتىدارىغا ئىگە كىشىلەرلا قۇدرەتلىك ھېسابلىنىدۇ.

جۇڭگونىڭ ئەھۋالىدىن ئېيتقاندا، 21-ئەسىر-نىڭ تەرەققىيات ستراتېگىيىسى ئاللىقاچان تۈزۈلۈپ بولدى. تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت نىشاندا چىڭ تۇرۇلۇپ، ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتىن ئىبارەت ستراتېگىيىنىڭ ئۇزاققىچە ئۆزگەرتىلمەيدىغانلىقى بېكىتىلدى.

***

يۇرتىمىز شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بىر جاي. 1978-يىلى باشلانغان ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يۇرتىمىزغا نۇرغۇن ئۆزگىرىشلەرنى ئېلىپ كەلدى. شەھەر، يېزا-قىشلاقلارنىڭ قىياپىتىدە ناھايىتى زور ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. لېكىن دۆلىتىمىزنىڭ ئىسلاھات ئەڭ بۇرۇن باشلانغان دېڭىز بويى رايونلىرىغا سېلىشتۇرغاندا ، بىزدىكى ئۆزگىرىشلەر ۋە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىمىزدىن ئانچە پەخىرلىنىپ كېتەلمەيمىز. بىزدىكى ئۈستۈن جۇغراپىيىلىك ئەۋزەللىك ۋە بايلىق ئەۋزەللىكى تەرەققىياتىمىزنىڭ تۈرتكىلىك كۈچىگە تولۇق ئايلىنالمىدى. بۇنىڭ بەزى سەۋەبلىرى بار:

**1. ئىسلاھات ۋە ئىشىكنى ئېچىۋېتىش سىياسىتىنىڭ مەنىسىنى تولۇق چۈشەنمەي قېلىش، ئىدىيىدە ئازاد بولالماسلىق.**

ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشكە نىسبەتەن ئەڭ ئەۋۋەل كاللىمىزدا مەلۇم مەۋقە تۇرغۇزۇلمىسا بولمايدۇ. ئىسلاھ قىلىش دېگەنلىك - ئىجتىمائىي تەرەققىياتقا ماسلىشالمىغان ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىدە ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ قۇرۇلمىسىنى ئۆزگەرتىپ، زامانغا باپ، ھاياتىي

www.uyghurkitap.com

كۆچى ئۇرغۇپ تۇرۇۋاتقان شەكىلگە ئىگە قىلىش دېگەنلىكتۇر. ئېچىۋېتىشتا كەلسەك، دۇنيانىڭ تەرەققىيات يۈزلىنىشىدىن قارىغاندىمۇ ھازىر ئېچىۋېتىش، بىر گەۋدىلىشىش، رايون ۋە دۆلەت خاراكتېرلىك توساقلارنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئورتاق تەرەققىي قىلىش دۇنيانىڭ ئاساسىي مۇقامى بولۇپ قالدى. ئېچىۋېتىش بىرخىل تەخىرسىزلىككە ئايلاندى. لېكىن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدا ئېچىۋېتىشتىن ئىبارەت تەخىرسىزلىك تەرەققىياتتىكى بىر خىل تەخىرسىزلىككە ئايلىنالمىدى. ھەرقانداق بىر سۇپەت ئۆزگىرىشى شەيئىنىڭ ئىچكى قىسمىدىن باشلانسا، ئاندىن مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايدۇ. بىزدىكى ئېچىۋېتىش تەرەققىياتنىڭ يۈزلىنىشىگە دېگەندەك ماسلىشالمىدى. ئەمەلىيەتتە ئېچىۋېتىش دۆلەت دەرۋازىسىنى ئوچۇق دۇنياغا ئېچىۋېتىشنىلا ئەمەس، روھىي جەھەتتە كاللىدىكى مۇتەئەسسىپ - قاتمال ئىدىيەلەرنى سۈپۈرۈپ تاشلاپ، كاللىنىمۇ ئېچىۋېتىشنى كۆرسىتىدۇ.

بۈگۈنكى دۇنيا پۇقرالار ساپاسى ئالاھىدە تەكىتلىنىدىغان ۋە بۇساپا دۆلەت تەرەققىياتىدا مۇھىم رول ئوينايدىغان بىر دۇنيا. مېڭىدىن ئىبارەت ئېنېرگىيە مەنبەسىنى ئېچىش، ھەر بىر ئادەمنىڭ مېڭىسىدىكى بارلىق ئاكتىپ ئامىللارنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ ئىسلاھات ئۈچۈن، ۋەتەننىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش - نۆۋەتتىكى ئىسلاھاتنىڭ بىر مۇھىم نۇقتىسىدۇر. ئالىملارنىڭ يەكۈنىدىن قارىغاندا ، بىر ئادەم ئۆز ئۆمرىدە مېڭىسىنىڭ پەقەت ئىككى-ئۈچ پىرسەنتىنىلا ئىشلىتىدىكەن، قالغان قىسمى ئېچىلمىغان بىربوز سۈپىتىدە ساقلىنىپ قالىدىكەن. مۇشۇ ئەسىردىكى ئەڭ بۈيۈك ئەقىل ئىگىسى، تەڭداشسىز ئالىم، دەپ شۆھرەتلەنگەن ئېينىشتېيىنمۇ پۈتكۈل ھاياتىدا مېڭىسىنىڭ پەقەت تۆت پىرسەنتىنىلا ئىشلىتەلىگەن. شۇڭا، ئالىملار 20-ئەسىردىكى ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ چوڭ تراگېدىيىسى 1-، 2-دۇنيا ئۇرۇشى ئەمەس بەلكى ئىنسان مېڭىسىدىكى ھېسابسىز ئەقىل بايلىقىنىڭ ئېچىلماي تاشلىنىپ يېتىشى، دەپ ھۆكۈم چىقارغان.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىز پۇقرالىرىدىكى نىسبەتەن تۆۋەن ساپا بىزدە ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش سىياسىتىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىجرا قىلىنىشىغا توسالغۇ بولۇپ قالدى. نۆۋەتتىكى مەسىلە پۇقرالار ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش بىلەن بىرگە ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن ئىبارەت دانا سىياسەتنىڭ پۇرسىتىدىن تولۇق بەھرىمەن بولۇش بولۇپ قالدى.

**2. پۇرسەتنىڭ قەدرىگە يەتمەسلىك ۋە سىياسەتنىڭ ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنالماسلىق.**

بىر چاغلىرى يۇرتىمىز دېڭىز بويلىرىدىن يىراقلىقى، قاتنىشىنىڭ قولايسىزلىقى تۈپەيلىدىن ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىدىن پىنھان ھالدىكى بىكىنمە، قالاق رايونغا ئايلىنىپ قالغانىدى. دۇنيا تەرەققىياتىدىكى تارىخىي بۇرۇلۇش دېڭىز ئۈستۈنلۈكىنىڭ قاتناش جەھەتتە قۇرۇقلۇقنىڭ كەينىدە قېلىشى، پويىزدىن ئىبارەت زامانىۋى قاتناش قۇرۇقلۇقنى دېڭىزدىن ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلىشى، ئايروپىلاننىڭ پۈتكۈل دۇنيانى قاتناش جەھەتتىن چېگرىسىزلاشتۇرۇشى ئاپتونوم رايونىمىزغا تارىخىي پۇرسەتلەرنى ئېلىپ كەلدى. دۇنيانىڭ تەرەققىيات نۇقتىسى بايلىق ئۈستۈنلۈكى تەرەپكە قاراپ ئالدىنى قىلدى. دۆلىتىمىزمۇ يېقىندىن بۇيان چوڭ غەربىي شىمال ستراتېگىيىسىنى بەلگىلەپ، 21-ئەسىردىكى مەبلەغ سېلىشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى چوڭ غەربىي شىمال ئىكەنلىكىنى قارار قىلدى. قىسقىسى، سىياسەتتىكى ئەۋزەللىك، ئورۇندىكى ئەۋزەللىك ئەمدى ھەقىقىي ئۆزىنى كۆرسىتىدىغان يەرگە كەلدى.

پۇرسەت - تارىخنىڭ بىزگە قاراپ ئالدىنى قىلىشىدىن ئىبارەت. لېكىن بىزدە پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ ئۆزىمىزنى كۈچلەندۈرۈش، تارىخ ئېقىمىغا ئەگىشىپ ئالغا ئىلگىرىلەش روھى بولسىلا ئاندىن پۇرسەتنىڭ ھەقىقىي خوجايىنلىرىغا ئايلىنالايمىز.

***

ئىلىم - پەننىڭ يۇقىرى دەرىجىسى بولغان ئىجادىيەتنىڭ ئالدىمىزدىكى بۇ ئەسىرنىڭ بەلگىسى بولۇپ قېلىشى بىز ئۈچۈن غايەت زور سىناق. خەلقىمىز بىلىم ئېلىشنىڭ تەخىرسىزلىكىنى ئىسلاھات جەريانىدىكى رەھىمسىز رىقابەت تۈپەيلىدىن، تارىختىكى ھەر قانداق چاغدىكىگە قارىغاندا ھەممىدىن بەك ھېس قىلغان بۈگۈنكى كۈندە بىز يەنە يېڭى خىرىسقا دۈچ كەلدۇق. بۇ ئەسىردە بىزنىڭ مەۋجۇدلۇقىمىز، خەلقىمىزنىڭ ۋۇجۇدىدىكى بارلىق ئىجادىي ئامىللارنى ئېچىشقا باغلىق بولۇپ قالدى. بۇ قانۇنىيەت بىزنىڭلا ئەمەس، دۇنيادىكى بارلىق ئەل، مىللەتلەرنىڭ مەۋجۇدلۇق ئەڭگۈشتىرى بولۇپ قالدى.

ئەنە، يېڭى ئەسىرنىڭ، يېڭى ئېرانىڭ ئالتۇن قوڭغۇرىقى جاراڭلىدى. بىز يېڭى بىر كۈرەش مەيدانىغا، ھاياتلىق ئىمتىھانى مەيدانىغا قاراپ قەدەم قويدۇق. شېرىن چۈشىمىزدىن ئويغىنايلى، كاللىمىزنى سىلكىۋېتىپ تەپەككۇرىمىزنى ئىشقا سالايلى. يېڭى ئەسىر قوڭغۇرىقى بىزنىڭ غەلىبە - زەپەر قوڭغۇرىقىمىزغا ئايلانسۇن.

1999-يىل 29-نويابىر، ئۈرۈمچى(M2)



# ئەنئەنىۋى ئاڭ گۆگۈمىدىكى ئۇيقۇ ۋە زامانىۋى ئاڭ سەھىرىدىكى ئويغىنىش

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن (1933 ـ 1995.2.27)

كەچقۇرۇن پېتىۋاتقان قۇياش بىلەن سۈبھى سەھەر كۆتۈرۈلۈۋاتقان قۇياش بىر قاراشتا ئوخشاش شەپەق چېچىپ، ئوخشىشىپ كەتكەندەك كۆرۈنىدۇ. ئەگەر بىز خىرامانلىق ئىلكىدىن قۇتۇلۇپ، شەرق بىلەن غەربنى، كېلىۋاتقان يېڭىلىق بىلەن كېتىۋاتقان كونىلىقنى پەرق قىلالىساقلا، بۇنداق «ئوخشىشىپ» كەتكەن ھادىسىدىكى تۈپلۈك پەرقنى بايقىۋالالايمىز.

ئىنسانىيەتنىڭ ئۆز تارىخىدىكى سەكرەتمىلىكلەر تۈپەيلى، بەزىدە بەزى مىللەت ياكى خەلقلەر ئىجتىمائىي ۋە ئىدېئولوگىيىلىك فورماتسىيىنىڭ بەزى خىللىرىنى بېشىدىن ئۆتكۈزمەيلا ئۇلارنى «ئاتلاپ ئۆتۈپ» ئىلگىرىلىشى مۇمكىن. ئەمما تاۋار ئىگىلىكى بىلەن ھازىرقى زامان قىممەت قارىشىنى مەركەز قىلغان زامانىۋى ئاڭنى «ئاتلاپ» ئۆتۈپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس. بۇ، ئوتتۇرا ئەسىر ھالىتىدىكى ئىنسان ۋە ئىنسان جەمئىيىتىنى كەلگۈسى ئىنسان ۋە ئىنسان جەمئىيىتىگە ئېلىپ بېرىشتىكى ماددىي ۋە مەنىۋى ئىككى تىرەك.

ئۇزۇن مۇددەت يېرىم مۇستەملىكە، يېرىم فېئوداللىق ئاسارىتىدە تۇرغان، كېيىنچە «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ سولچىل دىكتاتورىسى ۋە مىللىي ئىنكارچىلىقى ئاستىدا يەنچىلگەن خەلقىمىزنىڭ 1980-يىللارنىڭ بېشىدا قايتا ئويغانغان مىللىي ئىپتىخارى ۋە كۆمۈلگەن ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتكە بولغان ئوتلۇق تەلپۈنۈشلىرىنى تارىخىي ماتېرىيالىزمچىلار تولۇق چۈشىنىدۇ. بۇنداق ھالەت مۇشۇ يىللاردا پۈتكۈل ئېلىمىزدە يۈز بېرىپلا قالماستىن، تارىختىكى ھەر قانداق جاھالەتتىن كېيىنكى «قايتا ئويغىنىش»، «قايتا گۈللىنىش» دەۋرلىرىدىمۇ يۈز بەرگەن قانۇنىيەتكە، جۈملىدىن ئەقىلگە مۇۋاپىق ھادىسە ئىدى.

2000 يىللىق مەدەنىيەت تارىخى ئۇتۇقلىرىنى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە بىر قاتلىۋەتكەن مۇشۇ ئەسىر، بولۇپمۇ ئۇنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا يۈز بەرگەن، يۈز بېرىۋاتقان ئۆزگىرىشلەر ھەممە مەملىكەت ۋە مىللەت خەلقلىرىنى ئالدىرىتىپ قويدى! مىللىي ئىپتىخارنىڭ بۇ ئەنئەنىۋى ئاڭ شەكلى يېقىندىلا كۆتۈرۈلگەن قۇياشتەك بىزنى سۆيۈندۈرگەنىدى، مانا ئەمدى ئۇ ئۆز ئورنىنى ئېلىمىزدە، ھەتتا پۈتكۈل ئىنسانىيەت دۇنياسىدا قايتا شەكىللەنگەن، بىر قىسىم مۇتەپەككۇرلەر پەرەزلىرىدىن ئومۇم جاھان ھادىسىگە ئايلانغان زامانىۋى ئاڭغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە توغرا كېلىپ قالدى. بۇ خۇددى ئاتا-ئانا ھوزۇرىدىن يېڭى ئۇستاز ئالدىغا كەلگەندەك بىر قاراشتا «ياتسىراتغۇ» كۆرۈنسىمۇ، ئۇنىڭ زۆرۈرلىكى، يەنىلا ئۇنىڭ مىللىتىمىزنىڭ يېڭى مىللىي ئىپتىخارى بولۇپ قېلىشىدا گۇمان يوق.

كارل ماركس: «تارىخ ئۆز-ئۆزىنى ئىزدەپ يۈرگەن ئىنساننىڭ پائالىيىتىدىن ئىبارەت» دېگەنىدى. ماركسنىڭ بۇ سۆزى تولىمۇ كەڭ، تولىمۇ

www.uyghurkitap.com

چوڭقۇر ۋەزىندارسۆز ئىدى. ئىنسانىيەت ئۆز-ئۆزىنى ئىزدەپ كەلدى. بۇددىستلار ۋە سوپىزمچىلار ئىنساننى تەڭرى سۈپەتلىرىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن «رېئاللىقتىن ۋاز كېچىش» ۋە «نىرۋانا» ياكى «ۋەسلى ئىلاھىيە» ئارقىلىق تەڭرى بىلەن قوشۇۋېتىشكە ، تەڭرى دەرىجىسىگە كۆتۈرۈشكە ئۈمىد قىلىشتى. ئەلىشىر نەۋائىي: سەن مېنى قانداق تاپۇرسەن، مەن ئۆزۈمنى تاپمىسام ، دېگەنىدى. فارابىي ۋە ئۇتوپىك سوتسىيالىستلار غايىۋى جەمئىيەت تەلىماتلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. بۇرژۇئازىيە ئىنقىلابلىرىنىڭ «ئەركىنلىك، باراۋەرلىك، مېھرىبانلىق» غايىلىرى ئىنقىلاب خىتابنامىسىدىلا قېپقالدى. ئوت يالقۇنلىرى ۋە ئىلىم ئىختىرالىرى بىلەن تولغان مۇشۇ ئەسىرىمىز ئۆزىنىڭ زىددىيەتلىك ھادىسىلىرى ئارقىلىق ئومۇمەن 2000 يىل ياراتقان ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىدىن ئاللىقاچان ئېشىپ چۈشۈپ، ئۈچۈر، ئىرسىيەت قۇرۇلمىسى ۋە ئارىلاشما (سىنكىرتىك) مەدەنىيەت بوسۇغۇسىغا دەسسەپ قالدى. مۇشۇنىڭغا ئەگىشىپ، ھەقىقىي مەنىسى بىلەن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ تارىخىي ماھىيىتى سۈپىتىدە «ئىنسان زادى نىمە؟» ، «ئىنسان قانداق بولۇشى لازىم ئىدى ۋە قانداق قىسمەتتە تۇرماقتا؟» ، «سانائەت ئۇتۇقلىرى، پاراۋانلىقنىڭ ئوبيېكت ۋاستىلىرى بىلەن ئىنساننىڭ ئىجتىمائىي بەخت-سائادىتىدىن ئىبارەت سۇبيېكت مەقسەتدارلىقىنىڭ گارمونىك مۇناسىۋىتىنى قانداق قايتا تۈزۈش لازىم؟» دېگەن غايەت زور مەسىلە پۈتكۈل تەپەككۇر بوشلۇقىغا كىرىپ كەلدى. بۇ، ئۆز-ئۆزىنى ئىزدەپ يۈرگەن ئىنساننىڭ تارىختىكى سوپىستىك، ئۇتوپىستىك، گۇمانىزملىق شېرىن چۈشلىرىدىن پەرقلىق ھالدا ئۆز ئوبيېكتىنى تاپقان رېئال مۇمكىنلىك ئالدىدىكي ھەقىقىي ئويغىنىشى بولدى. بۇنداق زامانىۋى ئاڭ كىشىلەرنى لەرزىگە سالدى، ئەسەبىيلىك چۈشەكەشلىرىدىكي داھىيلارنى، سەركەردىلەرنى ھەتتا كۆپلىگەن ئىلىم-پەن ئەربابلىرىنى، سەنئەت مۆتىۋەرلىرىنى، كەڭ خەلقنى قايتا ئويلىنىشقا مەجبۇر قىلدى. كۆپ كىشىلەر 21-ئەسىر ئۇنداق ياكى مۇنداق ئەسىر بولغانغا كۆرە «ئىنساننىڭ ئۆز-ئۆزىنى تاپقان ئەسىرى» بولۇشىنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا باشلىدى. بۇ، ئىنساننىڭ ئىنسان تۇرۇپ ئىنسانغا ئوخشىماي قالغان ھالەتتىن قۇتۇلۇش يولىدىكى ئىنقىلابىي يېڭى تەپەككۇر ئېراسىنىڭ كۆز ئالدىمىزغا يېقىنلاپ كېلىپ قالغانلىقىنى، پەن مۇۋەپپەقىيەتلىرى مۇشۇ ئۇلۇغۋار ئاڭنى كۆتۈرۈپ ئۈچۈپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرسەتتى. ئەھۋالنىڭ دەل مۇشۇنداقلىقىدىن كۆزنى يۇمۇۋېلىپمۇ، ئۇنى ئەيىبلەپ قول سىلكىپمۇ قۇتۇلغىلى بولماي قالدى. بۇ يۇقىرى قاتلاملىق ئاڭ ئۆزىنىڭ تارىخىي يىلتىزى، رېئال ئىمكانىيىتى ۋە ئاجايىپ سېھرىي گۈزەللىكى بىلەن ئۆزىدىكى مۇتلەق ئۈستۈنلۈككە ئىشەنگەن ھالدا ئېگىمىزدا، مىللىتىمىز ئارىسىدا قەد كۆتۈرۈپ چىقىشقا باشلىدى. ھازىرقى ئەھۋال خۇددى مۇشۇنداق بولماقتا:

«ئۇنداقتا مىللىي ئەنئەنىلىرىمىز ۋە ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىمىز يوقىلىپ كېتەمدۇ؟»

- «بۇ، مىللىي ئىپتىخارنىڭ يوقالغانلىقى ئەمەسمۇ؟»

ياق، ئۇنداق ئەمەس! تامامەن ئەكسىچە!

مەلۇمكى، مىللىي ئەنئەنە شۇ مىللەتنىڭ كۆپ قاتلاملىق تارىخىي تەرەققىياتىدىكى ھەر بىر قاتلامدا قىسمەن ساقلىنىپ، قىسمەن يېڭىلىنىپ تۇرغان مىللىي پسىخىك ۋە مىللىي مەدەنىيەت ئالامىتى بولۇپ، ئۇ ئەلمىساقتىكى «پۈتۈلمىش» ئەمەس. ھازىرقى مىللىي ئەنئەنىلىرىمىز ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى مىللىي ئەنئەنىلەرنى ئۆزگەرتىش ياكى ئىسلاھ قىلىش ئاساسىدا شەكىللىنىپ كەلگەن. بولمىسا بىز ئىپتىدائىي توتېم ياكى كۆپ خۇدالىق ئەنئەنىلىرىنى ساقلىغان بولۇپ قالماسمىدۇق؟ مىللىي ئەنئەنە ئۆزگىرىش ئىچىدە راۋاجلىنىدۇ، راۋاجلىنىش ئىچىدە يۇقىرى قاتلاملىق تۈسكە داۋاملىشىدۇ. مىللىي ئىپتىخار دېگەنلىكىمۇ شۇ مىللەتنىڭ ئۆز مىللىي مەدەنىيىتىنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە ۋەتەن، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە تۆھپە قوشۇشتىكى غورۇر-ئىززىتىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. تەرەققىياتقا كۆز يۇمۇپ مىللىي ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلىش ۋە مىللىي ئىپتىخار ھەققىدە سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. روشەنكى، ھاياتنىڭ داۋاملىشىشى بىر شەخس ئۈچۈنمۇ، بىر مىللەت ئۈچۈنمۇ بۈگۈنكى ۋە ئەتىكى زامان مۇھىتى ۋە زامان تەلىپىگە قانداق ئويغۇنلىشىش بىلەن ھەل بولىدۇ. چۈنكى ئۆتمۈش خۇددى تۆكۈلگەن يوپۇرماق ياكى ئۆتكەن جەسەتتەك جانلىق ھاياتتىن مەھرۇم بولغان زاماننىڭ نامىدىن باشقا نەرسە ئەمەس!

ئەلىشىر نەۋائىي: ھەر دەۋرنىڭ سازەندىسى ئۆز بەزمىسىگە يارىشا ناۋا قىلىشى كېرەك، دېگەنىدى.

زامانىۋى ئاڭ - ھازىرقى زامان ئادىمىنىڭ، مىللىتىنىڭ، دۆلىتىنىڭ ئىنسانىيەت قاتارىدا داۋاملىق روناق تېپىشىنىڭ ئىدىيىۋى شەرتى. مۇنداق ئاڭنىڭ تىكلىنىش - تىكلەنمەسلىكى تارىخىي تەقدىرنىڭ قانداق بولۇشىغا بىۋاستە ئۆتكۈر تەسىر كۆرسىتىدۇ.

زامانىۋى ئاڭ سەھىرى يېتىپ كەلدى. زامانىۋى ئاڭ سەھىرى ئويغىنىشنى تەقەززا قىلىدۇ. ئۇ، بۈگۈنكى ئىنسانىي قەدىر-قىممەت، ئىنسانىي ئەرك، باراۋەرلىك ۋە ئورتاق گۈللىنىشنىڭ ئەڭگۈشتىرى. ئۇ بىر قاتار كونكرېت مەزمۇنلاردىن تەشكىل تاپقان پائالىيەتچان ئاڭ. ئۇ: زاماننى بىلىش ۋە كەلگۈسىچىلىك ئىدىيىلىرىنى، ئىنساننىڭ ئومۇمىي قىممىتى ۋە ئىقتىدار قىممىتى ئېڭىنى، ئىجتىمائىي ۋە تەبىئىي پەنلەرنى بىرلەشتۈرۈپ ئارىلاشما تەتقىقات ساھەلىرىنى ئېچىشنى، ۋاقىت كۆز قارىشىنى زامانغا لايىقلاشتۇرۇشنى، ھازىرقى زامان ئېڭى نۇقتىسىدا تارىخنى قايتا كۆزىتىش ۋە قايتا ئىپادىلەشنى، شۇنىڭ بىلەن بىللە باشقا بىر قاتار ساھەلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ مەسىلىلەر ئۆز نۆۋىتىدە مەخسۇس مۇھاكىمە قىلىنىدىغان مۇھىم تېماتىك نۇقتىلار.

ئەنئەنىۋى ئاڭ گۈگۈمىدا ئۇخلىماي، زامانىۋى ئاڭ سەھىرىدە ئويغىنايلى، بۇ، ئىنسانلىق قەلبىمىزنىڭ ھەقىقىي ئىنسانىي خىتابى بولسۇن! (M1)

مۇھاكىمە

# مەدەنىيەتتە مۇنازىرە روھى



ئابدۇقادىر جالالىددىن

ئاتا-ئانىلار پەرزەنتلىرى بىلەن ئۆزلىرى ئوتتۇرىسىدىكى روھىي ئارىلىقنىڭ بارغانسېرى زورىيىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئەندىشە ئىچىدە ھېس قىلماقتا. پەرزەنتلىرىنىڭ تۇرمۇش يولى، ئەخلاق ۋە كۆز قاراش جەھەتتىكى ياتلىشىشلىرى جەمەتلەرنى ئېغىر بۆھران، ئېچىنىشلىق بۆلۈنۈشكە ئېلىپ بارماقتا. پەرزەنتلەر ئوقۇش، ئىشقا ئورۇنلىشىش، ئۆيلۈك-ئوچاقلىق بولۇش، پەرزەنتلىرىنى بېقىشتا ئاتا-ئانىلارغا تايانمىسا بولمايدىغان بېقىندىچىلىقتا تۇرسىمۇ، ئۇلار روھىي جەھەتتە ئاتا-ئانىلىرى بىلەن مۇئەييەن يىراقلىقنى ساقلىغان ھالدا غەلىتە بىر ئەۋلاد سۈپىتىدە ئايىنىپ كېتىۋەردى. ئاتا-ئانىلارنىڭ روزىغارى تۇرمۇشتا چىقىش يولى تاپالمىغان، ۋەيران بولغان، كىرىزىسكە ئۇچرىغان ياكى ئېغىر بەدخەجلىك ئاقىۋىتىدە روھىي ۋە ماددىي قەرزگە بوغۇلغان پەرزەنتلەر ئۈچۈن خوراپ تۈگەيدۇ. ماددىي جەھەتتىن ئاتا-ئانىلىرىغا موھتاج، روھىي جەھەتتىن ساياق بۇ بىر قىسىم ئەۋلادلار ئېغىر مېھنەت بەدىلىگە ئىگىلىك تىكلەۋاتقان ئەجدادلارنىڭ دۈمبىسىدىكى رودىپايلاردۇر. ئۇلار ئاتا-ئانا مېھرىگە تولىمۇ كۆنۈپ كەتكەنلىكى تۈپەيلى، ئاتا-ئانىسىنى بايلىق ۋە شەپقەت مەنبەسى دەپ تونۇپ، ئۆزلىرىنىڭ روھىي تەنھالىقىنى ئۇلار ئارقىلىق داۋالايدۇ. ئىنسانىي ئاڭنىڭ ئەڭ تۆۋەن قاتلىمىدا ياشايدىغان قانداقتۇر بىر مەنىۋى قەرزدارلىق غۇۋا مۇھەببەت رىشتىسىگە ئوخشاپ كەتكەن ھالدا ئۇلارنى ئاتا-ئانىغا باغلاپ تۇرىدۇ. شۇڭا، ئۇلارنىڭ ئاتا-ئانىلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدە يېرىم ئىنسانىي مۇھەببەت، يېرىم دىپلوماتىيە ئېلېمېنتلىرى بار. بۇلار مىللىي ئاڭ ۋە مىللىي ئەخلاق جەھەتتىكى قېچىرلىشىشنىڭ زامانىمىزدىكى ئەۋرىشكىلىرىدۇر.

يەنە شۇنداق بىر ئەۋلادلار بار: ئۇلارئىش ئورنى ۋە مۇقىم مائاشقا ئىگە بولۇپ، ئاتا-ئانىلىرىغا ماددىي جەھەتتىن تايانمايدۇ، ئۇلار ئەجدادلىرىغا نورمال ئىنسانىي مۇھەببەت بىلەن باغلانغان. جەمەت ئىچىدە يېتىلگەن مۇئەييەن ئادەت ئورتاقلىقى ، خاراكتېر ئورتاقلىقى ۋە شەجەرە ئۇلارنى جەمەت تۇيغۇسىغا ئىگەقىلغان ، بۇ بىر ھېسابتا قانداقتۇر بىر مۇھەببەت ھېسسىياتىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. ئەمما ئاتا-ئانا بىلەن ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئېتىقاد مۇناسىۋىتىدە روشەن بۆلۈنۈش ئاللىقاچان روي بېرىپ بولغان. پەرزەنتلەر ئاتا-ئانىلىرىنىڭ ئېتىقادى ۋە قىممەت قارىشىغا شەكلەن ئۇيغۇنلاشسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ھەقىقىي

تاللىۋالغان يولى ئاتا-ئانىلىرىدىن پىنھان بىر بوشلۇقتا ئۆزىنى كۆرسىتىدۇ.

يەنە شۇنداق بىر ئەۋلادلار بار: ئۇلارغەربچە كىيىنىپ، غەربچە يەپ-ئىچىشنى ئەڭ ئالىي مەئىشەت، دەپ ھېسابلايدۇ. مەدەنىيەت ئۇلار ئۇچۇن ئېيتقاندا ، ئەنە شۇنداق رەۋىشتىكى ئىستېماليەتتىن ئىبارەت. ۋىنو، ھامبورگ بولكىسى، غۇۋا تونەكخانا، بۆلمە ئولتۇرۇشى، مىكائىل جېكسون، سېرىق چاچ، «تاللا تاماق» قاتارلىقلار ئۇلار ئىنتىلىدىغان زامانىۋى جەننەتنىڭ بەلگىلىرى. ئۇلار رەڭگارەڭ چىراغ ۋە شىددەتلىك جاز مۇزىكىلىرىنىڭ مەستخۇشلۇقىدا بېسىلىپ ياتقان ياشلىق تۇيغۇلىرى، شاش ھايات سەزگۈلىرىنى پارتلىتىپ، ئارام تاپقاندەك بولۇشىدۇ.

ئىنساندىكى ئىجادىيلىق تۇغما بولىدۇ. لېكىن ئۆزىنى روياپقا چىقىرىدىغان راۋان يولغا ئېرىشەلمىگەندە، دۇملەنگەن ئەسەبىي ھېسسىياتقا ئايلىنىپ ئاخىرى پارتلايدۇ، ئۇ ئىنساننى ھاراق-شارابقا، ئويۇنغا، ئەيش-ئىشرەتكە زورلايدۇ، شۇنداق قىلىش گويا قىساس ئېلىش كەبىي ئۇلارغا ئارام بېرىدۇ.

ئىنسان ئۆز بەختىنى ئىزدەش ئەركىنلىكىگە ئىگە. ئەمما زامانىۋى ئۇچۇر ۋە رىقابەتتىن مەھرۇم بولغان بېكىنمە تۇپراقنىڭ ساددا ياشلىرى ئۆزلىرىنىڭ يېڭىلىق خۇمارىنى سىملىق تېلېۋىزىيىدە كۆرسىتىلگەن غەرب فىلىملىرى ۋە داۋراڭ (ئېلان سەنئەت) كۆرۈنۈشلىرىدىكى يوسۇنلار، ئۆرپ-ئادەتلەر ۋە فورمىلارنى ئۆزلەشتۈرۈش ئارقىلىق قاندۇرۇشتى. غەرب ئۇلارنىڭ نەزەرىدە ئەقىل، شەخسىي رىقابەت، قانۇن، كاپىتال، ئەركىن مۇنازىرە روھى بىلەن تولغان دۇنيا بولماستىن، ماشىنا، شاراب، قۇچاقلىشىش، سۆيۈشۈش، جىنسىي ئىختىيارىيلىق بىلەن تولغان دۇنياغا ئايلىنىپ قالدى. ۋەھالەنكى، ئۇلارنىڭ چۈشەنگەنلىرى ئىجادىيەت ۋە بايلىق يارىتىش روھىغا تولغان غەرب دۇنياسىنىڭ تاشلاندۇق سىرتقى ھالىتىدىن ئىبارەت بولدى. مەدەنىيەتلىك جەمئىيەتنىڭ گەۋدىلىك بىر ئالاھىدىلىكى، ئەمگەكنىڭ يۈكسەك ھۆرمەتكە ئېرىشكەنلىكىدە. ئۇيەردە ئەمگەك ۋە ئەمگەككە بولغان ھۆرمەت پۇختا قانۇني ئاساسقا ئىگە بولغان بولىدۇ، ئەمگەك ئەقىل - ھېسسىيات، ئەخلاق قاتارلىق پەزىلەتلەرنى تاۋلاش ۋە ۋايىغا يەتكۈزۈش جەريانىغا ئايلىنىدۇ.

ئىجادىي روھ تەربىيە ۋە كاپالەتكە ئېرىشەلمىگەن جەمئىيەتتە كىشىلەرنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارى كۆمۈلۈپ قالىدۇ، ئەقىل يۈزەكى ھالدىكى دورامچىلىقنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ كېتىدۇ. ئۇلۇغ كىشىلەر ۋە ئۇلارنىڭ نەتىجىلىرى كىشىلەرنىڭ روھىيىتىگە ئىلھام بېرىپ جۇلالاندۇرىدىغان كۈچ بولماستىن، ئەكسىچە كىشىلەرنىڭ روھىيىتىنى چوقۇندۇرۇپ تورمۇزلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئەقىل-پاراسەتنىڭ تىزگىنىنى قولىغا ئېلىۋالغان ئەقىل ھاكىملىرىغا ئايلىنىدۇ. ئۇلۇغ نەتىجىلەرنى گۇمانلىنىش ئەركىنلىكى بولمىغان شارائىتتا كىشىلەر ئەقلىي مەجرۇھلۇق ئىچىدە ئۆزىنى بىلەرمەن ھېسابلاۋېرىدۇ.

مائارىپ مەكتەپ بىلەن چەكلەنگەن ئەھۋالدا مەكتەپ جەمئىيەتنىڭ يىراق بىر چېتىگە بەنت قىلىنغان لاگېرغا ئوخشاپ قالىدۇ، مائارىپنىڭ ئۆزىمۇ ھاياتىي كۈچكە ئىگە تۈرتكىلىك رولىنى يوقىتىپ قويىدۇ. ئەسلىدە بىلىم ۋە خاراكتېر قۇرۇلۇشى مەكتەپلەردە مەخسۇس ۋە پىلانلىق ھالدا ئېلىپ بېرىلىش بىلەن بىرگە جەمئىيەتمۇ ھەقىقىي تەلىم-تەربىيە ماكانىغا ئايلىنىشى، ياشلار ئۆزلىرىنىڭ ئۆگەنگەنلىرىنى جەمئىيەت ئاساسىدا ئەمەلىي، ئۈنۈملۈك بىلىشكە ئايلاندۇرۇشى، مەكتەپ بىلەن جەمئىيەت ئوتتۇرىسىدا ئەكس ئەتتۈرۈش ۋە ئەكس ئېتىش مۇناسىۋىتى بولۇشى كېرەك ئىدى. ۋەھالەنكى، بىزدە مەكتەپ بىلەن جەمئىيەت ئوتتۇرىسىدا يىراق بىر مۇساپە شەكىللىنىپ، مەكتەپلەر بىر ھېسابتا جەمئىيەت ۋە تۇرمۇش تەقەززاسى بىلەن كارى يوق كونسېرۋاتىپ ئورگانغا ئايلىنىپ قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەۋلادلىرىمىز مىللىي ئاڭ، مىللىي ئۆزلۈك تەربىيىسىنى مەكتەپتىن ئىبارەت مۇئەسسەسە ئورۇنلىرىدىن ئىلمىي ئاساستا ئالالمىغاچقا ، ئۆزگىلەرنىڭ ئەقىل - پاراسىتىدىن تۇغۇلغان يېڭى ئىجتىمائىي مەھسۇلاتلارنى ھەزىم قىلالايدىغان ئىممونىتىت كۈچى زور مىللىي ئاشقازانغا ئىگە ئەمەس.

بىز مىللىي ئۆزلۈكتىن ئايرىلغان مائارىپنىڭ كۆڭۈلسىز ئاقىۋەتلىرىنى جەمئىيەتنىڭ ئىشسىز-ئىشلىق ئادەتتىكى ياشلىرىنىڭ قىياپىتىدىن كۆرۈش بىلەن بىرگە زىيالىيلارنىڭمۇ ساپاسىدىن كۆرەلەيمىز. بىزنىڭ زىيالىيلار قوشۇنىمىز ئېنىق مىللىي مەۋقە، زامانغا لايىق بىلىم ۋە رىقابەت مېخانىزمىغا ئىگە ئەمەس، ئۇلارنىڭ بىر قىسمى ھېچقانداق ماكان، زامانغا تەۋە بولمىغان بىر بوشلۇقتا، ئاز بىر قىسمى ئاتوم دەۋرىدە ، ئىنتايىن ئاز بىرقىسمى ئۇچۇر دەۋرىدە ياشايدۇ. بىز بۇ ھالىتىمىز بىلەن مەغلۇب بولۇشتىن ئىبارەت غەلىتە تەۋەككۇلچىلىكنى ئۈستىگە ئالغان دونكىخوتقا ئوخشايمىز. دونكىخوت ئۆزى ئاقكۆڭۈل ئادەم، لېكىن ئۇ ئۆزىدىن تالاي يىللار بۇرۇنقى چەۋەندازلار دەۋرىدە ياشايدۇ، ئۇنىڭ ۋۇجۇدى ئۆز زامانىسىغا، روھى بولسا ئۆتمۈشكە مەنسۇپ، شۇڭا ئۇنىڭ ۋۇجۇدى ئۆزلۈكسىز مەغلۇبىيەتنىڭ جاراھەتلىرى بىلەن تارتۇقلانغان. دونكىخوت مەغلۇبىيەت تۈۋرۈكىگە مىخلانغان تەۋەككۈلچى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدى دات بېسىپ كەتكەن روھى بىلەن ئۆتمۈشكە مىخلانغان. زىيالىيلىرىمىز ھاياتىي كۈچكە ئىگە بىلىمدىن خەۋەرسىز قېلىش بىلەن بىرگە بىر-بىرىنى

www.uyghurkitap.com

چۈشىنىش، بىر-بىرىگە ماسلىشىش ئىقتىدارىغا ئىگە ئەمەس، شۇڭلاشقا، ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتىدە مىللەتنىڭ ئەقىل پىرامىداسىنى تىكلەيدىغان ھەمجەھەتلىك ھەم تولۇقلىما خاراكتېرلىك قۇرۇلما مەۋجۇد ئەمەس. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئاشۇ يىگانە روھىي ئارىلىدا شاھلىق تەختىنى قۇرۇشۇپ، تۇرلۇك تەسەللىي بىلەن ياشىشىدۇ. بىز ھازىرغىچە تۆت زىيالىينىڭ بىر مەۋقەدە پىكىر قىلغىنىنى كۆرمىدۇق. دەرۋەقە، ئادەملەرنىڭ قىممەت قارىشى ۋە پىكىر قىلىش ئۇسۇلى بىر-بىرىگە ئوخشىمايدۇ، بىراق زىيالىي ئىنتايىن ئاز بىزدەك خەلققە نىسبەتەن ئېيتقاندا ، پىكىر ۋە بىلىم كۆپ خىللىقى ئەقىدە ۋە مەۋقە بىرلىكى ئۈستىگە دەسسەپ تۇرغان بولۇشى كېرەك ئىدى.

بىزدە ماركسىزمچىلار بار، ئەمما ماركسىزم كلاسسىكلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى پىششىق ئوقۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىجتىمائىي مەنپەئەتىگە تەدبىقلايدىغان سەرخىللار يوق. ئۇلار ماركسنىڭ سۇيئىستېمال قىلىنغان، ياتلاشتۇرۇلغان، ئۈزۈلكېسىل بولمىغان مەھسۇلى بولمىش كونسېپكىلەرنى ئىگىلەش بىلەن دوگماتىزمنىڭ ناتىۋان قۇربانلىرىغا ئايلانغان. ئۇلار خۇددى ماشىنىغا ئوخشاش ئۆزىگە كىرگۈزۈلگەن ئاشۇ بىر پروگراممىنىلا ئىجرا قىلىدۇ. گەرچە ماركس دىن ۋە روھىيەت ئىلىملىرىنى مەلۇم دەرىجىدە تەتقىق قىلغان كىشى بولسىمۇ ، بىراق ماركسىزمنىڭ بۇ غەيرىي مۇخلىسلىرى روھىيەت ئىلىملىرىدىن قاتتىق قورقىدۇ. ماركسىزمنى پەن دېگۈچى ئادەم چوقۇم ھەرقانداق مەسىلىگە ئىلمىي مۇئامىلە قىلىشنى بىلىشى كېرەك ئىدى.

بىزدە دىنىي زاتلار بار. خۇددى پاكىستانلىق ئىسلام ئالىم ئەكبەر ئەھمەد ئېيتقاندەك: « مۇسۇلمان ئالىملىرى ئۈچۈن سىرتقى دۇنيا مەۋجۇد ئەمەستەك بولۇپ قالدى. كارل ماركس ياكى ماكس ۋېبېرنىڭ ئەسەرلىرى ئۇلارغا نامەلۇم» . ئۇلار ئېينىشتېيننى تەتقىق قىلسا، يەھۇدىيغا ئايلىنىپ قالىدىغاندەك، فېيرباخنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇسا، ئاتېئىزمچىغا ئايلىنىپ قالىدىغاندەك قورقۇشىدۇ. مۇستەھكەم ئىمان ئۆز ئەتراپىدىكى توغرا-خاتا ھادىسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆزىگە ئىبرەت قىلىپ ئاڭلىق، ئۇنۇملۇك پائالىيەتكە ئايلىنالايدۇ.

بىزدە تەبىئىي پەنچىلەر بار، لېكىن ئۇلار پەن ھەممىنى ھەل قىلىدۇ، دەپ قاراشتەك پەن خۇراپاتلىقىغا گىرىپتار بولۇشقان. پەن تەبىئەت قانۇنلىرى ئۈستىدىكى يىمىشتۇر. تېخنىكا تەبىئەت قانۇنلىرى ھەققىدىكى بىلىملەرنى ماددىي ۋاستىلەر جۇملىسىگە ئايلاندۇرۇشتۇر. ھازىرقى زامان گېرمانىيە پەيلاسوپى مارتىن ھادىگىر: «تېخنىكا ۋاستە ھەم پائالىيەتتۇر» دەپ ئىزاھ بەرگەن. گېرمانىيىنىڭ يەنە بىر پەيلاسوپى كارل ياسپېرس: «تېخنىكا بىرخىل ۋاستە، ئۇنى ياخشى ياكى يامان دەپ ئايرىغىلى بولمايدۇ» دېگەن. روشەنكى، پەن-تېخنىكا توغرا ئەقىدىگە تاپشۇرۇلغاندا ، ئاندىن ئىنسان ئۈچۈن پايدىلىق. ئۇران ئېنېرگىيىگە ئىگە بىر ماددا، بىراق ئۇنىڭدىن ئاتوم ۋە يادرو قوراللىرىنى ياساش تېخنىكىسى بۈگۈنكى كۈندە ئىنسانلارنىڭ بېشىدىكى بالايى-ئاپەت كۆلەڭگىسىگە ئايلاندى. بۈگۈنكى تېخنىكا كۆپرەك ھەربىي ھازىرلىقلار مۇسابىقىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلماقتا. مانا بۇ زامانىمىزدىكى ئەخلاقىي چىركىنلىك.

تېخنىكا كارل ياسپېرسنىڭ چۈشەندۈرۈشىچە ، ئۆتكۈر تەبىئىي پەن، كەشپىيات روھى ۋە ئەمگەك تەشكىلىدىن ئىبارەت بىر قاتار ئامىللارنىڭ نەتىجىسىدە تەرەققىي تاپىدۇ. شۇنداق ئىكەن، ئۇ قانداقتۇر پەن ھەققىدىكى نەزەرىيىنى بىلىدىغان ئاقكۆڭۈل كىشىلەرگە مەنسۇپ بولىدىغان نەرسە ئەمەس، بەلكى ئۇ ھاكىمىيەت تەشكىلى بار خەلققە مەنسۇپ بولىدۇ. شېئىر بىلەن پەن-تېخنىكىنىڭ ئوخشاشمايدىغان تەرىپى شۇكى، شېئىرنىڭ مەبلىغى شائىرنىڭ خۇسۇسىي ھەسرىتى ۋە ساپ كۆڭلىدىن ئىبارەت ، پەن-تېخنىكىنىڭ مەبلىغى بولسا، مۇنتىزىم تەشكىلىي قۇرۇلمىغا ئىگە گۇرۇھ ياكى دۆلەتنىڭ مىلياردلىغان ئىقتىسادىدىن ئىبارەت. تارىخنى ۋاراقلىساق، ھۆكۈمران سىنىپلار ئۆزلىرىدىكى ئىدېئولوگىيىنى قول ئاستىدىكىلەرگە بىكارغا بەرگەن ياكى مەخسۇس مۇئەسسەسەلەرنى قۇرۇپ، ئاشۇلارغا چىقىم قىلىش بەدىلىگە ئۆزلەشتۇرگەن. ئەمما ئۆتكۈر پەن-تېخنىكىنى سىر تۇتقان. غەربلىكلەر «ئىنجىل» نى ھەقسىز تارقاتسىمۇ، لېكىن ھۈنەر - تېخنىكا دېگەندەك بايلىق ۋاستىلىرىنى پۇلغا ساتىدۇ. چۈنكى تېخنىكا شەيتاننىڭ قولىغا چۈشسە، شەيتاننى تەشەببۇسكار قىلىدىغان، پەرىشتىنىڭ قولىغا چۈشسە ، پەرىشتىنى تەشەببۇسكار قىلىدىغان دەستەك. گەرچە تارىخ ھەقىقەتنىڭ قۇدرىتىگە قاراپ سىلجىسىمۇ ، لېكىن ئۇ ھەقىقەتنىڭ سەيناسىدا جەۋلان قىلغۇچە تالاي بەدەللەر كېتىدۇ. بىر ھەسسە كۈچ ھەقىقەتنىڭ قولىدا يۈز ھەسسە زورىيىدۇ.

پەن-تېخنىكىنى ئىگىلىگەندىلا تەرەققىي قىلالايمىز، دەيدۇ بىزنىڭ ئاقكۆڭۈل زىيالىيلار. ئۇلارنىڭ بۇ خىل تەلەپپۇزىدىن خۇددى خەلقىمىز تەرەققىي قىلىشنى ئارزۇ قىلمايدىغاندەك كۆرۈنىدۇ. ئامېرىكا جەمئىيەتشۇناسى ئالۋىن توفلېر: « تەرەققىياتقا ئارقىسىنى قىلىۋېلىش-ۋىجدانسىزلىق» دېگەنىدى. دۇنيادا تەرەققىي قىلىشنى خالىمايدىغان خەلق مەۋجۇد ئەمەس، چۈنكى تەرەققىيات ھەر قانداق شەيئىينىڭ ھاياتلىق نىشانى. پەن-تېخنىكىنى قانداق قىلغاندا ئىگىلىگىلى بولىدۇ؟ ئۇنىڭ ھازىرقى مائارىپ تۈزۈلمىسى بىلەن ئالاقىسى قانداق؟ تەبىئىي پەنچى زىيالىيلىرىمىز بۇ مەسىلىلەرنىمۇ قوشۇپ ئويلىشى لازىم.

بىزدە بىر تالاي ئەدىبلەر بار، ئۇلارنىڭ بىر

قىسمى ھەدىسلا مىللىيلىك، دېيىشىدۇ. 1980-يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدا ئوتتۇرىغا چىققان «گۇڭگاشىئىر» ھادىسلىرىنى تەنقىدلىگەندە، پىشقەدەم ئەدىبلەر «مىللىيلىك» نى كوزىر قىلىشتى. لېكىن بىز ھازىرغا قەدەر «مىللىيلىك» دېگەن نېمە؟ ئۇنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا خاس مەنىسى قانداق؟ دېگەن سوئالغا جاۋاب ئالالمىدۇق، ئەمەلىيەتتە ئۇنداق سوئالمۇ تېخى بارلىققا كەلمىدى. چۈنكى بىزدە بىر پۈتۈن ئەدەبىيات تارىخىمىزدىكى مىللىيلىكنى قېزىپ، پەلسەپەجەھەتتىن قارارلاشتۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان تەتقىقات ۋە ئوقۇتۇش يوق. بىزدە ھازىرغا قەدەر بارلىققا كەلگەن ئەدەبىيات تارىخى كىتابلىرى ئومۇمەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى يات ئىدېئولوگىيىنىڭ قېلىپى بىلەن ئۆلچەش ئۈستىگە قۇرۇلغان.

تەتقىقاتچى ياكى مۇئەللىپ سۆزلىگۈچىدۇر. بۇ يەردىكى «سۆز» نوقۇل مەنىدىكى «نۇتۇق» مەنىسىنى بىلدۈرمەيدۇ. ئۇ مەلۇم مەدەنىيەت سالاھىيىتىدىكى كىشىنىڭ ئىزھارىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئىزھار قانداقتۇر بىر خۇسۇسىي ئىزھار ئەمەس، بەلكى مەلۇم بىر گەۋدىگە ۋەكالەتەن دېيىلگەن ئەقلىي، مەنىۋى ھۆكۈم. روشەنكى، سۆزلىگۈچىدە مۇئەييەن مەدەنىيەتنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان سالاھىيەت بولىدۇ. ئەختەم ئۆمەر «يىراق قىرلاردىن ئانا يەرگە سالام» (بۇ ئوچېرك ژۇرنىلىمىزنىڭ 1994-يىل 1-، 2-(قوشما) سانىدا بېسىلغانىدى. مۇھەررىردىن) نى يازغاندا، ئۇنىڭغا نېمە تۈرتكە بولدى؟ ئۇ، چەت ئەللەرنى ئارىلىدى، ئۇيەردىكى خەلقلەرنىڭ تەرەققىيات، مەئىشەت، ئۈستۈن مەدەنىي ھالەتلىرىنى كۆردى ۋە بىزنىڭ قاششاق، غېرىبانە تۇرقىمىز بىلەن سېلىشتۇردى. ئۇنىڭ سۆزلىگۈچىگە خاس سالاھىيىتىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى شەرقىي ياۋروپا ۋە ئوتتۇرا، غەربىي ئاسىيا جەمئىيەتلىرىنىڭ مەدەنىيىتىدىن ئىبارەت بولدى. مەن ئۆزۈمنى قانداق تونۇيمەن؟ ئۆزۈمنى باشقىلاردىن قانداق پەرقلەندۈرىمەن؟ ئۆزۈم بىلەن ئۆزگىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى قانداق بىر تەرەپ قىلىمەن؟ مانا بۇ مەدەنىيەتكە ئائىت سالاھىيەت. مەدەنىيەتتىكى سالاھىيەت قان سىستېمىسىنىڭ مەھسۇلى بولماستىن، جەمئىيەت ۋە مەدەنىيەتنىڭ مەھسۇلى. ئىرق، مىللەت، تۇزۇم، جۇغراپىيىلىك مۇھىت قاتارلىقلار ئۇنىڭغا ھەل قىلغۇچ تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئۇيغۇرلار ئادەتتە چەت ئەللىكلەرنىڭ ياكى باشقا مىللەتلەرنىڭ ئۆزىگە قانداق قارايدىغانلىقىغا ناھايىتى قىزىقىدۇ. بۇ نېمە ئۈچۈن؟ نوپۇس دەپتىرى، كىملىك، پاسپورتېسىزلىق قاتارلىقلار ئۇلارنى بېكىنمە بىر ئورۇنغا مىخلاپ قويىدۇ. بىزدە ئاھالىنىڭ ئەركىن ئېقىپ يۈرۈشى يۈكسەك تىزگىنلەنگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە نامراتلىقمۇ كىشىنى ھېچيەرگە مىدىرلاتمايدۇ. بىزدە ئۆزى تۇرغان

كەنتتىن ھېچيەرگە بارماي ئۆلۈپ كېتىدىغانلار كۆرمىڭ. ئادەمدە يېگىلىقتا، ئۆزگىچىلىكىگە ئىنتىلىش تۇغما بولىدۇ. خەلقىمىزنىڭ ئۆزگىلەر نەزەرىدىكى ئۆزىگە قىزىقىشى ئەنەشۇنداق بىر ئىش. يەنى ھەربىر مەدەنىي سالاھىيەت ئىگىسىنىڭ شەيئىيلەرنى كۆزىتىشتىكى نۇقتىسى ئۆزگىچە بولىدۇ، بۇلارنى بىلىش كىشىنىڭ بىلىش دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، ئۆزىنى ئەمەلىيەتكە يېقىنلاشتۇرۇشىغا ياردەم بېرىدۇ. ئەختەم ئۆمەرنىڭ ئاز-تولا ئىسلاھ بولغان مەدەنىي سالاھىيەتتە ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىن سۆز ئېچىشى كىشىلەرنىڭ ئۆز-ئۆزىنى باھالاش تۇيغۇسىغا مەلۇم دەرىجىدە پائال تەسىر كۆرسەتتى. ئەمما ئۇنىڭ كېيىنكى كۆزىتىشلىرى ئۆزلۈك جەۋھىرىنى يوقىتىپ قويۇش بىلەن خاراكتېرلىنىپ قالدى-دە، ئۆز بىلەن ئۆزگىنىڭ قايسىسى نۇقتا، قايسىسى ئوبيېكت ئىكەنلىكى روشەن بولمىدى. مەن قازاق قەلەمكەشىمىز شەرىپقان ئەبدالىيىنىڭ: «شىئىرىي مىللەتتىن ئەقلىي مىللەتكە ئايلىنىش دەۋرنىڭ تەلىپى» (بۇماقالە ژۇرنىلىمىزنىڭ 1998-يىل 2-، 3-(قوشما) سانىغا بېسىلغانىدى. مۇھەررىردىن) دېگەن ماقالىسىنى كۆرگەندىن كېيىن، بىر قازاق دوستۇمدىن ئۇنىڭ پىكرىگە قانداق قارايدىغانلىقىنى سورىدۇم. ئۇ: «ئۇ ھەرگىزمۇ قازاقتا قازاقچە كۆزىتىش يۈرگۈزۈش ئەمەس» دەپ جاۋاب بەردى. پېقىر شەرىپقانىنىڭ ئىجادىي روھتىكى پىكرىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ. مىللەت ئۆز ئەنئەنىسى ھەققىدە زامانىۋى تۇرغۇچتا تۇرۇپ ئويلىشى كېرەك، لېكىن ھېلىقى قازاق دوستۇمنىڭ پىكرىمۇ ئورۇنسىز ئەمەس. ئۇ، ئەنئەنىگە باھا بەرگەندە مىللىيەتتىن ئىبارەت يۈرەكنى ئەستىن چىقارماسلىق لازىم، دېمەكچى. يېقىندا موڭغۇل يازغۇچىسى مىڭ چىبى ئەپەندىنىڭ «يايلاق مەدەنىيىتى ۋە ئىنسانىيەت» ناملىق ئىككى توملۇق ئەسىرى نەشردىن چىقتى. ئۇ بىر يايلاق مىللىتىنىڭ پەرزەنتى بولۇش سۈپىتى بىلەن يايلاق خەلقىنىڭ تارىخى، ئىجتىمائىي تەقدىرى ھەققىدە نېمىلەرنى دېدىكىن، بۇنى ئۇقمايمەن. ئۇنىڭ كىتابىنى كۆرۈپ چىقىشقا تېخى ئۈلگۈرمىدىم. ھەرھالدا تارىخ مىللەتنىڭ ئۆز-ئۆزى ھەققىدە ئويغانغان نۇقتىدىن ئويلىنىپ، خۇلاسە چىقىرىشىنىڭ سان-ساناقسىز جەريانىدىن ئىبارەت. شۇنداق ئىكەن، ئويلىنىش ئەڭ ئومۇمىي ئەنئەنە. غەرب ۋە باشقا مىللەتلەرنىڭ تەسىرى قىياندەك يامراپ كېتىۋاتقان، مىللىي مەدەنىيەت نۇسخىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئۆتۈنۈشمە داغداملىشىۋاتقان، مەدەنىيەت بىلەن مەدەنىيەت ئۆزئارا سىڭىشىپ، شالغۇتلىشىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، مىللىي مەدەنىيەتنى مەركەز قىلىپ مۇھاكىمە يۈرگۈزۈش ھەم تەس، ھەم مۇھىم.

ئۇنداقتا، ئاپتورنىڭ پىكىر بايان قىلىشتىكى مىللىي سالاھىيىتىگە نېمە يېتەكچىلىك قىلىدۇ؟ بىز

رۇس يازغۇچىسى گوگولنىڭ پۇشكىن ھەققىدىكى مۇنۇ سۆزىدىن جاۋابقا ئېرىشەلەيمىز: «ھەقىقىي مىللىيلىك دېھقان ئايال كىيىۋالغان يەكتەك ئۇزۇن كۆڭلەكنى تەسۋىرلەشتە ئەمەس، بەلكى مىللىي روھنىڭ ئۆزىنى ئىپادىلەشتە. شائىر ناتونۇش ئالەمنى تەسۋىرلىسىمۇ، پەقەت مىللەت ئاممىغا ئىگە كۆز بىلەن، پۈتكۈل مىللەتنىڭ كۆزى بىلەن كۆزەتسىلا، مۇشۇنداق ھېسسىياتتا بولسىلا ۋە سۆزلىسىلا، شائىر شۇ چاغنىڭ ئۆزىدە مىللەت بولالىشى مۇمكىن».

ئەدەبىيات - سەنئەتتىكى مىللىيلىكنى يېڭىلاشقا قارشى چوماق ئورنىدا چۈشىنىدىغانلارمۇ بار. ئۇلار مىللىيلىكنى بارلىق سىرتقى تەسىرنى رەت قىلىشتىكى مەيدان، دەپ قارايدۇ. كىنو-تېلېۋىزىيە، MTV، ئېلېكترونلۇق سەنئەت قاتارلىقلار زامانىۋى پەن-تېخنىكىنىڭ مەھسۇللىرى بولۇپ، پەن-تېخنىكا ئەدەبىيات-سەنئەتنى تېخىمۇ ئاممىۋى سورۇنغا ئىگە قىلدى. ئىلگىرىكى ئابستراكت ۋە كونكرېت تەپەككۇرلەر ئېكران ئارقىلىق بىئوئوپتىك تەپەككۇرغە كۆپرەك ئورۇن بەردى. چەت ئەل كىنو-تېلېۋىزىيە فىلىملىرى تېلېۋىزور ۋە ھەرخىل پلاستىنكىلار ئارقىلىق مىللىي تەپەككۇر زېمىنىگە سىڭىپ كىرىشكە باشلىدى. كۈچلۈك ئىلمىيلىك ۋە زامانغا ئارا تۇرالايدىغان مۇكەممەللىككە ئېرىشەلمەي، ئىستىخىيلىك ھالەتتە توختاپ قالغان مىللىي ئاڭ سىرتتىن كىرىۋاتقان تۈرلۈك يات تەسىرلەرنىڭ ئالدىدا نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قالدى. نەتىجىدە تاللاش-شاللاشنى بىلەلمىگەن روھىمىز خۇددى خىمىيىلىك ئوغۇتقا كۆندۈرۈلگەن ئېتىزلىرىمىزغا ئوخشاش بولغاندى، ئۇنىڭدىن چىققان مەھسۇلاتلار ھەرخىل جاھىل كېسەللەرنى پەيدا قىلدى. يۇقىرىقىلاردىن مەلۇمكى، بىئوئوپتىك ئۇسكۇنىلەر ۋە ئېلېكترونلۇق ئۆتۈشمىلەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ئەندىزىسى، مىللىي ئەپسانىۋى روھ، مىللىي تىل، مىللىي ئىجتىمائىي گەۋدىدىن ھالقىغان يەر شارى خاراكتېرلىك ئاممىۋى مەدەنىيەتنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇنداق شارائىتتا، ئىجادىي پائالىيەتچانلىق، ئۆزىنى يېڭىلاش ۋە قۇۋۋەتلەش ئىقتىدارىغا ئىگە بولمىغان پاسسىپ مىللىي روھنىڭ كۈن كۆرەلىشى مۇمكىن ئەمەس.

بىزگە مىللىيلىك كېرەك، بىراق بىز ئىزدىمەكچى بولغان ۋە ياراتماقچى بولغان مىللىيلىك غەرب مەدەنىيىتىنىڭ يەر شارى خاراكتېرلىكيام-راشلىرى ئىچىدە قېلىۋاتىدۇ. مانا بۇ تارىخنىڭ ئىلگىرىكىسىگە ئوخشىمايدىغان يەنە بىر قېتىملىق خىرىسى.

بىزدە بىراۋ رۇسپەرەس، بىراۋ ئىنگلىزپەرەس، بىراۋ ئۆتمۈشپەرەس، يەنە بىراۋ بىرنېمە پەرەس. ئەيتاۋۇر ئۇلار ئۆز ساھەسىدىكى مەلۇم بىر ساۋاتنى مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ ئاچقۇچى، دەپ قاراپ ئۇنى دۇنيانى چۈشىنىشنىڭ بىردىنبىر مېتودىغا ئايلاندۇرۇۋالغان. ئۇلار ئۆزلىرى چۈشەنگەن دۇنيانىڭ سىرتىدىكى مەۋجۇدلۇقنىڭمۇ جەمئىيىتىمىز ئۈچۈن كېرەك ئىكەنلىكىنى ئاز ھېس قىلىدۇ. نەتىجىدە ئۇلار مۇنازىرە داۋامىدا ئۆز ساھەسىدە جاھىللىق بىلەن قېلىۋېرىدۇ-دە، مەزكۇر سورۇن ھېچقاچان بىرلىككە كېلەلمەيدۇ. بۇ دەل زىيالىيلىرىمىزدىكى ئەقىدىنىڭ پارچىلىنىپ كېتىشىدىن كەلگەن.

بىزدە باردەپ قارىلىۋاتقان تەقلىدچىلىك تەنە قىلىش، ئىغۋا تارقىتىشنى ئۆزىگە ۋەزىپە قىلىۋالدى. كۆز قارىشى ئوخشاش بولمىغان ئەدىبلەر ئوخشاش بىر تۇپراق ۋە ئوخشاش بىرتىل مۇھىتىدا تۇرۇپ، بىر-بىرىدىن نېمىنى كۈتىدىغانلىقىنى بىلەلمىدى.

ۋاقىتلىق (ئۆتكۈنچى) نەرسىگە بىلدۈرۈلگەن ئەقىدە ئۇزۇن داۋام قىلمايدۇ، بەلكى ئۇ نەرسە ئۆزىنىڭ چەكلىك بولۇشى شۇنداقلا تار ئەخلاقىي مەنىگە ئىگە بولۇشى تۈپەيلى، ئەقىدە قىلغۇچىنى بوھرانغا قويىدۇ. ئىنساننىڭ پاراسىتىدىن ھالقىغان، ئەمما بىز تونۇپ يەتكەنسېرى ئىلھام، پەزىلەت، جەسۇرلۇق ئاتا قىلىدىغان ئالەم قانۇنلىرى (مەڭگۈلۈك ھەقىقەت) غا بىلدۈرۈلگەن ئەقىدە ھەر بىر ئىنساننىڭ قەلبىگە ئورتاقلىق ھەم قېرىنداشلىق رىشتىنى چاتىدۇ، بۇنداق ئەھۋالدا ھەر كىم ئۇ شەخسىيىتىدە ئومۇمىي ھەقىقەتنى تونۇيدۇ ۋە بۇ ھەقىقەتنى جارى قىلدۇرۇشتىكى بۇرچداشلىق چۆرىسىگە ئۇيۇشىدۇ.

بىز 20-ئەسىردە دەل ئۆزىمىزگە كېرەكلىك مىللىيەت ۋە ھەقىقەتنى ئەجنەبىيلەردىن ئىزدىدۇق، ئەمما ئەمەلىيەتتە ئېرىشكەنلىرىمىز كۈتكىنىمىزدەك بولمىدى. باشقىسىنى قويۇپ تۇرۇپ ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزنى ئالساق، بىز ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى ئەنئەنىمىزنىڭ تارىخىي ئىزچىللىقىدىن كەلگەن مىللىي دىت بىلەن ئەمەس، بەلكى ئاساسەن دېگۈدەك رۇس ئەدەبىياتىنىڭ قېلىپى ياكى باشقا تىپتىكى غەرب ئەدەبىياتىنىڭ مەسلەكلىرى بويىچە ئۆلچىدۇق. ئۇلارغا ئوخشىغانلىرى ياخشى ئەسەر بولدى، ئوخشىمىغانلىرى ئۆتمۈشكە تەئەللۇق چىرىندى نەرسە بولدى.

ئەدەبىيات-سەنئىتىمىزنىڭ ھازىرقى ۋەزىيىتىنى كۆزەتسەك، ئىپىك ئەسەرلەردە بىر دولقۇن شەكىللەندى، بىراق شېئىرىيەتتە يىرىك ئەمگەك كۆرۈلمىدى. ئەكسىچە بىز شېئىرىيەتنى مىللىتىمىزدىكى ئەقلىي زەئىپلىكنىڭ مەنبەسى، دەپ قاراپ نەشرىياتلىرىمىزدىكى ئورنىنى تەدرىجىي قىسقارتىپ تاشلىدۇق. مەدەنىيەت ئانالىزىدا بۇنداق كۆلكىلىك مەنتىقىنىڭ كۆرۈلۈشى دۇنيا بويىچە تۈنجى ئەھۋال بولسا كېرەك. بەلكىم بۇنداق ئەھۋال قايتا كۆرۈلمەس. كۆڭلى ياخشى بەزى تەقرىزچىلەر ياخشى شېئىرلار يوق، دەپ تاپا-تەنە قىلىشىدۇ. ۋەھالەنكى، ئاپتورلارمۇ ئادەم، ئۇلارمۇ تۇرمۇشنىڭ قوينىدا

www.uyghurkitap.com

ھاياتلىق ئۈچۈن كۈرەش قىلىدۇ. بىز ئىجادىيەتنى ھاياتتىن ئايرىپ قارىمىغانىكەنمىز، بۈگۈنكى كۈندە كۆز ئالدىمىزدىكى ھايات بوشلۇقىنىڭ بۇرۇنقىدىن كۆپ ئۆزگەرگەنلىكىدىن ئىبارەت پاكىتنىمۇ كۆرۈشىمىز كېرەك. بۇرۇن بىزنىڭ ھاياتىمىز ئۆزىمىزنىڭ مۇھىتى بىلەنلا باغلىناتتى، بىراق بۈگۈن بىزنىڭ ھاياتىمىز بىز تېخى كۆرۈپ باقمىغان مۇھىتتىكى ئىدېئال فورمىلارنىڭ تەسىر كۆرسىتىشىگە ئۇچرايدۇ. يەرشارنىڭ يىراق بۇرجەكلىرىدىكى ۋەزىيەت بۈگۈن بىزتۇرغان رېئاللىقنىڭ بىر تەركىبىي قىسمىغا ئايلاندى. پۇل، ماددىي ئىستېمالنى ئۆلچەم قىلىۋالغان جەمئىيەتنىڭ باش ئاغرىقلىرى شائىرلارغا شىددەتلىك ھۇجۇم قىلىش بىلەن بىرگە، شېئىرىيەتنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى بۇرۇنقىغا قارىغاندا مۆلچەرلىگۈسىز دەرىجىدە تارىيىپ كەتتى. چىلى شائىرى پابلونېرودا 2000-يىلىغا بارغاندا ھومېردەك شائىرلارنىڭ تۈزۈكرەك ئوقۇرمىنى قالماسلىقى مۇمكىن، دېگەنىكەن، ئەمما 21-ئەسىر شېئىرىيىتىدە گېرېك شېئىرىيىتىنىڭ قۇدرىتىگە ئۈمىد باغلىغانىكەن. نېرودا بۇ سۆزنى دېگەندە ئۆز مۇھىتىغا يارىشا ھالەتنى چىقىش قىلغان بولۇشى مۇمكىن. بىزدىمۇ «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ باھاسىنى چۈشۈرۈپ سېتىش ئەھۋاللىرى يۈز بەردى. ئەلىشىر نەۋائىينىڭ «خەمسە» سى سېتىلماي ياتتى. زادى ئەسەر ناچارمۇ ياكى ھازىرقى ئوقۇرمەن ناچارمۇ؟ بۇنىڭغا ئالدىراپ جاۋاب بەرگىلى بولماس. ھەرھالدا ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ ساپاسىدىكى ئۆزگىرىشنى نەزەرگە ئېلىش مۇھىمدەك تۇرىدۇ. ئالىي مەكتەپنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەن ستودېنتنىڭ چىغاتاي ئۇيغۇر تىلى -يېزىقىدىكى كلاسسىك مەنبەلەرگە چىشى پاتمايدۇ. مانا بۇ ھال «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ خېرىدار تاپالماي، نېپىزلەپ كېتىشىدىكى سەۋەب. بەكرەك ئاختۇرسا، بۇنىڭ جاۋابكارى كاردىن چىققان ماتارىپ قۇرۇلمىسى.

مۇھىت ئۆزگەردى، ئادەملەرنىڭ كاللىسى ئۆزگەرمىدى. بىز ئويلىنىش ۋە ئىجادىيەتكە، گادايلىقىمىز بىلەن تاشقى تەسىرلەرنىڭ قورشاۋىدا قالدۇق.

قايسىدۇر بىر كىتابنىڭ مۇقاۋىسىدىكى بىر سۈرەتنى كۆرگىنىم ئېسىمدە. بۇ سۈرەت مەندە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغانىدى: بىرقانچە كىشى داق يەردە ئولتۇرۇپ تېلېۋىزور كۆرۈۋاتقانىدى. ئۇلارنىڭ ئولتۇرغان يېرى بىر قارىسا بىرەر دالىدەك كۆرۈنەتتى، بىر قارىسا ئۆينىڭ ئىچىدەك كۆرۈنەتتى، بىراق دىۋان ياكى ئورۇندۇق دېگەندەك نەرسىلەر يوق ئىدى. تېرىسى ۋە ئۆڭى قارامتۇل كەلگەن بۇ كىشىلەر ئۆزلىرىنى ئۇنۇتقان ھالدا ئېكرانغا قاراپ تۇرۇشاتتى. كىتابنىڭ ئىچىدىكى ئىزاھاتقا قارىسام، ئۇلار ئاۋستىرالىيىنىڭ تانامى قوملۇقىنىڭ بىر چېتىدە ياشايدىغان يەرلىك خەلقلەر ئىكەن. ئۇلار غەرب پەن-تېخنىكىسىنىڭ بۇ ئاجايىپ مۆجىزىسىگە تىكىلىپ، ئۆزلىرىدىن يىراق ئىقلىملاردىكى ئىشلارغا مەپتۇن بولۇشقانىدى. بۇ، غەرب مەدەنىيىتىنىڭ يېڭى ئىستىلاچىلىقىنىڭ يەرلىك خەلق ئۆزى تاللىۋالغان شەكىلدە يۈرگۈزۈلىشى ئىدى.

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشى سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىنى ئاخىرلاشتۇردى. ئامېرىكا قاتارلىق غەرب دۆلەتلىرى پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ كاپىتالىستىك ئىقتىسادىي سىستېمىنى دۇنياۋىي مىقياستا كېڭەيتىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلدى. ئۇلار رايون، دۆلەت دائىرىسىدە چەكلەنگەن بارچە ئىقتىسادىي گەۋدىلەرنى بىرلەشتۈرۈپ، دۆلەت ياكى مىللەتتىن ھالقىغان دۇنياۋىي ئىقتىسادىي سىستېمىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرمەكچى بولدى، شۇنىڭ بىلەن دۇنياۋىيلاشتۇرۇش، بازار ئىقتىسادى، ئەركىن سودا قاتارلىق يېڭى چۈشەنچىلەر 21-ئەسىر تەلەپلىرىگە مۇناسىپ ئەڭ زامانىۋى ئەندىزىلار سۈپىتىدە بارلىققا كەلتۈرۈلدى. دۇنياۋىيلاشتۇرۇش ( 全球化 – Globalogy ) مەھەللىۋى ئىقتىسادلارنى دۇنيا ئىقتىسادىغا قوشۇپ، ئۇنىڭغا بويسۇندۇرۇشتىن ئىبارەت. ھوللاندىيە مەدەنىيەتشۇناسى رېيىن T. سىگېرس: «مەدەنىي سالاھىيەتنىڭ مۇھىملىقى – ئەدەبىيات تەتقىقاتىدىكى يېڭى كۆزنىتىش بۇلۇڭى» سەرلەۋھىلىك ماقالىسىدا Arjun Appadurai ئىسىملىك بىر كىشىنىڭ سۆزىنى نەقىل كەلتۈرگەن ھالدا دۇنياۋىيلىشىشنى مۇنداق چۈشەندۈرىدۇ:

«دۇنياۋىيلىشىش بەش تەرەپنى، بەش خىل مەدەنىيەت يۆزلىنىشىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇلار دۇنياۋىي مىقياستا بىر-بىرىگە ئارىلىشىپ كېتىدۇ.

1. نوپۇسنىڭ ئېقىپ يۈرۈشىدىن كېلىپ چىققان ئىرقىي سىڭىشىش. بۇ ئېقىپ يۈرۈش مۇنۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: ساياھەتچىلەر، كۆچمەنلەر، مۇساپىرلار، سەرگەردانلار ۋە ئىشلەمچىلەر. 2. دۆلەت ھالقىغان شىركەت ۋە ھۆكۈمەت باشقارمىلىرى ئىلگىرى سۈرگەن تېخنىكا ئالماشتۇرۇش بولۇپ، بۇ، زاۋۇت ۋە ئۈسكۈنىلەرنىڭ يۆتكىلىشىدە كۆرۈلىدۇ.

3. پاي چېكى سودىسىدىكى مەبلەغنىڭ تېز ئايلىنىشىدىن كېلىپ چىققان پۇل مۇئامىلە بىرلىكى.

4. تەشۋىقات ۋاسىتىلىرىنىڭ ئۇنىۋېرساللىقى. بۇ، كۆرۈنۈش ۋە ئۇچۇرلارنىڭ مەركەزلىشىشىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل يۆزلىنىشنى گېزىت، ژۇرنال، تېلېۋىزور، كىنو قاتارلىقلار كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

5. ئاڭنىڭ بىردەكلىشىشى، بۇ، بىر قىسىم نۇقتىئىنەزەرلەرنىڭ تارقىلىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بۇ نۇقتىئىنەزەرلەر دۆلەتكە ئۇيغۇن ياكى دۆلەتكە قارشى ئاڭ فورمىسى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك. بۇ نۇقتىئىنەزەرلەر مۇنداق: دېموكراتىيە، ئەركىنلىك، پاراۋانلىق، ھوقۇق

قاتارلىقلار» («مەدەنىيەتنىڭ ئۆتۈشۈشى ۋە ئەدەبىي ئوبراز»، يۈدەيپىڭ، جاڭ خۇي قاتارلىقلار تۈزگەن، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1999-يىل يانۋار نەشرى).

كومپيۇتېر ۋە خەلقئارالىق ئۇچۇر تورلىرى يۇقىرىقى يۈزلىنىشلەرنى بىۋاستە ئىلگىرى سۈرگەن ۋاستىلاردۇر. Internet غەربچە تەپەككۇر ۋە قىممەت سىستېمىلىرىنى جاھاننىڭ ھەممە ياقلىرىغا ئومۇملاشتۇرۇپ، يەرلىك مەدەنىيەت ئېغىر خانىۋەيرانلىققا دۇچ كېلىدۇ. بۇ ئەھۋال بىزدەك خەلقلەرنى تېخىمۇ قاتتىق ئەندىشىگە سالىدۇ.

شېكسپىرنىڭ دۇنياۋى تەسىرى نوقۇل شېكسپىر ئەسەرلىرىدىكى بەدىئىي كۈچنىڭ غەلىبىسى ئەمەس، ئەلۋەتتە. ئىنگلىزلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد، ھەربىي، مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئالەمشۇمۇل ئورنى شېكسپىرنى دۇنياۋى مىقياستىكى گىگانت سۈپىتىدە تونۇتقان. رۇسسىيىلىكلەر پۇشكىننى رۇس مىللىي روھىنىڭ بايرىقى، دەپ تونۇپ ئىزچىل كۆككە كۆتۈرۈپ كەلدى. رۇسلاردا قۇدرەتلىك ھەربىي كۈچ بار، بىراق ئۇلار ئۈچۈن پۇشكىن كەم بولسا بولمايتتى. بۈگۈنكى كۈندە قازاقلار ئابايىنى، ئۆزبېكلەر نەۋائىينى مىللىي روھىنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە جاھان مۇنبىرىگە ئېلىپ چىقىۋاتىدۇ. دېمەك، كىشىلەر دۇنياۋىيلىشىش ئېلىپ كېلىدىغان تەرەققىيات پۇرسەتلىرىنىڭ ئىچىدە مىللىي ئۆزلۈككە يېتىدىغان خەۋپنىمۇ سېزىشمەكتە. ئىقتىساد، سودا جەھەتتىكى رەھىمسىز رىقابەت ۋە تىنىمسىز يۈكسىلىش پائالىيىتى ئادەمگەرچىلىكنى يوقىتىدۇ، شۇنداقلا «غايە ۋاستىنى ئاقلايدۇ» قائىدىسىنى ئومۇملاشتۇرىدۇ. «غايە ۋاستىنى ئاقلايدۇ» قائىدىسى، مەقسىتىڭ توغرا بولسا ياخشى-يامان ۋاستىلەرنى قوللىنىشتىن باش تارتماسلىق لازىم، دېگەنلىك بولۇپ، بۇ، غەرب سىياسىيئونلىقىنىڭ ئاساسىي ئەنئەنىسى. بىر تەرەپتىن قارىغاندا، بۇ «ئۇرۇشنىڭ بىرى جەڭ، توققۇزى رەڭ» تەدبىرىنىڭ ئاشكارا نامايەندىسى. 500 يىل ئىلگىرى ماكياۋېللىي تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەزكۇر قائىدە 20-ئەسىردە سودا ساھەسىدە ئۇستىلىق بىلەن تەدبىقلىنىپ، 21-ئەسىردە ئۆزىنىڭ ۋەھىمىلىك ئەۋجىنى نامايان قىلىش ئالدىدا تۇرىدۇ.

21-ئەسىر مىللىي مەدەنىيىتىمىز تېخىمۇ قاتتىق سىناقلارغا دۇچ كېلىدىغان ئەسىر. ئەلۋەتتە، بىز مول مەدەنىيەت مىراسلىرىغا ۋە ئىجادىي روھقا ئىگە خەلقمىز. بىراق بىز ئۇلارنى ھېچقانچە قازمىدۇق.

ئامېرىكا خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى يىرىك سىياسىيئون ساموئېل خېنتىڭتون 21-ئەسىردىكى ئۇرۇش ئىقتىسادىي ياكى ئاڭ فورمىسى ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش بولماستىن، دەل مەدەنىيەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش، دەپ تەھلىل قىلىدۇ. مەدەنىيەت جەھەتتىكى قانۇنلۇق ئورنىنى يوقىتىپ قويغان مىللەت ھېچكىم قىزىقمايدىغان مىللەتكە ئايلىنىپ قالىدۇ، ھەتتا ئۇ ئۆزىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدىكى ۋەسىقىلىرىگە ئىگىدارلىق ھوقۇقىنى باشقىلارغا تارتقۇزۇپ قويىدۇ. نەۋائىي ۋە مىرزا ھەيدەرلەرنىڭ تار مىللىي تەۋەلىك غەۋغالىرىغا دۇچ كېلىشى بۇنىڭ بىر دەلىلى ئەمەسمۇ!؟

خىرىس ۋە رىقابەت ئالدىمىزدا. نۆۋەتتىكى مەسىلە مىللىي ئۆزلۈك ئوبرازىنى قانداق ساقلاپ قېلىش ۋە تۇرغۇزۇشتىن ئىبارەت.

---

ئاپتور: شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ دوتسېنتى(M1)

بايانات

ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ

نەشر ھوقۇقى ژۇرنىلىمىزغىلا تەۋە

www.uyghurkitap.com



# ئالتە كۈنلۈك پادىشاھ

(تارىخىي ھېكايە)

نۇرمۇھەممەت توختى

## 1

مىلادى 1918-يىلى، قىش.

قاراقاشتىن توپتوغرا بىر كۈنلۈك يىراقلىقتىكى، قاراقاش دەرياسىنىڭ بويىدىكى «لەمپە» دېگەن جاڭگالدا زاۋا مىڭلىكى، تاغ مىڭلىكى، بەھرام سۈيى مىڭلىكى، ماكۈي مىڭلىكى، كۈيا مىڭلىكى، قاراساي مىڭلىكىدىن ھەيدەپ كېلىنگەن يېرىم تۈمەندىن ئارتۇق ھاشارچى چۇمۇلىدەك مىغىلداپ يۈرەتتى. ئىزغىرىن سوغۇق نەشتەردەك سانچىلاتتى. توغراقلار گۈرسۈلدەپ يىقىلاتتى. كۆتەكلەر كولىناتتى. دۆڭلەر، قۇم بارخانلىرى تۈزلىنەتتى. ئۆستەڭلەر، ئېرىقلار چېپىلاتتى. قىر-تىگەنلەر سىلىناتتى. چاڭ-توزان ئۇچاتتى. كۆپ ئىشلىتىلگەن

ئەدەبىيات گۈلزارى

كەتمەنلەرنىڭ بىسلىرى كۈمۈشتەك پارقىرايتتى. چۆلنى بوستان قىلىش ئەمگىكىنىڭ ئۇلۇغۋار چۇقانلىرى ياڭرايتتى.

سالۋا تەلپەك، كۆرەك جۇۋىلىرىنى چاڭ باسقان ھاشارچىلار كەچكە يېقىن ئايدالاغا يېقىلغان گۈلخان چۆرىسىگە ئۆزلىرىنى تاشلىشىپ، ئېغىر ھاردۇق ئىچىدە لايدەك ئېزىلىپ ئۇيقۇغا كېتىشتى. گۈلخانغا ئۈستى-ئۈستىلەپ تاشلانغان توغراق ئوتۇنلىرى چاراسلاپ كۆيۈپ يالقۇن ھاسىل قىلاتتى. يالقۇن پەلەككە تىل سوزۇپ، كېچە قاراڭغۇسىنى قوغلىماقچى بولغاندەك ئەتراپقا نۇر چاچاتتى. لېكىن ئۇنىڭ يورۇقىنى قاراڭغۇلۇق يۇتۇپ كېتەتتى. ئېگىز ئاسمان، يىراق ئۇپۇق، مۇز تۇتقان دەريا، ئەبەدىي ئويغانماس دۆڭلەرنىمۇ قاراڭغۇلۇق يۇتۇپ كەتكەنىدى. گۈلخانغا ئوتۇن تاشلاپ ئولتۇرغان ئادەم دۈمبىسى توڭلاۋاتقانلىقىنى سەزدى. تاشلانمىغان تېرە جۇۋا سوغۇقنى توسۇپ قالالمىغانىدى. ئۇ، ئولتۇرغان يېرىدىلا بۇرۇلۇپ، گۈلخانغا ئارقىسىنى قىلدى. يىراق ۋە قېلىن قاراڭغۇلۇق ئىچىگە نەزەر تاشلىدى ۋە: «يۇتۇپ كېتىپتۇ، ھەممە نەرسىنى

ئەجدىھادەك يۇتۇپ كېتىپتۇ» دەپ ئويلىدى. ئۇ ئەۋۋەل گەدىنىگە، ئاندىن دۈمبىسىگە ئىسسىق ئۆتكەنلىكىنى سەزدى. لېكىن ئەمدى ئۇنىڭ قوللىرى، يۈزى، مەيدىسى توڭلاۋاتاتتى. ھاردۇق يەتكەن ئۇستىخانلىرى سىرقىراپ ئاغرىيتتى. كۆزلىرى ئىختىيارسىز يۇمۇلۇپ كېتەتتى. ئۇ يەنە بۇرۇلۇپ ئالدىنى گۇلخانغا قىلدى ۋە بېشىنى سىلكىپ بېسىپ كېلىۋاتقان ئۇيقۇنى قوغلىدى.

ئۇ، «بەھرام سۈيى» مىڭگىلىكىدىن — «ئاقساراي» نىڭ يېنىدىكى «ھالئېرىق» تىن كەلگەن راخمان «چۇراڭ» دېگەن ئادەم ئىدى. ئۇ مەدرىستىمۇ ئازراق ئوقۇغان، ئۇنىڭ ئۇستىگە تاختا گۆگۆت قىيىش ھۈنىرى بولغاچقا، كىشىلەر ئۇنى ئارقىدىن «راخمان گۆگۆت»، ئالدىدا بولسا «راخمان موللام» دەپ ئاتايتتى.

راخمان موللام ئورنىدىن تۇرۇپ گۇلخانغا يەنە بىر قوچاق ئوتۇن تاشلىدى، ئاندىن گۇلخاننى چۆرىدەپ ئۇيقۇغا كەتكەن يۇرتداشلىرىغا قاراپ قويدى-دە، يۈرۈپ كەتتى. ئۇ تېخى تۈزلىنىپ بولمىغان ئېگىز بىر دۆڭنىڭ ئۇستىگە چىقتى. ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ قارىدى. لەمپىدە يۈزلەپ گۇلخان تۇتەپ كۆيۈۋاتاتتى. ئاسمانغا قارىدى. ھۈكەر مەغرىبكە قىيشايغانىدى. راخمان موللام: «تۈن يېرىمدىن ئېشىپتۇ» دەپ ئويلىدى ۋە دۆڭدىن چۈشۈپ توغراقلىق ئىچىگە كىرىپ كەتتى. توغراق شاخلىرىنى قايرىپ، ئاۋايلاپ مېڭىپ ئورمانلىققا ئىچكىرىلەپ كىردى. كۆزى قاراڭغۇلۇققا كۆنۈپ قالغانىدى. ئىزدىگەن نىشانىنى ھايالشمايلا تاپتى. بۇ بىر تۈپ قېرى توغراق ئىدى. ئۈچ غۇلاچ ئېگىزلىكتىن غول ئايرىپ چىققان يوغان پۇتاقلىرى قارىيىپ كۆرۈنەتتى. راخمان موللام جۇۋىسىنى سېلىپ تاشلاپ مۇشۇكتەك چاققانلىق بىلەن توغراققا يامىشىپ چىقتى. توغراقنىڭ كاۋىكىغا قول سېلىپ، كونا بىر تاغارنى تارتىپ چىقاردى ۋە يەرگە تاشلىدى. تاغار يەرگە بوش تاراڭشىپ چۈشتى. ئىچىدە ئېغىر ۋە قاتتىق بىر نەرسە باردەك قىلاتتى. راخمان موللام توغراقتىن سېرىلىپ چۈشۈپ، جۇۋىسىنى كېيىپ بېلىنى باغلىدى. تاغارنى يۇدۇپ ئورمانلىقنىڭ ئىچى بىلەن «لەمپە مازار خوجام» تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى. تاغارغا قاچىلانغىنى ئۇ بۇنىڭدىن ئۈچ ھەپتە ئىلگىرى ئۆستەڭ چېپىۋاتقاندا تېپىۋالغان غەلىتە نەرسىلەر ئىدى. ئۆستەڭدىكى 3-چام ئۇنىڭغا بىر ئېگىز دۆڭلۈكتىن تەگدى. يۇرتداشلىرى، قوشنىلىرى ئۇنىڭ ئىككى يېنىدىن چام ئېلىشقانىدى. كىمنىڭ چېمى تۈگىسە، ئۇ يېڭى چامغا يۆتكىلەتتى. 3-چام يېرىملاشقان كۈنلەردە: «بۇ يەر كونا مازارلىق ئىكەن، پالانىنىڭ چېمىدىن ئادەم سۆڭەكلىرى چىقىپتۇ، پوكۇنچىغا مىس پۇل ۋە مارجان ئۇچراپتۇ» دېگەن گەپلەر پەيدا بولدى. بۇ، راخمان موللامنىڭ ئىشداشلىرى 4-پەشتاققا چۈشكەن چاغلار ئىدى. ئۇلار چاپقان توپىنى 3-پەشتاققا تاشلايتتى. 3-پەشتاق توشقاندا، ئۇ يەرگە يامىشىپ چىقىپ، ھېلىلا تاشلىغان توپىنى نۆۋەت بىلەن 2-پەشتاققا، 1-پەشتاققا تاشلايتتى، ئاخىرىدا بولسا چېپىلىۋاتقان ئۆستەڭنىڭ سىرتىغا ئىرغىتاتتى. راخمان موللام بولسا تېخىچە 3-پەشتاقتا ئىدى. كەتمىنىگە تولدۇرۇپ ئىرغىتقان نەم قۇم سېرىلىپ چۈشۈپ، ئىشنى ئىلگىرى باسقۇزمايۋاتاتتى. كەچكە يېقىن قوشنا چامدىكىلەر ئىشلىرىنى يىغىشتۇرۇۋاتقان چاغدا، ئۇنىڭ كەتمىنى قاتتىق بىر نەرسىگە داققىدە ئۇرۇلدى. ئۇ، كەتمىنىگە چىققان توپىنى ئىرغىتىپ 2-پەشتاققا تاشلىدى-دە، ھازىر كەتمەن سالغان يەرگە قارىدى. نەم، چىرىپ قارايغان تاختاينىڭ بىر بۇرجىكى كۆرۈندى. ئۇ، زوڭزىيىپ تاختاي ئۈستىدىكى توپىنى سىرىۋېتىپ دىققەت بىلەن كۆزەتتى، قولى بىلەن تارتىپ كۆردى، مىدىرلاي دېمەيتتى. ئۇ، كەتمەن بىلەن يەنە ئازىراق كولىدى. ئاخىرى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ياغاچ مىخ بىلەن مىخلىنىۋېتىلگەن ئۇزۇنچاق ساندۇق ئايان بولدى. قوشنىلار توڭ زاغرىلىرىنى غاجاش ئۈچۈن ئاللىبۇرۇن گۇلخان ياققان يەرگە كېتىشكەنىدى. كۈن بويى ئۆستەڭ قىرىدا ئايلىنىپ، قامچا شىلتىپ يۈرۈدىغان بەگ-دورغىلارمۇ كۆرۈنمەيتتى. راخمان موللام نېمىنىدۇر ئويلاپ، ئىچىدە ئاللىقانداق بىر ئايەتنى ئوقۇپ، كەتمەننىڭ بىسى بىلەن قايرىپ ساندۇقنى ئاچتى. ساندۇق ئىچىدىن يات، سېسىق ھىد بىخسىدى. چىرىپ قۇرۇق سۆڭەككە ئايلانغان ئىسكىلىت قارىيىپ كۆرۈندى. راخمان موللامنىڭ ۋۇجۇدىغا قورقۇنچ ئولىشىپ، باش تېرىلىرى تارتىشتى ۋە چاچلىرى تىك تۇرۇپ كەتتى. ئىسكىلىتنىڭ يېنىدا يەنە نېمىلەردۇر باردەك كۆرۈنەتتى. راخمان موللام قورقۇپ تۇرسىمۇ، يەنە ئاللىقانداق بىر قىزىقىش ئىچىدە قولىنى ساندۇق ئىچىگە تىقىپ تۇتۇپ كۆردى. مېتالنىڭ مۇزدەك سوغۇق ۋە سىيلىقلىقى سېزىلدى. «ئالتۇن — بايلىق؟» راخمان موللامنىڭ يۈرىكى دۈپۈلدەپ كەتتى، نەپەسلىرى تېزلەشتى. «بىرەرسى كۆرۈپ قالمىغىيدى، خۇدا يات كۆزلەرنى يىراق قىل» دەپ تىلەيتتى ئۇ ئىچىدە. ئەنسىرەش ئورۇنسىز ئىدى. گۆگۈم ئۇنىڭ بىلەن يات كۆزلەر ئارىسىغا ئاللىقاچان قېلىن دەرپەردە بولۇپ تارتىلغاندى. ئۇ ھاياجان ۋە تەقەززالىق ئىچىدە ئۆستەڭ سىرتىغا يامىشىپ چىقىپ، ئۆزى بىلەن دائىم بىللە ئېلىپ يۈرۈدىغان تاغىرىنى ئېلىپ چۈشتى. ئۇ، ساندۇق ئىچىدىكى ئىسكىلىتتىن باشقا ھەممە نەرسىنى تاغارغا سالدى. چۈۋۇلۇپ كەتكەن ساندۇق پارچىلىرى بىلەن پارچە-پارچە سۆڭەكلەرنى پۇتۇپ بولغان قوشنا چامنىڭ تېگىگە كۆمدى. مۇشۇ ئىشلارنى ئالدىراش تۈگەتكەندىن كېيىن، تاغارنى يۇدۇپ ئۆستەڭنىڭ يەنە بىر تەرىپىدىكى قېلىن توغراقلىققا يوشۇرۇپ قويدى. شۇ چاغدىلا ئۇنىڭ يۈرەك سوقۇشلىرى سەل پەسەيگەندەك بولدى. ئۇ، تاغار ئىچىدىكى

www.uyghurkitap.com

نەرسىلەرنى ئالتۇن، دەپ ئويلايتتى. ئەتىسى چۈشتىن كېيىن راخمان موللام: «كېچە توغراقلىقتا قىسماق سالغانتىم، توشقان دەسسىدىمۇ-يوق، قاراپ باقسام» دەپ، يۈز بېشىدىن رۇخسەت سوراپ، تاغارنىڭ يېنىغا كەلگەندە پۈتۈنلەي ئۈمىدسىزلەندى.

ئۇ ئالتۇن، دەپ ئويلىغان نەرسىلەر بىر مىس دۇبۇلغا، تۆمۈر قوياقلىق ساۋۇت ۋە دات باسقان قىلىچ بولۇپ چىقتى. قىلىچنى غىلاپتىن سۇغارغىلى بولمايتتى. دۇبۇلغىنىڭ مىسى بولسا، ئۇسىمدەك كۆكىرىپ تۇراتتى. ئۇ ھەيران بولدى. ئاللانىڭ ئۆزىگە بايلىق ئەمەس، قىلىچ ئاتا قىلغىنىدىن ھەيران بولاتتى. ئۇ، مۇشۇ ھەقتە ئۇزۇن ئويلاپ قالدى. بۇلارنى كېرەكسىز نەرسە دېگىلى بولمايتتى.

ئۇ، بۇ نەرسىلەرنى تاغارغا قايتىدىن قاچىلىدى ۋە مەخپىي رەۋىشتە 3-چامدىن 4-چامغا، ئۇ يەردىن بوز يەر ئاچىدىغان لەمپىگە يۆتكەپ كەلدى. مانا ھازىر ئۇ يەنە يۆتكەپ كېتىۋاتاتتى. مۇشۇ توغراقلارمۇ ئەتە-ئۆگۈن كېسىلىشى، كۆتەكلىرى كولىنىشى، يەرگە ئايلاندۇرۇلۇشى مۇمكىن ئىدى. بەگ-دورغىلارنىڭ تۈنۈگۈندىن بېرى ئورمانلىقتا چام ئۆلچەپ، بەلگە قويۇپ، يۇرت-يۇرتلارغا تەقسىم قىلىپ يۈرۈشى شۇنىڭدىن دېرەك بېرەتتى. راخمان موللام ئۆزىنىڭ بۇ تەۋەررۇكلىرىنى تاشلىۋېتەلمەيتتى. تىلەك-ئىلتىجاسىز ئاتا قىلىنغان ئاشۇ نەرسىلەر ئۇنى چوڭقۇر ئويلارغا سېلىپ، قانداقتۇر بىر ئىش قىلىشقا ئۈندەۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. شۇڭا، بۇ نەرسىلەرنى ساقلاش، ئېچىلماقچى بولغان يەردىن، كېسىلمەكچى بولغان توغراقنىڭ كاۋىكىدىن يۆتكىۋېتىش كېرەك ئىدى. ئۇ تۈنۈگۈن بىر چاغلاردا مەدرىستە بىللە ئوقۇغان ساۋاقدىشى، ھازىر «لەمپە مازار خوجام»غا ئىگىدارچىلىق قىلىۋاتقان سېلىم شەيخ بىلەن كېلىشىپ قويغانىدى. بۇ نەرسىلەر ئاشۇ تەقۋادار شەيخنىڭ ھۇجرىسىدىلا ئەڭ بىخەتەر تۇرۇشى مۇمكىن ئىدى.

## 2

خېلى بۇرۇنقى چاغلاردا، قاراقاش شەھىرىدىن بىر كۈنلۈك يىراقلىقتا، دەريا بويىدىكى جاڭگالدا قوي باقىدىغان بىر قويچى توغراقلىقتىن تۈۋرۈك، بادىرلارنى كېسىپ مۇشۇ يەرگە بىر چەللە ياساپتۇ. چەللە ئاپتاپنى توسالايدىكەن، لېكىن قار-يامغۇرغا دال بولالمايدىكەن. قويچى دەريا قىرغاقلىرىدىن يېكەن-مىسىل ئورۇپ، سېغىز چىقىرىپ چەللىنىڭ ئۈستىنى سۇۋاپتۇ. ئەمدى ئۇ لەمپىگە ئايلىنىپتۇ. قويچى ئەسلى بۇ لەمپىنى ئوتلاپ تويغان، قۇملۇقتا كۆشەپ ياتىدىغان قويلىرىنىڭ ئاپتاپتا، بوران-يامغۇردا قالماسلىقى ئۈچۈن ياسىغانىكەن. كىم بىلسۇن، كۆپ ئۆتمەي بۇ لەمپە «خوتەن قەيىيى يولى»نىڭ مۇشۇ تارمىقى بىلەن ئاقسۇ- كۇچاغا، ئاقسۇ-كۇچادىن خوتەنگە ماڭىدىغان كارۋاننىڭ قونالغۇسىغا ئايلىنىپتۇ. ئۇياقتىن ماڭغانلارنىڭ ئاخىرقى قونالغۇسى، بۇياقتىن يولغا چىققانلارنىڭ تۇنجى قونالغۇسى مۇشۇ لەمپىدە بولىدىكەن. كارۋان يۈك ئارتىلغان ئات-قېچىرلىرىنى، ئېشەك-تۆگىلىرىنى مۇشۇ لەمپىگە باغلايدىكەن. «لەمپىدە قوندۇق»، «لەمپىدىن يولغا چىققان» دەپ سۆزلىشىدىكەن. شۇنداق قىلىپ، بۇ يەرنىڭ ئىسمى «لەمپە»گە ئايلىنىپتۇ. قويچى ئاقكۆڭۈل كىشى ئىكەن. كارۋان ئۈچۈن قىشلىقى ئوتۇن تەييارلاپ، يازلىقى چاي قاينىتىپ قويىدىكەن. سەپەرگە ماڭغانلارغا ئاق يول تىلەپ، سەپەردىن يانغانلاردىن ھاردۇق سورايدىكەن. ئۇ ئاق يول تىلىگەنلەر تىنچ-ئامان مەنزىلگە يېتىپ بارىدىكەن. ئۇ ھاردۇق سورىغانلارنىڭ ھاردۇقى شۇزامات چىقىپ قالىدىكەن. يىللار ئۆتۈپ قويچى ۋاپات بوپتۇ. كارۋان يولىنىڭ بويىغا دەپنە قىلىنىپتۇ. بېشىغا توغ-ئەلەملىك خادا تىكلىنىپتۇ. ئۆتكەن-كەچكەن كارۋانلار ئۇنىڭ قەبرىسىگە دۇئا قىلىپ ماڭىدىكەن. كېيىنكى چاغلاردا، تىرىكلىكىدە قىلغان ياخشى ئەمەللىرىگە يارىشا قويچىنىڭ قەبرىسى «لەمپە مازار خوجام» دەپ ئاتىلىپتۇ. «مازار خوجام» پەيدا بولغانىكەن، شەيخمۇ پەيدا بوپتۇ. تاۋابچىلار كېلىشكە باشلاپتۇ. خانىقا-ھۇجرىلارمۇ سالدۇرۇلۇپتۇ. توغ-ئەلەملىك خادىلار، خادىلارغا چىگىپ قويۇلغان ئاق رەڭلىك لاتىلار، سامان تىقىلغان تۇلۇملار، قەبرە ئەتراپىدا ئۆسۈپ كەتكەن توغراق، يۇلغۇن ۋە قومۇشلار «مازار خوجام»غا سىر-ئىناۋەت بېغىشلاپ تۇرىدىغان بوپتۇ...

كىشىلەر «لەمپە مازار خوجام» دەپ ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالىدىغان مازار مانا شۇ ئىدى. تاغار يۈدۈۋالغان راخمان موللام ئۆزىنى گۈلخان يورۇقىدىن قاچۇرۇپ «لەمپە مازار خوجام»نىڭ سالاسۇنلۇق قەبرىسى يېنىغا يېتىپ كەلدى. سوغۇق شامال خادىلارغا چىگىپ قويۇلغان لاتىلارنى بوش لەپىلدىتىپ تۇراتتى. لاتىلاردىن «لېپ-لېپ» قىلغان ئاۋاز چىقاتتى. قەبرە ئەتراپىدىكى قاراڭغۇلۇق تەننى شۈركەندۈرەتتى. راخمان موللام ئۇدۇللا خانىقانىڭ دەرۋازىسىدىن كىرىپ، سېلىم شەيخنىڭ ھۇجرىسىنى چەكمەكچى بولدىيۇ، لېكىن نېمىنىدۇر ئويلاپ توختاپ قالدى. سالاسۇنلۇق قەبرىدىن سەل يانغىراق ئۆتۈپ تاغارنى يەرگە قويدى. ئۇنىڭ ئالدىدا تېخى تۈنۈگۈنلا كۆتۈرۈلگەن يېڭى قەبرە قارىيىپ كۆرۈندى. ئۇ، قەبرە ئالدىغا يۈكۈنۈپ ئىخلاس بىلەن دۇئا قىلدى. بۇ، تۈنۈگۈن كېچە توڭلاپ ئۆلگەن يەتتە كىشىنىڭ بىرى، ئۇنىڭ يۇرتدىشى ھەسەنكامنىڭ قەبرىسى ئىدى. ئۇرۇق-تۇغقانلىرى يوق، ئىگە-چاقىسىز، بالا-ۋاقىسىز، ھەسەنكام ئۆزىنىڭ تۆت مويېرىگە تايىنىپ تىرىكچىلىك قىلاتتى. ئاشۇ تۆت مو يەر ئۇنىمۇ لەمپىگە سۆرەپ كەلگەنىدى. نېمە بولغان گۈلخاندىن يىراق يېتىپ قالغانمۇ ياكى ئوت ئۆچۈپ

قالغانمۇ، ئۇ، سەھەردە ئورنىدىن تۇرمىدى. شۇ كۈنى يەتتە كىشى ئورنىدىن تۇرمىغانىدى. باشقىلارنى ئۇرۇق-تۇغقانلىرى يىغلاپ-قاقشاپ، بەگنىڭ ئىككى كۈنلۈك رۇخستى بىلەن جىيغىنغا سېلىپ يۇرتلىرىغا ئەپچىقىپ كېتىشتى. ھەسىنكاملا بۇ يەرگە دەپنە قىلىندى. ئەپچىقىپ كېتىدىغان ئۇرۇق-تۇغقانلىرى يوق ئىدى. ئۇنى راخمان موللام قاتارلىق يۇرتداشلىرى يەرلىككە قويدى. قۇملۇقتىن ئىچ يەرلىك ئېچىش مۇمكىن ئەمەسكەن. ئۇلار سېلىم شەيخنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە قۇمساز يەردىن كاتەك كولىدى. كاتەكنىڭ تۆت تەرىپىنى ياغاچ، شاخ-شۇمبىلار بىلەن توستى. كاتەك ئەمدى خۇددى يەرگە چوڭقۇر پاتۇرۇپ قويۇلغان سولاقمىغا ئوخشاپ قالدى. ئۇلار ھەسىنكامنىڭ جەسىتىنى ئاشۇ سولاقمىنىڭ ئىچىگە سېلىپ، ئۈستىنى يەنە توغراق بادرىسى ۋە شاخ-شۇمبىلار بىلەن ياپتى، قۇم بىلەن كۆمۈپ، ئۈستىگە قۇم دۆۋىلەپ قويدى... جەسىتى چۆلدە قالغان بىچارىگە ئادەمنىڭ ئىچى ئاغرىيتتى. راخمان موللام ئۇنىڭ روھىغا ئاتاپ ئۇزۇن دۇئا قىلدى.

- كەلدىڭمۇ؟

راخمان موللام چۆچۈپ كەتتى. ئۇنىڭ يېنىدىلا سېلىم شەيخ تۇراتتى.

- ھەئە. سىلىگە دېگەن ھېلىقى نەرسىلەرنىمۇ ئەكەلدىم.

- توڭۇپ كەتكەنلا، ھوجرىغا كىرىپ كېتەيلى.

- ماقۇل.

راخمان موللام ئورنىدىن تۇردى ۋە تاغىرىنى كۆتۈرۈپ سېلىم شەيخكە ئەگەشتى.

«تىۋەت»لىك يۇۋاش دېھقاننىڭ ئوغلى سېلىم قاراقاشتىكى مەدرىسلەردە بىر مەزگىل يۈرگەندىن كېيىن، قەشقەرگە ئۆتۈپ ئىلىم تەھسىل قىلدى. مەدرىسلەرنىڭ سوغۇق ۋە قاراڭغۇ ھوجرىلىرىدا ئون يىلچە جاپا چەكتى. مەشھۇر ئابدۇقادىر داموللامنىڭ تاش مەتبەئەدە بېسىلغان كىتابلىرىنى ئوقىدى ۋە ئۇنىڭ دەرسلىرىنى ئاڭلىدى. ئەجرىگە لايىق ئىرشاتمۇ ئالدى. ۋاھالەنكى ئۇ قاراقاشقا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن بىرەر مەدرىسنىڭ مۇدەررىسلىكىگىمۇ، كىچىك مەسچىتنىڭ ئىماملىقىغىمۇ تەكلىپ قىلىنمىدى. بىرەر پۇرسەت چىقىپ ئۇ مەسچىتلەردە ياكى مېيىت نامىزى چىقىرىلغان جايلاردا دەرس مۇكالىم قىلسا، نېمىشقىدۇر ئۇنىڭ دېگەنلىرى شۇ كۈنىلا «مەھكىمە شەرئىي»گە يېتىپ باراتتى. كېيىنرەك ئۇنى «جەدىت» دەپ ئەيىبلەشتى ۋە ئۈچ كۈن سولاپ قويۇشتى. بىپايان قاراقاش ئۇنىڭغا تار كەلدى. ئاخىرى جاھان غەۋغالىرىدىن قول ئۈزۈپ، «لەمپە مازارخوجام»غا كېلىپ ئۇزۇن ساقاللىق شەيخكە ئايلانغانىدى. يەر ئاچقۇچىلارنىڭ غەلۋە-چۇقانلىرىنىڭ لەمپىگىچە قوغلاپ كېلىشىنى كىم ئويلىغان؟ مانا ئەمدى راخمان موللام قانداقتۇر بىر مەخپىي نەرسىنى ساقلاپ بېرىشىنى سوراۋاتىدۇ. پاختىغا يۆگەلگەن چوغمۇ؟ غەۋغاغا سۆرەپ كىرىدىغان ئارقانمۇ؟ ئۇلۇغ تەڭرى تائالا سېلىم شەيخنى ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي...

ھوجرا گۆردەك قاراڭغۇ ۋە سوغۇق ئىدى. ئوتى ئۆچۈپ قالغان مورا ئوچاقتا ئاخىرقى چوغلار پىلىلداپ تۇراتتى. سېلىم شەيخ تىمىسقىلاپ يۈرۈپ تاختا گۈگۈتنى تاپتى ۋە ئۇنى يىرىپ چوغقا تۇتتى. كۆكۈش يالقۇن كۆتۈرۈلدى. گۈڭگۈرتنىڭ ئاچچىق ھىدى تارقالدى. سېلىم شەيخ تاختا گۈگۈتتا تۇتاشقان يالقۇندا قارا چىراغنى ياقتى. ھوجرا يورۇپ كەتتى. ئارقىدىن ئۇ مورا ئوچاققا ئوتۇن تاشلاپ، چوغلارنى ئوتۇنلارنىڭ ئاستىغا ئىتتىرىپ قويدى ۋە بۇرۇلۇپ مېھمىنىغا قارىدى. راخمان موللام تېخىچە ئۆرە تۇراتتى، چىراغ شولىسىدا ئۇنىڭ سايىسى كەينىدىكى تامغا چۈشۈپ تۇراتتى. ئېگىز، تەمبەل، قىزىل كوس ئاشۇ ئادەمنىڭ سىم بۇرۇتلىرى، قويۇق ساقاللىرى پارقىرايتتى.

- ئوڭ پۇتقا ئۆتسىلە، - تەكلىپ قىلدى سېلىم شەيخ.

- خوش، - تەكەللۇپ قىلدى راخمان موللام ۋە كىچىككىنە ھوجرىنىڭ سۆكسىگە چىقىپ، ئوچاقنىڭ ئوڭ پۇت تەرىپىگە يۈكۈندى. ئوچاقنىڭ يېنىغا قويۇپ قويۇلغان تاختا گۈگۈتقا تىكىلىپ قارىدى:

- گۈگۈتلىرى بار ئىكەن؟

- بولمامدىغان. قاراقاشنىڭ ئوچاقلىرى سىلىنىڭ گۈگۈتلىرى بىلەنلا يالقۇن كۆرۈدۇ. قاراقاشنىڭ چىراغلىرى سىلىنىڭ گۈگۈتلىرى بىلەنلا نۇر چاچىدۇ...

راخمان موللام ئەلەملىك كۈلۈمسىرىدى. گۈگۈتچىلىق ئۇنىڭ ئاتا مىراس ھۈنىرى ئىدى. ئۇ چاغلاردا تېخى ئورۇس گۈگۈتى (سەرەڭگە) ئومۇملاشمىغان بولۇپ، كىشىلەر چوغنى كۆمۈپ ساقلايتتى. چوغ ئۆچۈپ قالغان چاغلاردا بولسا، قاتتىق سۇغۇرۇلغان تۆمۈر پارچىسىنى ئاق تاشقا ئۇرۇپ، ئۇچقۇن چىقىرىپ، چىگە پاختىلىرىغا تۇتاشتۇرۇۋالاتتى. چوغنىمۇ، چىگە پاختىلىرىغا تۇتاشتۇرۇۋېلىنغان ئۇچقۇننىمۇ ئۇزاق پۈۋلەشكە، مىڭبىر چارىلەرنى قىلىپ كۆچەيتىشكە توغرا كېلەتتى. پېشانەڭ ئوڭدىن كەلسە، يالقۇنغا ئايلىناتتى، بولمىسا، چوغمۇ-ئۇچقۇنمۇ پۈۋلەشتىن ئېرىپ يوق بولۇپ كېتەتتى. يېقىنقى يىللاردا راخمان موللامنىڭ تاختا گۈگۈت ياساش ھۈنىرى راسا روناق تاپقانىدى. دېھقانچىلىقنىڭ سېلىككەن چاغلىرىدا گۈگۈت ياساپ يۇرتمۇ يۇرت، بازارمۇ بازار ئاپىرىپ ساتاتتى. ئوت پۈۋلەپ يۈزلىرىگە قورۇق چۈشكەن خوتۇنلار ئۇنى جان دەپ سېتىۋالاتتى. ئۇ باھا تالىشىپ يۈرمەيتتى. گۈگۈت ئۈچۈن پۇل بېرەمدۇ، بۇغداي، قوناق بېرەمدۇ، گۈلە-قاق بېرەمدۇ، ئېلىۋېرەتتى. كۈلۈمسىرەپ، چاقچاقلى-

www.uyghurkitap.com

شىپ يۈرۈپ ساتاتتى. قاراقاشلىقلار ئۇنىڭ «چۇراڭ» دېگەن لەقىمىنى ئۇنتۇشقاندەك كۆپرەك موللام، دەپ چاقىراتتى. موللا سىياقى ياكى موللىچىلىقى يوق ئىدى. نېمە ئۈچۈن موللام، دەپ ئاتاشقانلىرىنى راخمان گۇگۇتچىنىڭ ئۆزىمۇ چۈشەنمەيتتى. مانا شۇ راخمان موللام گۇگۇت توغرىسىدىكى گەپ چىقىشى بىلەن ئەلەملىك كۈلۈمسىرىدى:

— ئەمدى مانا كۆرۈپ تۇرۇپلا، گۇگۇتچىلىقىمىز بورانغا ئۇچتى. دۇكانغا كىرگىلى نەدە چول؟ يەر ئېچىپ ئاقسۇغا يەتكەندىلا توختايدىغاندەك تۇرىمىز . بەگلىرىمىز ھېچ بولدى قىلىدىغاندەك ئەمەس.

— كۆپ جاپا چېكىشتىلە، — دېدى سېلىم شەيخ.

ئۇ، تاختا گۇگۇتتىن ئازراق يىرىپ ئوچاقتىكى چوغقا تۇتتى. كۆكۈش يالقۇن پەيدا بولۇپ، قىزىغان ئوتۇنغا گۈپپىدە ئوت تۇتاشتى.

— جاپانىڭ نېمىسىنى دەيلا، لېكىن ئوغۇلبالا جاپاغا چىدايدۇ، ناھەقچىلىققا چىدىمايدۇ. بەگلىرىم نېمە كويدا، بىز نېمە ئويدا. ھېسابلاپ كۆرسەم بۇ يىل ئۆيدە تۇرغان كۈنۈم يېرىم يىلغىمۇ يەتمەيدىكەن. ئەتىيازدا ئەپرۇزگۇڭخوجا «يالغۇز ئوغۇل» دېگەن جايدا ئۆستەڭ چاپتۇرۇپ، «يالغۇز ئوغۇل مازىرى» نىڭ يېنىدىكى كۆلگە سۇ سالغىلى سالدى. ئارقىدىنلا «بەھرام سۈيى» ئۆستىڭىنى چېپىپ چىقتۇق. كەلكۈن كېلىۋىدى يەنە دەرياغا ھەيدىدى. كەلكۈن توختىۋىدى، يەنە دەرياغا قۇم تۇغ سالغىلى ماڭدۇق. ئاشۇ «كوھمارىم» نىڭ يېنىدا، قۇيرۇقلۇق ئادەملەر ياشايدىغان « ئۇچات» نىڭ يېنىدا دەرياغا قۇم تۇغ سالدۇق. ئارقىدىنلا بۇ يەرگە ھەيدەشتى. بىر كەتمەنلىك يەرگە بىر ھاشار دېيىشتى. ئەمەلىيەتتە ئۆستەڭ چېپىشقا، بوز يەر ئېچىشقا ئىشلەۋاتقانلار كىم؟ بايلارنىڭ، بەگلەرنىڭ بالىلىرى كەلدىمۇ؟ ئۇلارنىڭ ئون كەتمەنلىك، 100كەتمەنلىك يەرلىرى بارتىغۇ؟ گۇڭ خوجىلاردىن، ئېگىز ئېرىق خوجىلاردىن ھېچكىم يوق. بەگ-دورغىلارنىڭ بالا-چاقىلىرى تۇگۇل ئورۇق-تۇغقانلىرىمۇ كەلمىدى. ئېچىلغان يەر كىمگە كېرەك؟ چىڭ دارىنغا، ئەپرۇزگۇڭخوجىغا، تۇرسۇنبەگ تۇڭچىغا كېرەك. بىدە تېرىماقچىمىش. ئوتاققا سېتىپ ھوسۇلىنى تەڭ بۆلۈشمەكچىمىش. ئەمما بىزنىڭ بەللەر يادەك ئېگىلدى، قوللاردىن قان ئاقتى. بىز جاپا ئەمەس، زۇلۇم-ئازاب تارتىۋاتىمىز. ئېيتسىلا ھەزرىتىم، بۇ زۇلۇم، بۇ ئازاب-ئوقۇبەتنىڭ پايانى بارمۇ؟ ئازاب-ئوقۇبەت قاچان تۈگەيدۇ؟ — راخمان موللام ھاياجانلىنىپ كەتكەنىدى. ئىچىدىكى دەردىنى بىراقلا تۆكۈپ تاشلىدى، — ئېيتسىلىچۇ، بۇ ئازاب-ئوقۇبەت قاچان تۈگەيدۇ؟

— ئۆزلىرىنى بېسىۋالسىلا موللام، ھاياجانلىنىشنىڭ ھاجىتى يوق. بۇ ئاشۇنداق ئازاب-ئوقۇبەتلىك دۇنيا. بۇ دۇنيادا ئازاب-ئوقۇبەتنىڭ تۈگەيدىغانلىقى توغرىسىدا ھېچقانداق كىتابتا يېزىلمىغان. «قۇرئان كەرىم» دىمۇ، «ھەدىس شەرىف» تىمۇ يېزىلمىغان. تەڭسىزلىك، باراۋەرسىزلىك، ئادالەتسىزلىكنىڭ تۈگەيدىغانلىقى توغرىسىدا كىتابلاردا ھېچنېمە يوق. ئۇلار تۈگىمىگەنىكەن، ئازاب-ئوقۇبەتمۇ تۈگىمەيدۇ. ئازاب-ئوقۇبەت تۈگەيدىغان دۇنيا باقىي ئالەمدە، ئۇ باقىي ئالەمدىلا تۈگەيدۇ، موللام. . .

— ئوغۇ شۇنداقتۇ تەقسىر. ئەمما مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم: مۇنۇ ھاشار قاچان تۈگەيدۇ؟ ئاڭلىغانلا، ياش باللار ئاقسۇ-كۇچالارغا قېچىۋاتىدۇ. قېرى، ئاجىز، يىلىڭلار توڭلاپ ئۆلۈۋاتىدۇ. ئالدىنقى بىر كۈنى ئۈچ ئادەم توڭلاپ قاپتۇ، دېيىشكەن. كۆز كۆرمىدى ، دەپ ئىشەنمىدۇق. تۈنۈگۈن توڭلاپ قالغانلارنى ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆردۇق. ھەسسىنىكامنى ئۆز قولىمىز بىلەن كۆمدۇق. توڭلاپ ئۆلۈش نۆۋىتى ماڭا كەلمەسمۇ؟ . . ئۆزلىرى ئالىم، پازىل ئادەم، ئېيتسىلىچۇ، بۇ پۈتمەس ھاشار قاچان تۈگەيدۇ؟ مۇنۇ سوغۇق، ئاچلىق، قامچا، توقماق قاچان تۈگەيدۇ؟ . . .

راخمان موللام راستتىنلا ھاياجانلانغانىدى. ئوچاقتا گۇرۇلدەپ كۆيۈۋاتقان ئوتنىڭ يورۇقىدا يۈزلىرى تېخىمۇ قىزىرىپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى. نەپەسلىرى تېز ۋە ئېغىر ئىدى. ئوچاققا قاراپ ئولتۇرغان سېلىم شەيخ خېلىدىن كېيىن ئېغىز ئاچتى.

— ئەھۋال ئۆزلىرى دېگەندەك، موللام. كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمەن، كۆپلەر بىلەنمۇ سۆزلەشتىم، ھەممە كىشى ئاغرىنىۋاتىدۇ. قاراقىشتا نېمە تارتقۇلۇق بۇ ئۇلارغا؟ قامچىلىنىۋاتقان، توڭلاپ ئۆلۈۋاتقان، قېچىۋاتقان، قاچقانلارنىڭ ئورنىغا خوتۇن، بالا-چاقىلىرى تۇتۇپ كېلىنىۋاتقان، ئالۋاڭ ئۈستىگە ئالۋاڭ سېلىنىۋاتقان . . . ئالدىنقى كۈنى ماكۇي مىڭلىكىدىن كەلگەن بىرياشبالائەتراپىدىكىلەرگە: «تاللىرىم كۆمۈكسىز ئىدى، ئۈششۈپ كېتەرمۇ؟» دەۋاتقاندا، بەگ ئاڭلاپ قاپتۇ. «سەن تالنى باھانە قىلىپ بوز يەر ئېچىشتىن قاچماقچىمۇ؟» دەپ ئەپرۇز گۇڭ خوجىنىڭ ئۆزى قامچىلاپ كېتىپتۇ. بالا قېچىپتۇ. بەگ قوغلاپ يۈرۈپ باش -كۆزلىرى قانغا بويالغۇچە ئۇرۇپتۇ. . . كۆرسىلە، بۇ نېمە قىلىق؟ بىچارىلەرنىڭ ھالىغا، كۆز ياشلىرىغا قاراپ ئادەمنىڭ ئىچى سىرىلىدۇ. ھېچكىم ھايۋانغىمۇ بۇنچىلىك ئېغىرلىق سالماس. قارا قىشتا توڭۇپ قالمىسۇن دەپ ئېغىللارنى چۈمكەپ، ھايۋانغىمۇ ئۇچۇلۇق ئارتىپ قويۇشىدىغۇ. مۇنۇ قەھرىتاندا ئايدالادا يېتىۋاتقانلار بىلەن كىمنىڭ كارى بولدى؟ ئۇلارنىڭ يەۋاتقانلىرىچۇ تېخى. ئون كۈندە بىر قېتىم ئۆيدىن كىرگۈزگەن توڭ زاغرا، چىش ئۆتەمدۇ؟ بىچارىلەر نان كاۋاب قىلدۇق ، دەپ ئوتقا قاقلاپ ئاران ئىسسىتىشىدۇ. كاچكۇلدىن ھېلىلا

ئۇسقان مۇز ئارىلاش سۇنى غۇرتۇلدىتىپ ئىچمەكتىن باشقا ئىلاجى يوق. كېسەل، سوغۇق، ئاچلىق، قامچا، ئېغىر ئەمگەك ئۇلارنى قىيىنىماقتا. چىلڭ دارىنغۇ رەھىم قىلمىسۇن، ئەپرۇز گۈلڭ خوجا بولسىمۇ تۆت ئېغىز ياخشى گەپ قىلىپ، بوز يەرنى يەر-جاھان ئىسسىغاندا ئاچايلى، دېسە بولمامدۇ؟..

. قەشقەردىكى دوتەي يامۇل يىراقكەن، ئاستانە تېخىمۇ يىراق. خەلقنىڭ ئاھ -زارىنى كىم ئاڭلايدۇ؟ ئۆتۈپ كېتەر، بۇ كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كېتەر، موللام. شۈكرى قىلايلى. ئاللا بەندىسىنى مۈشكۈلاتتىن خالاس ئېتەر، ئېغىر كۈندىن قۇتۇلدۇرار، شۈكرى قىلايلى...

— شۈكرى قىلماق ئاسان، زۇلۇمغا چىدىماق تەس، ھەزرىتىم. ئەمدىكى گەپنى دېيىشەيلى. بۇ ئىشلاردىن قۇتۇلماقنىڭ بىرەر يولى يوقمۇ؟

— قاچاي دەملا؟

— ياق، مەن بىر ئادەمنىڭ ئىشى باشقا گەپ، مەن ئاشۇ ھاشارچىلارنىڭ ھەممىسىنى نەزەردە تۇتۇۋاتىمەن.

— يول تېپىلىدۇ، موللام. پەقەت بىر ئوغۇلبالاكىرەك، جىگەرلىك، قورقۇمسىز بىر مەردانە كىرەك.

— قەشقەرگە — دوتەي يامۇلغا بېرىپ ئەرز قىلغىلىمۇ؟

— ياق، مېنىڭچە، سۇنىڭ بېشى لاي، ئەرز قىلغاننىڭ پايدىسى يوق. چاشقاننىڭ ئەرزى مۈشۈككە چۈشىدۇ. قايسى مۈشۈك چاشقاننىڭ ھالىغا يەتكەن؟ بۇ ،يول ئەمەس...

— ئۇنداقتا، مەردانە يىگىت نېمىگە كىرەك؟

— خەلقنى باشلاشقا! بىلەملا، بۇ يىل شاھ ئالمىشىدىغان يىل. بۇ يىل يېڭى پادىشاھ تەختكە ئولتۇرىدۇ. ئەگەر خىزىر ئەلەيھىسسالامنىڭ نەزەرى چۈشكەن بولسا، خەلقنى باشلاپ چىققان ئاشۇ ئەزىمەت خەلقنى زۇلۇم-ستەمدىن قۇتۇلدۇرۇپلا قالماي، شاھ بولۇپ قېلىشىمۇ مۇمكىن. ھېچ بولمىغاندىمۇ ئۇ خەلقنى ھاشارنىڭ زۇلمىدىن قۇتۇلدۇرىدۇ...

— شاھ ئالمىشىدۇ دېسىلە؟

— شۇنداق.

شەيخ ھەزرىتىم مورا ئوچاققا يەنە ئوتۇن سالدى. ئوت گۇرۇلدەپ كۆيەتتى. ئاشۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار يەنە ئۇزاق پاراڭلاشتى. سېلىم شەيخ بۇنىڭدىن ئىككى ئايچە ئىلگىرى ھىندىستان تەرەپتىن ئۆتۈپ، «خوتەن قەيىي» يولىنىڭ مۇشۇ تارمىقى بىلەن ئاقسۇ تەرەپكە كەتكەن، مۇشۇ ھۇجرىدا قونۇپ ئۆتكەن بىر تەڭداشسىز ئەۋلىيانىڭ «بۇ يىل شاھ يەڭگۈشلىنىدىغان يىل» دېگەن گېپى توغرىسىدا تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى. ئۇنىڭ دېيىشىچە ، ھەممە ئاللامەتلەر شۇنىڭغا توغرا كېلەرمىش. پالنامىلاردىمۇ، كارامەت كىتابلىرىدىمۇ شۇنداق يېزىلغانمىش..

. سۆھبەت بىر يەرگە بارغاندا، راخمان موللام تاغاردىكى ھېلىقى دۇبۇلغا، ساۋۇت، قىلىچلارنى سېلىم شەيخكە كۆرسەتتى. شەيخ ھەزرەت ھەيران قالدى ۋە ئۇزاق يىللار پىنھاندا تۇرغان بۇ تەۋەررۇكلەرنىڭ ئاشكارا بولۇشىنى يېڭى پادىشاھنىڭ تەختكە چىقىشى، بىر مەردۇ-مەردانىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىپ زۇلۇم زەنجىرىنى ئۈزۈپ تاشلىشى بىلەن باغلىدى. ئۇلارنىڭ ئېڭىغا يىغىلغان ھەممە ئويلار يېقىندا، ئانچە ئۇزاق بولمىغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئاجايىپ ۋەقەلەرنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىدىن دالالەت بېرىپ تۇراتتى.

شۇ كۈندىن باشلاپ راخمان موللام سېلىم شەيخنىڭ كىچىككىنە ھۇجرىسىدا قونۇپ يۈردى. ئايدالادا، گۈلخان يېنىدا ياتقاندىن بۇ يەردە ياتقان ياخشى ئىدى. سېلىم شەيخمۇ سۆھبەتداش تېپىلغىنىغا ،خۇشال ئىدى. ئۇلار ھەر كۈنى كېچىسى بۇ يىل يەڭگۈشلىنىدىغان پادىشاھ توغرىسىدا ، زۇلۇم زەنجىرىنى ئۈزۈپ تاشلايدىغان مەردانە توغرىسىدا ئۇزۇندىن ئۇزۇنغىچە پاراڭلىشاتتى.

## 3

چىلڭ دارىن ئۇزۇن يىللىق ئادىتى بويىچە بۈگۈنمۇ سەھەر ئويغاندى. مەشتە گۇرۇلدەپ ئوت كۆيۈۋاتاتتى. كىگىز ئۆينىڭ ئىچى مونچىدەك ئىسسىق ئىدى. ئۇ، تاۋار يوتقاندىن چىقماي تۇرۇپلا خىزمەتچى ئېلىپ كەلگەن ئىلمان سۇدا ئاغزىنى چايقىدى. ئىسسىق سۈت ئىچىپ ئارقىدىن ئازراق توڭغۇز گۆشى قورۇمىسى يېدى. شۇنىڭدىن كېيىن خىزمەتچىنىڭ ياردىمى بىلەن كىيىندى. يۇمشاق، ئىسسىق ئىچ كىيىملىرىنى، پايپىقىنى، قېلىن چەملەك لاتا خېيىنى خىزمەتچى كەيگۈزۈپ قويدى. كارۋاتتىن چۈشكەن چىلڭ دارىن قوللىرىنى قارانچۇقنىڭ قوللىرىدەك كېرىپ تۇردى. توم بىر ئۆرۈم قارا چېچى مەيدىسىدە ئېسىلىپ تۇراتتى. خىزمەتچى ئۇنىڭ سېرىق ئىت تېرىسىدىن تىكىلگەن چىرايلىق جىلىتكىسىنى، ئەجدىھا گۈللۈك ئۇزۇن تاۋار جۇيازىسىنى كەيدۈرۈپ قويدى. چىلڭ دارىن ئۇزۇن چېچىنى ئارقىغا تاشلىدى. خىزمەتچى قوش قوللاپ ئۇزاتقان پۆپۈكلۈك تەقىيىگە قاراپ بېشىنى چايقىدى ۋە كىگىز ئۆينىڭ ئىشىكىگە قاراپ ماڭدى. خىزمەتچى يېنىك يورغىلاپ كېلىپ، ئىشىكتىكى كىگىزنى قايرىپ تۇردى. چىلڭ دارىن ئىشىكتىن چىقىۋاتقاندا مۇزدەك شامال يۈزىگە ئۇرۇلدى. تالادا نەشتەردەك تېگىدىغان ئىزغىرىن سوغۇق ھۇۋۇلدايتتى. «لەمپە مازار خوجام» خانىقاسىدىكى بامدات نامىزىدىن تارقىغان ھاشارچىلار ئۆز ئىش ئورۇنلىرىغا قاراپ كېتىۋاتاتتى. مىڭبېگى، يۈز بېشى ۋە دورغىلارنىڭ ئىشقا ھەيدەپ ۋارقىرىغان ئاۋازلىرى ئاڭلىناتتى. چىلڭ دارىن چامباشچىلىق مەشقى قىلماقچى بولدى. پۇتلىرىنى كېرىپ

www.uyghurkitap.com

ئورۇندۇقتا ئولتۇرغاندەك هالەتكە كەلدى. چىلەك تۇگۈلگەن مۇشتۇملىرى ئىككى يىقىنىغا تەتۈر قويۇلدى. مۇشۇ هالەتتىن چىقىپ ئالدىغا ياكى ئىككى يان تەرەپكە مۇشت ئاتسابولاتتى، لېكىن ئۇ توختاپ قالدى. توزان ئارىلاش ئۇرغان مۇزدەك شامال ئۇنى توختىتىپ قويغانىدى. قوللىرى، يۇزلىرى، يېرىمى تاقىر بېشى مۇزلاپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ، پۇتلىرىنى يىغىپ، جۇيازىسىنىڭ تۇرۇپ قويۇلغان يەڭلىرىنى پالاقشىتىپ چوشۇرۇۋەتتى-دە، ئارقىسىغا بۇرۇلۇپلا كىگىز ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

ئۇ، خىزمەتچىنىڭ ياردىمى بىلەن جۇيازىسىنى سېلىۋېتىپ، ئىسسىق ئۆي ئىچىدە ئالاھەزەل يېرىم سائەتتەك تەيجى گۇمپىسى مەشىق قىلدى. خۇددى ئىككى قولى بىلەن ئاللىقانداق بىر غايىۋى نەرسىنى بوش-بوش ئالدىغا ئىتتىرىۋاتقاندەك، ئۆزىدىن قايتا-قايتا يىراقلاشتۇرۇۋاتقاندەك، ئارقىدىنلا يەنە ئىككى قولى بىلەن چوڭ بىر يۇمۇلاق نەرسىنى تۇتۇۋېلىپ، ئايلاندۇرۇپ، ئوڭ-تەتۈر تەرەپلىرىگە قاراۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. . .

- ئەپرۇزگۇك خوجا جانابلىرى سالامغا كەلدى!

سىرتتىن ئىشىك قاراۋۇلىنىڭ سوزۇپ ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. چىلەك دارىن گۇمپا مەشقىنى توختىتىپ، پۆپۈكلۈك مەخمەل تەقىيىسىنى بېشىغا قوندۇردى. كىگىز ئۆينىڭ تۆرىگە ئۆتۈپ، كارىۋات يېنىغا قويۇلغان يۆلەنچۇكلۇك كۇرسىغا ئولتۇردى. ئۆي ئىچىنىڭ ھەممە يېرىگە تۇتاش گىلەم سېلىنغانىدى. يان تەرەپكە قويۇلغان مەشتە گۇرۇلدەپ ئوت كۆيۈۋاتاتتى. چىلەك دارىن مۇشۇ كىگىز ئۆينى تەييارلىغۇچى ۋە سەرەمجانلاشتۇرغۇچى ئەپرۇز گۇك خوجىدىن رازى بولۇپ، كۇلۇمسىرەپ باش لىڭشىتتى.

- كىرسۇن! - دەپ ۋارقىرىدى ئۆي ئىچىدىكى خىزمەتچىمۇ سوزۇپ.

ئىشىكتىكى ئاق كىگىز قايرىلىپ، قاراقاش بەگلىكىنىڭ باش بېگى، گۇك خوجىلارنىڭ 6-ئەۋلادى، سۆسەر ياقىلىق قاماجۇۋا، مەخمەل تاشلىق قاما تۇماق كەيگەن ئەپرۇزگۇك خوجا كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭغا سوگدۇشۇپلا چىلەك دارىننىڭ خاس تۇگچىسى تۇرسۇنبەگ تۇگچىمۇ كىردى. ئۇلار يەكتىزلىنىپ چىلەك دارىنغا سالام بەردى. ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسىنىڭ بىر ئۆرۈمدىن ئۇزۇن قارا چېچى بار ئىدى.

- دارىن جانابلىرىنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن، تەنلىرى سالامەت، كۆڭۈللىرى خاتىرجەم بولغاي!

ئەپرۇز گۇك خوجىنىڭ ئاۋازى سىلىق، يۇمشاق، يېقىملىق ئىدى. تۇرسۇنبەگ تۇگچى ئوخشاش يېقىملىق ئاۋازدا تەرجىمە قىلدى.

- دارىن جانابلىرىنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن، تەنلىرى سالامەت، كۆڭۈللىرى خاتىرجەم بولغاي!

- ئىجازەت! - دېدى چىلەك دارىن كۇلۇمسىرەپ.

- ئىجازەت ! - دەپ تەرجىمە قىلدى تۇرسۇنبەگ تۇگچى.

ئەپرۇز گۇك خوجا ئىچكىرىگە ئۆتتى. چېھرىدە يېقىملىق كۇلۇمسىرەش جىلۋە قىلاتتى.

- مىڭ بەگلىرى سالامغا كەلدى! - سىرتتىن يەنە ئىشىك قاراۋۇلىنىڭ سوزۇپ ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئىجازەت بېرىلگەندىن كېيىن قاراقاشتىكى ئالتە مىڭلىكنىڭ بەگلىرى سەپ بولۇپ كىرىپ سالام بەردى. ئۇلارنىڭ سالام ۋە تىلەكلىرى ئەپرۇز گۇك خوجىنىڭكىگە ئوخشاش ئىدى. پەقەت ئۇلارنىڭ دۇمبىسىدە پۇلاڭلاپ تۇرغان بىر ئۆرۈمدىن قارا چېچى بولمىغاچقا ، سالام بەرگەندە ئالدىغا پۇلاڭلاپ چۇشمىدى. بەگلەر چىلەك دارىننىڭ ئىجازىتى بىلەن كىگىز ئۆينى چۆرىدەپ گىلەملەردىن ئورۇن ئېلىشتى. چوڭ بەگ بولغانلىقى ئۇچۇن ئەپرۇزگۇك خوجا ئارىلىق تاشلاپ چىلەك دارىنغا يېقىنراق جايدىن ئورۇن ئالدى. گۇڭلۇق سالاھىيىتى نۇقتىسىدىن ئالغاندىمۇ ئۇ ئادەتتىكى بەگلەر بىلەن بىر قاتاردا ئولتۇرسا بولمايتتى.

چىلەك دارىن لەمپىگە ئۇلۇشكۇن يېتىپ كەلگەنىدى. تۇنۇگۇن بىر كۇن دەم ئالدى. ئەپرۇز گۇك خوجىدىن باشقا ھېچكىم بىلەن كۆرۈشمىدى. بۇگۇن مانا شۇ بەگلەردىن بوز يەر ئېچىلىش ئەھۋالىنى، ئىشلارنىڭ نەگە يېتىپ بارغانلىقىنى ئۇقۇشماقچى، ئۇلارنىڭ مەلۇماتىنى ئاڭلىماقچى ئىدى.

ئۇ چاغلاردا قاراقاش تېخى ئامباللىق بولمىغان بولۇپ، خوتەن ناھىيىسىگە قارايدىغان بىر بەگلىك ئىدى. خوتەن ناھىيىسىنىڭ ئامبىلى قاراقاشتىكى ئالتە مىڭلىكنى چوڭ بەگكە تايىنىپ باشقۇراتتى. ئامبال كۆپرەك خوتەن شەھىرىدە تۇراتتى. چىلەك دارىن بۇنىڭدىن ئۇچ يىل بۇرۇن ئامبال بولغاندىن كېيىن ، يىلدا بىر-ئىككى قېتىم قاراقاش تەرەپكە ئۆتۈپ يۇرتنىڭ ئامانلىقىنى تەكشۇرۇدىغان ئادەتنى چىقارغانىدى. ھەر قېتىم قاراقاش تەرەپكە ئۆتكەندە چوڭتىكىگە يامبۇ كىرىدىغان بىر-ئىككى ئىشنى تېپىپ چىقاتتى. ئالدىنقى يىلى تەكشۇرۇشكە كەلگەندە ياۋىدا سەككىز تاش تۇگمەن چۆرىدى. ئىشنى ھاشار قىلدى، لېكىن تۇگمەن ساتقان 800يامبۇ چىلەك دارىننىڭ چوڭتىكىگە چۇشتى. ئۆتكەن يىلى كەلگەندە، زاۋىلىق ئىسمائىلخان خوجا بىلەن پىيالما دۆۋىلىق پولات ھاجىلار ئوتتۇرىسىدىكى يايلاق دەۋاسىنى سوراپ، ئۇنىڭ ئوڭ دولىسىغا، بۇنىڭ سول دولىسىغا پاخ-پاخ ئېتىپ، ئۇنىڭغا كۆز قىسىپ، بۇنىڭغا قاش ئېتىپ، ئىككى تەرەپتىن 500يامبۇدىن 1000يامبۇ دەۋا ھەققى ئالدى. بۇ يىل باش كۇزدە يەنە قاراقاش تەرەپكە تەكشۇرۇشكە ئۆتتى. ئۇ بىرەر بايلىق توپلاشنىڭ ئېپىنى ئىزدەيتتى. بەختىگە ئەپرۇز گۇك خوجا لەمپە، كاۋاك تەرەپلەردىكى ياۋا توڭغۇز ئوۋىنى كۆرۈشكە تەكلىپ قىلدى. ئەپرۇز گۇك خوجىنىڭ

ئېيتىشىچە، ياۋا توخۇز بەك كۆپىيىپ كەتكەنمىش. تىبەت، قوچى، قاراساي تەرەپلەرگە بېسىپ چىقىپ، زىرائەتلەرگە كۆپ زىيان سالغانمىش. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار قاراقاشتىكى پالۋانلارنى يىغىپتۇ، تايغان ئىتلارنى توپلاپتۇ. ياۋا توخۇزلارنى قورشاپ يوقىتىدىكەن. بىرىنى قويماي قىرغىن قىلىدىكەن. ئوۋ كۆرىشى ھەيۋەتلىك ۋە قىزىقارلىق بولىدىكەن. دارىن جانابلىرىغا خەۋپ يەتمەيدىكەن. ئېگىز دۆڭنىڭ ئۈستىگە چىقىپ تاماشا قىلسىلا بولىدىكەن.

. .

شۇنداق قىلىپ، چىڭ دارىن جانابلىرى لەمپىگە ياۋا توخۇز ئوۋلاشنى كۆرگىلى كىردى. ئۇنى ئوۋ قىزىقچىلىقىدىن كۆرە ئاشۇ ياۋا توخۇز گۆشى بەكرەك قىزىقتۇراتتى. دېمىسىمۇ، توخۇز گۆشى يېمەكلىكى خېلى بولغانىدى. ئەپرۇز گوڭ خوجىنىڭ تەسۋىرلىشىچە، كۆز كۈنلىرى ياۋا توخۇز تولۇمدەك سەمىرىپ كېتەرمىش، يازدا چۈمۈلە شورىغان ياۋا توخۇز گۆشى مىڭ تۈرلۈك كېسەلگە شىپا بولارمىش. . .

چىڭ دارىن ئاشۇ ئوۋ جەريانىدا توخۇز گۆشىگە تويدى. لەمپە دېگەن بۇ جاڭگالنىڭ توپرىقى مۇنبەت ئىكەنلىكىنى، سۇ باشلاپ كەلسە، ئاچسىلا ئوبدان يەر بولىدىغانلىقىنىمۇ كۆردى. ئۇ، لەمپىنى ئېچىشقا بىردىنلا قىزىقىپ قالدى. ئۇنى ئۆلكە خەزىنىسىدىن بوز يەر ئېچىشقا ئاجرىتىپ بېرىلىدىغان كۆپ مىقدارلىق تەڭگە ۋە ئېچىلغان يەرلەرنى سېتىشتىن كىرىدىغان تەڭگىلەر بەكرەك قىزىقتۇراتتى. ھاشار كۈچى بىلەن بىدە، قوناق تېرىتسا، سېپىلدىكى ھەربىي ئاتلار ئۈچۈن بېرىلىدىغان تەڭگىنىمۇ سوققىلى بولاتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى دارىن جانابلىرىنىڭ يانچۇقىغا چۈشىدىغان نەق بايلىق بولاتتى، ھېچكىم چاك سالالمايتتى. ئىشنى بولسا، يۇرت-يۇرتتىن ھەيدەپ كېلىنگەن ھاشار قىلاتتى. ئۇ، بوز يەر ئېچىش ئويىنى ئەپرۇز گوڭ خوجىغا ئېيتتى، 200 يىللىق نەسەب تارىخىغا ئىگە قاراقاش گوڭ خوجىلىرىنىڭ بۇ 6-ئەۋلادى ھەر قېتىمقىدەك بارىكاللا ئېيتىپ كەتتى. قاراقاشنى گۈللەندۈرگۈچى، قاراقاشقا ھايات بەخش ئەتكۈچى، قاراقاشلىقلارنى باياشادلىققا باشلاپ بارغۇچى دارىن جانابلىرىنى ئاغزىدىن كۆپۈك قاينىغىچە ماختىدى. ۋاھالەنكى، ئەپرۇز گوڭ خوجىنىڭ كۆڭلىدىمۇ ئۆزىنىڭ چوتى شاراقشىيتتى. بىر كەتمەنلىك يەرگە بىردىن ھاشار قويۇلسا، قانچىلىك ئادەم ھاشارغا چىقالايدۇ؟ ھاشار چىقىرالمىغانلار پۇل چىقىرىشى كېرەك. مانا شۇ پۇل ئەپرۇز گوڭ خوجىنىڭ چۆنتىكىگە كىرەتتى. يەنە يېڭى ئېچىلغان يەرنىڭ يېرىمى ئۇنىڭ بولاتتى. ئامبال بىلەن بەگ بىرلىككە كېلىشىۋىدى، ھەريۇرتتىن مىڭ-مىڭلاپ ھاشار لەمپىگە ئاقتى. لەمپىدە جەننەت بەرپا قىلىش باشلىنىپ كەتتى. ئىشنىڭ بېشىدا چىڭ دارىن جانابلىرى نەق مەيداندا ئۆزى بىۋاستە قوماندانلىق قىلدى. ئۇ پەقەت تۇرۇپ بەرسىلا بولاتتى، ئوتنى پۈۋلەپ ئۇلغايتىشقا ئەپرۇز گوڭ خوجا ۋە باشقا مىڭ بەگلىرى بار ئىدى. ھاشارچىلار يىغىلىپ، ئىش باشلانغاندىن كېيىن چىڭ دارىن جانابلىرى خاتىرجەم بولۇپ، خوتەنگە قايتىپ كەتتى. مانا ئەمدى ئىشلارنىڭ يۈرۈشىشىنى كۆزدىن كەچۈرگىلى كەلگەنىدى.

بەگلەر چۈشكىچە ئەھۋال مەلۇم قىلدى. ئىشلار تازا كۆڭۈلدىكىدەك ئەمەس ئىدى. سوغۇق كۈچىيىپ يەرلەر توڭلاپ كېتىپتۇ. دۆڭ ، قۇم بارخانلىرى توڭلىمىغان بىلەن ، پەسرەك يەرلەرنىڭ ھەممىسى توڭلاپتۇ. چۆيۈندەك قېتىپ كەتكەن يەرلەردىن ئېرىق چېپىش قىيىنلىشىپتۇ. ھەتتا قىر-تىگەن سېلىشتىمۇ توڭنى چېقىپ، تېگىدىن يۇمشاق توپا چىقىرىپ سېلىشقا توغرا كېلىدىكەن. ئادەملەر ئېغىر ئەمگەككە چىدىماي، قاتتىق سوغۇققا بەرداشلىق بېرەلمەي قېچىشقا باشلاپتۇ. سوغۇق تېگىپ كېسەل بولغانلار، توڭلاپ ئۆلۈۋاتقانلار كۆپىيىپتۇ. ھەر كۈنى سەھەردە توڭلاپ ئۆلگەن بىرقانچە ھاشارچىنىڭ نامىزى چۈشۈرۈلىدىكەن. ئەمما ئاۋام پۇقرالار يەنىلا دارىن جانابلىرىنىڭ قاراقاشنى گۈللەندۈرۈشتەك ئۇلۇغۋار پىلانىنى قوللايدىكەن. لەمپىدە ئىشلەپ ئۆلۈپ كەتسىمۇ رازى ئىكەن. . .

بەگلەر يەنە چىڭ دارىنغا ھاشار ئىچىدە تارقالغان ئاجايىپ بىر مىش-مىش گەپنى مەلۇم قىلىشتى. ئېيتىشلىرىچە، بۇ يىل يېڭى پادىشاھ تەختكە ئولتۇرىدىغان يىلمىش. ھىندىستان تەرەپتىن ئۆتكەن بىر تەڭداشسىز ئەۋلىيا شۇنداق دېگەنمىش. ئاسماندىكى يۇلتۇزلارنىڭ جايلىشىشى شۇنىڭدىن بېشارەت بەرگەنمىش. يېقىندىن بېرى كېچىسى قاراقاش دەرياسى ئۈستىدە ئاجايىپ بىر قۇشنىڭ قىقاس سېلىپ ، چىرقىراپ سايرىشىمۇ پادىشاھ ئالمىشىشتىن بېشارەتمىش. . .

چىڭ دارىن بەگلەرنىڭ مەلۇماتلىرىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن ئۇزۇن نۇتۇق سۆزلىدى. ئۇ، ھارغان ۋە خۇمارى تۇتقانلىقىنى ھېس قىلىپ، يۆلەنچۈكلۈك كۇرسىدىن چۈشۈپ ، كارىۋاتقا چىقىپ يانپاشلىدى ۋە ئەپيۇن سېلىنغان چىلىمنى شورىغاچ ئۆز پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. تۇرسۇنبەگ تۇڭچى جۈملىمۇجۈملە تەرجىمە قىلىپ تۇردى. چىڭ دارىن بوز يەر ئېچىشنىڭ ئەھمىيىتى توغرىسىدا، چېچىلاڭغۇ خەلقنى مەجبۇرلىماستىن تۇرۇپ يۇرتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكى توغرىسىدا ، كېيىنكى ئەۋلادلارغا جەننەتۇل پىردەۋستەك گۈزەل يۇرت قالدۇرۇش توغرىسىدا ، يەرلەرنى ھەسسىلەپ كۆپەيتكەندىلا قاراقاشلىقلارنى باي قىلغىلى، باياشادتۇرمۇشقا ئېرىشتۈرگىلى بولىدىغانلىقى توغرىسىدا توختالدى. كىشىلەرنىڭ ۋايساشلىرىغا يان بەرگەندە ، ئۆلۈم-يېتىم ۋە قۇربان بېرىشتىن قورققاندا يۇرتنى گۈللەندۈرگىلى بولمايدىكەن. يۇرتنىڭ تىنچ-ئامانلىقىنى ساقلاش ئۈچۈنمۇ

كىشىلەرنى بىرەر ئىش بىلەن مەلىكە قىلىپ تۇرۇش زۆرۈر ئىكەن. . .

- ئادەم دېگەن ئات-ئېشەككە ئوخشايدۇ، - دېدى ئۇ چىلىمنى شوراپ تۇرۇپ، - كېچە - كۈندۈز ئارام بەرمەي ئىشلىتىپ، هاردۇرۇپ جۇلىقىنى چىقىرىۋەتكەندىلا ، جۆن بولۇپ قالغان ئېشەكتەك هاڭرىيالمايدۇ، باشقا ئىشلارنى ئويلىيالمايدۇ. يۇۋاشلىشىپ موللام مۈشۈك بولۇپ كېتىدۇ. مانا شۇ چاغدىلا ئەلنىڭ ، مۈشۈ يەردىكى بەگلەرنىڭ تىنچ-ئامانلىقى ھەقىقىي كاپالەتكە ئىگە بولىدۇ.

بەگلەر دارىن جانابلىرىنىڭ يۇرتنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن كىشىلەرنى ئات-ئېشەكتەك ئىشلىتىش زۆرۈرلۈكى توغرىسىدىكى پەلسەپىسىگىمۇ، كىشىلەرنى هاردۇرۇپ، جۆن قىلىۋېتىپ، ھېچقانداق ئىشنى ئويلىيالمايدىغان هالغا كەلتۈرۈپ، يۇرت ئامانلىقىنى ساقلاش پەلسەپىسىگىمۇ سۆز سىز قوشۇلۇشتى. ئۇلارنى چىڭ دارىن شىپى كەلتۈرگەن سەددىچىن سېپىلىنىڭ ياسىلىشى، ئۇلۇغ قانالنىڭ قېزىلىشى، شۇ چاغدىمۇ مىليونلاپ ئادەملەرنىڭ ئۆلگەنلىكى، لېكىن ئۇلۇغ، ئابىدىسىمان قۇرۇلۇشلارنىڭ ۋۇجۇدقا چىققانلىقى توغرىسىدىكى مىساللار قايىل قىلغانىدى. بەگلەر توختىماي باش لىڭشىتىشىپ قايىللىقىنى بىلدۈرەتتى. دارىن جانابلىرىنىڭ ئەقلىگە ئاپىرىن ئوقۇيتتى.

چىڭ دارىن ئاخىرىدا ئەمەلىي مەسىلىلەرگە كۆچۈپ، قېچىپ كەتكەنلەرنىڭ كەنتتىكى يەرلىرىنى مۇسادىرە قىلىشنى، بالا-چاقىلىرىنى لەمپىگە ھەيدەپ كېلىشنى، ئۆلۈپ كەتكەنلەرنىڭ ئورنىغا ئادەم تولۇقلاشنى، لەمپىنى ئېچىپ، ئۇرۇق چاچقۇدەك قىلىپ تەييارلاشتىن ئىلگىرى ھېچكىمنىڭ بۇ جاڭگالدىن ئايرىلىشىغا بولمايدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. ئەمگەك ئورنىدىن قاچقانلارنى تۇتۇپ كېلىشنى، ھېلىقى پادىشاھ ئالمىشىش توغرىسىدىكى مىش-مىش گەپنى تارقاتقۇچىنى سۈرۈشتۈرۈپ تېپىشنى، ئۇلارنى توغراقتا ئېسىپ، هاشارچىلارغا ئىبرەت قىلىشنى ئورۇنلاشتۇردى. . .

چۈشتە، چىڭ دارىن ئەپرۇز گۆك خوجا تۇتتۇرۇپ قويغان ياۋا توڭغۇز گۆشىنى ھوزۇرلىنىپ يەۋاتقاندا ، ئاتلىق دورغىلار تەرەپ-تەرەپكە چېپىپ كېتىشتى. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى جەنۇبقا - كەنت تەرەپكە، بىر قىسمى دەرياني بويلاپ شىمالغا ماڭدى. جەنۇبقا ماڭغانلىرى قاچقۇنلارنىڭ بالا-چاقىلىرىنى ھەيدەپ كېلىشكە، شىمالغا ماڭغانلار ئاقسۇ-كۇچاغا قاچقانلارنى تۇتۇپ كېلىشكە ئاتلانغانلار ئىدى. ياۋا توڭغۇز گۆشىگە تويغان ; ئەپيۇن چېكىپ خۇش كەيىپ بولغان چىڭ دارىن بولسا، ئەپرۇز گۆك خوجا باشلىق بەگلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا ئىش مەيدانىنى كۆزدىن كەچۈردى. ئۇ، ئەجدىھا گۈللۈك جۇيازىسىنىڭ سىرتىغا سۆسەر ياقىلىق قېلىن جۇۋا كىيىۋالغان بولۇپ تەقىيسىنىڭ پوپۇكى ئۈچۈپ تۇراتتى. سوغۇق شامال يۈزلىرىگە نەشتەردەك سانچىلاتتى. ئۇ ھېلى ئەپرۇز گۆك خوجا جۇ (تەختىراۋان) غا ئولتۇرۇۋېلىشنى تەكلىپ قىلغانلىقىغا سەل پۇشايمان قىلدى. لېكىن كەيپى چاغ ئىدى. يۈز-كۆزلىرىنى چاڭ باسقان، ھېرىپ هالىدىن كەتكەن، سوغوقتا دۈگدەيگەن جۇل-جۇل كىيىملىك ئىشلەمچىلەرگە يىرگىنىچ نەزىرى بىلەن قاراپ باراتتى. ئاغزىدا بولسا توختىماي سۆزلەيتتى. خوتەننىڭ «لاسكۇي» دېگەن يېرىدە «گازۇنيار» نىڭ لېۋىگە ئون تاش تۈگمەن چۆرۈتۈپ، خوتەنلىكلەرنىڭ ئۇن تارتىش قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلغانلىقىنى، داۋۇت داموللام بىلەن سۇلايمان ئەلەم ئارىسىدىكى زىددىيەتنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، داۋۇت داموللامنى ئالتۇنلۇقتىكى مەدرىسكە مۇدەررىس قىلىپ تەيىنلىگەنلىكىنى، بارلىق موللىلاردىن ئىمتىھان ئېلىپ، ھېچنېمە بىلمىسىمۇ سۇلايمان ئەلەمگە پارا بېرىپ مۇدەررىس بولىۋالغان ئىككى نەپەر مۇتىۋەللىنى 500 تاياقتىن ئۇرۇپ، ئىبرەت پەشتىقىغا زەنجىر بىلەن باغلاپ قويغانلىقىنى، «باسىيى» دېگەن جايدا ئېشەككە ئېغىر يۈك ئارتقان ئادەمنى جازالاپ، ئېشەكلەرگە 120 جىڭدىن ئارتۇق يۈك ئارتماسلىق توغرىسىدا بەلگىلىمە ئېلان قىلغانلىقىنى سۆزلەپ ماڭاتتى. بولۇپمۇ ئاشۇ ئېشەككە ئېغىر يۈك ئارتىش ۋەقەسىنى سۆزلىگەندە قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتەتتى. تۇرسۇنبەگ تۆڭچى تېخىمۇ تەسىرلىك قىلىپ تەرجىمە قىلاتتى. ئېيتىلىۋاتقان سۆزلەردىن تۆھپە، ئادالەت، رەھىم-شەپقەت نۇرلىرى تۆكۈلۈپ تۇراتتى. ئادالەت ۋە رەھىم-شەپقەت مەبۇدىسىغا ئايلانغان ئاشۇ ھۆرمەتلىك دارىن جانابلىرى توغرىسىدا «ئېشەككە شەپقەت يەتكۈزگەن ئادەم مۇنۇ توڭلاپ ئۆلۈۋاتقانلارغا نېمىشقا رەھىم قىلمىدىكىن؟» دەپ ئويلاشقا زادىلا ئىمكان يوق ئىدى. بولۇپمۇ بەگلەرگە شۇنداق ئىدى. ئۇلارنىڭ قۇلاقلىرى رەھىم - شەپقەت ناخشىسىنى ئاڭلىيالىغان بىلەن ، كۆزى ئاشۇ ناخشا ئارقىسىغا يوشۇرۇنغان قامچا - توقماق، تەڭگە - تىللانى كۆرۈشكە قادىر ئەمەس ئىدى.

## 4

تاڭ سەھەردىلا بەگلەرنىڭ ، دورغىلارنىڭ، مىراپلارنىڭ ئاۋازى «لەمپە» ئاسمىنىنى چاڭ كەلتۈردى:

- تىزىلىڭلار، ئىككىدىن سەپ بولۇپ تىزىلىڭلار!

- يۇرت-يۇرت بويىچە تىزىلىڭلار!

- بىرمۇ ئادەمنىڭ قېچىپ كېتىشىغا رۇخسەت يوق!

ئەمدىلا بامدات نامىزىنى ئۆتەپ بولۇپ، تۇڭ زاغىرىنى گۈلخانغا قاقلاپ ناشتا قىلىۋاتقان هاشارچىلار ھەيران بولۇشتى. ئۇلار نېمە ئىش

بولغانلىقىنى، نېمە ئۈچۈن سەپ بولۇپ تىزىلىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى. شۇنداقتىمۇ دورغىلارنىڭ تىل-ھاقارەت ۋە دۇشكەلەشلىرى ئىچىدە سالۋا تەلپەك، كۇرەك جۇۋىلىق ئىگىز - پەس سەپ ھاسىل بولدى. كىملەردۇر: «ھەممە ئادەمنى تىزىپ ساننى ئالغۇدەك» دېيىشەتتى. يەنە بىر كىملەر بۇ گەپنى ئىنكار قىلىپ: «چىڭ دارىننىڭ ئالدىغا سالامغا بارغۇدەكمىز» دېيىشەتتى. «ئاقساراي»لىقلار تىزىلىپ بولاي دېگەندە، «لەمپە مازار خوجام» دىكى كىچىك ھۇجرىدا قونغان راخمان موللام سەپكە ئاران ئۈلگۈرۈپ كەلدى ۋە «ھالئىبرىق»لىق قوشنىسى ئىسمائىل ئاخۇن بىلەن يانمۇ يان تىزىلدى. ھەر ئىككىسىنىڭ كۆزلىرىدىن ھەيرانلىق چىقىپ تۇراتتى. سەپ قوزغالدى. دورغىلار ئىككىدىن سەپ بولۇشقان ھاشارچىلارنى چىڭ دارىن ۋە باشقا بەگلەرنىڭ ئاق ئۆي -چېدىرلىرى جايلاشقان دۆڭگە باشلاپ كېتىۋاتاتتى. دۆڭگە يېقىنلاشقانسىرى ئىش ئايدىڭلاشتى. دۆڭ ئۈستىدە چىڭ دارىن، ئەپرۇزگۇڭ خوجا، تۇرسۇنبەگ تۇڭچى قاتارلىق كاتتىلار ئىغىلىپ تۇراتتى. «تـوۋا خۇدايىم، سالامغا ئەكىلىشكەنلىرى راستكەن-دە، ئەمدى مۇشۇ ئىش قاپتىكەن- دە، بەگلىرىمىنىڭ قىلمىغان، -دەپ ئويلىدى راخمان موللام، - تـوۋا قىلماق كېرەك، تـوۋا قىلماق كېرەك...»

سەپ دۆڭگە، ئاشۇ دۆڭ باغرىدىكى توغراققا يېقىنلاشقانسىرى كىشىلەرنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىشكە باشلىدى. باشلار يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، كۆزلەر توغراق پۇتاقلىرىغا مىقتەك قادالدى. توغراق پۇتاقلىرىدا ئېسىپ قويۇلغان ئۈچ ئادەم ساڭگىلاپ تۇراتتى. راخمان موللامنىڭ ۋۇجۇدى تىترەپ كەتتى. ھېلىلا كاچكۆلدىن چىققاندەك چىشلىرى چىشلىرىغا جالاقلاپ ئۇرۇلاتتى. ئۇنىڭ تىترەشلىرىنى قاتارلىشىپ كېتىۋاتقان ئىسمائىل ئاخۇن سېزىپ تۇراتتى. «ئۆزلىرىنى تۇتۇۋالسىلا، ئۆزلىرىنى تۇتۇۋالسىلا، راخمان ئاخۇن» دەپ شىۋىرلىدى ئۇ. راخمان موللام ياقىسىنى چىشلىۋالدى. يەنىمۇ چىڭ چىشلىدى. لېكىن چىشلىرى ئاجراپ كېتىپ، ھېلىدىن ھېلىغا بىر-بىرىگە جالاقلاپ ئۇرۇلاتتى.

ئاخشام تارقالغان خەۋەر راست ئىدى. ئاتلىق دورغا-يايىلار ئاقسۇ-كۇچا تەرەپكە قاچقان باللاردىن ئۈچىنى «تۇزلۇق ئوتاق» تىنىمۇ ياكى «قوشلاش» تىنىمۇ، ئەيتاۋۇر يېرىم يولدىن تۇتۇپ كېلىشكەنىدى. توغراققا ئېسىپ قويۇلغانلار مانا شۇ يىگىتلەر ئىدى. راخمان موللىلار توغراق ئاستىغا يېتىپ كەلگەندە، ئۇ تېخىچە ئەسەبىيلەرچە تىترەپ تۇراتتى. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئېسىپ قويۇلغانلارغا زەن سېلىپ قارىدى. جۇۋا -چاپانلىرى سالدىرۋېتىلگەن، ئىچ كۆڭلەكلىرى بىلەنلا ئېسىپ قويۇلغان باللارنىڭ چىرايى سوغۇقتىن تومۇردەك كۆكىرىپ كەتكەنىدى.

ئېغىزلىرى ئېچىلىپ قالغان، ئاپئاق چىشلىرى ئۆز قىسمىتىگە كۈلۈۋاتقاندەك ھىڭگىيىپ تۇراتتى. كۆزلىرىدىن ئاققان ياشلىرى زىناقلىرىدا مۇز بولۇپ قېتىپ قالغان، تۇرۇپ-تۇرۇپ ئاڭلانغان ئاجىز ئىڭراشلىرىدىنلا ئۇلارنىڭ تېخىچە تىرىك ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولاتتى. قامچىلانغان بولسا كېرەك، كۆڭلەكلىرىدىن تەپچىپ چىققان قان قارىيىپ كۆرۈنەتتى. راخمان موللام بىر غايىۋانە ئامبۇرنىڭ كۈچىدە قىسىلدى، كۆكرەك قەپىسى ھېلىلا يانچىلىپ كېتىدىغاندەك چىڭقىلدى. جۇۋىسىنىڭ يەڭلىرىگە قوشتۇرۇۋالغان قوللىرى مۇشت بولۇپ تاشتەك توگۈلدى. چىشلىرىنىڭ كىرىشىشىدىن زاڭاقلىرى ياڭاقتەك بۆرتۈپ چىقتى. ئەگەر ئىسمائىل ئاخۇن شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قارىغان بولسا، چاقماقتەك ئوتلۇق ئۇچقۇنلارنىڭ توختاۋسىز ئېتىلىپ چىقىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن بولاتتى. كىملەردۇر مىشىلداپ يىغلايتتى، كىملەردۇر: «ئاھ، خۇدا، ئاھ، خۇدا» دەپ بوش ئاۋازدا پەرياد ئۇراتتى. ھەممە ئادەمنىڭ زىناقلىرى ياشتىن ھۆل بولغانىدى. سەپ ئاستا-ئاستا ئىلگىرىلەپ، چىڭ دارىن باشلىق بەگلەر تۇرغان دۆڭنىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە بۇيرۇق بويىچە توختىدى، ئارقىدىن كەلگەنلەر دۆۋىلىشىپ توپ ھاسىل بولدى.

- كۆردۈڭلارمۇ قاچقۇنلارنىڭ ئاقىۋىتىنى، كۆردۈڭلارمۇ؟ - دەپ ۋارقىرىدى ئەپرۇزگۇڭ خوجا دۆڭدىن، - يۇرتنى گۇللەندۇرۇش ئەمگىكىدىن قاچقانلارنىڭ ئاقىۋىتى مانا مۇشۇنداق بولىدۇ. ھەر بىر ئادەم بۇلارنىڭ ئاقىۋىتىدىن ئىبرەت ئېلىشى كېرەك. لەمپىنى تولۇق ئېچىپ بولۇشتىن ئىلگىرى بۇ يەردىن ھېچكىمنىڭ ئايرىلىشىغا رۇخسەت يوق. بۇ، چىڭ دارىن جانابلىرىنىڭ بۇيرۇقى. كىمكى قاچىدىكەن، ئامبال جانابلىرىنىڭ بۇيرۇقىغا بويۇن تولغايدىكەن، ئاقىۋىتى مانا مۇشۇنداق بولىدۇ. ئوبدان كۆرۈۋېلىڭلار، ئىبرەت ئېلىشىڭلار ئۈچۈن ئوبدانىراق كۆرۈۋېلىڭلار...

كىشىلەرنىڭ كۆزلىرى يەرگە تىكىلگەن، توپ جىمجىت تۇراتتى. كىشىلەر قانداقتۇر بىر ئىشنى قىلىشلىرى كېرەكتەك، لېكىن ئاشۇ ئىشنىڭ نېمىلىكىنى بىلەلمىگەندەك كۆرۈنەتتى. مانا شۇ چاغدا ئورۇق، چاچ -ساقاللىرى ئۇچتەك ئاقارغان بىر بوۋاي توپتىن ئايرىلىپ چىقىپ، چىڭ دارىننىڭ ئالدىغا تىزلاندى.

- دارىن جانابلىرى، باللار مۇزلاپ كېتىپتۇ. ئۆزلىرىدىن ئاشۇلارنىڭ بىر قوشۇق قېنىنى تىلەيمەن، رەھىم قىلسىلا، دارىن جانابلىرى!

چىڭ دارىن تۇيۇقسىز ئالدىغا تىزلانغان بوۋايغا ھەيران بولۇپ قارىدى. تۇرسۇنبەگ تۇڭچى چىڭ دارىنغا قاراپ ھۆرمەت بىلەن كالدىرلىدى. ئارقىدىن چىڭ دارىن بوۋايغا كالدىرلىدى. تۇرسۇنبەگ تۇڭچى بوۋايغا قاراپ ۋارقىرىدى:

- سەن قاچقۇنلارنىڭ گۇناھىنى تىلىمەكچىمۇ؟
- ھەئە، ئاشۇ بالىلارنىڭ بىر قوشۇق قېنىنى تىلەيمەن.
«بەھرام سۈيى» مىڭىدىكىلەرنىڭ توپى ئالدىدىن يەنە بىر قانچە كىشى يەرگە گۈپپىدە تىزلاندى:
- بالىلارنىڭ بىر قوشۇق قېنىدىن كەچسىلە، دارىن جانابلىرى!
توپنىڭ ئاۋازى گۈلدۈرلەپ چىقتى. چىڭ دارىن بىر پەس جىم تۇرۇپ قالدى ۋە كۆزلىرىنى يۆتكەپ بوۋايغا تىكىلدى.
- بۇلار سېنىڭ تۇغقانلىرىڭمۇ؟ - دېدى چىڭ دارىن.
- بۇلار سېنىڭ تۇغقانلىرىڭمۇ؟ - تەرجىمە قىلدى تۇرسۇنبەگ تۇڭچى.
- يوقسۇ، كىچىك بالىلار بىلمەسلىكتىن قېچىپ ساپتۇ، رەھىم قىلغايلا!
تۇرسۇنبەگ تۇڭچى چىڭ دارىنغا قاراپ نېمىلەرنىدۇر دېدى. چىڭ دارىن كالدىرلىدى. ئۇلار خېلى ئۇزاق كالدىرلاشتى. چىڭ دارىننىڭ ئاۋازى بارغانچە كۆتۈرۈلۈپ باراتتى. تۇرسۇنبەگ تۇڭچى ئوڭ قولىنىڭ بىگىز بارمىقىنى بوۋايغا چىنەپ تۇرۇپ ياندىكى يايىلارغا ۋارقىرىدى:
- قاچقۇنلارغا يان باسقان مۇنۇ قېرى ئوغرىنى 50 كالتەك ئۇرۇڭلار!
يايىلار خۇددى توشقانغا ئېتىلغان تايغانلاردەك بوۋايغا تاشلاندى. ھەش-پەش دېگۈچە ئۇنىڭ جۇۋىسىنى سالدۇرۇپ، كىيىملىرىنى چۆرۈپ تاشلاپ مۇزدەك سوغۇق قۇمغا ياتقۇزدى ۋە: «بىر، ئىككى، ئۈچ...» دەپ ۋارقىراپ تۇرۇپ توڭ توغراق كەسمىسى بىلەن ئۇرۇشقا باشلىدى. بوۋاي تاكى ھوشىدىن كەتكىچە پەقەت بىرلا ئېغىز سۆزنى تەكرارلاپ تۇردى:
- بالىلارنىڭ بىر قوشۇق قېنىنى تىلەيمەن، بىر قوشۇق قېنىنى...
بۇ چاغدا راخمان موللامنىڭ غالىلداپ تىترىشى ئەۋجىگە كۆتۈرۈلگەنىدى. ئەگەر ئىسمائىل ئاخۇن ۋە باشقا «ھالئېرىق»لىقلار ئۇنى قۇچاقلاپ تۇتۇۋالمىغان بولسا، ئۇنىڭ نېمىلەرنى دەپ، نېمە ئىشلارنى قىلىپ قويۇشىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. ئۇ، توپ ئىچىدە يۇلقۇناتتى. يۇرتداشلىرىنىڭ ئارىسىدىن ئاجراپ چىقىپ ئۆزىنى نەگىدۇر ئاتماقچى بولاتتى. ئىسمائىل ئاخۇن ئۇنىڭ قۇلاقلىرىغا: «ئۆزلىرىنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرمىسىلە، ۋاقتى ئەمەس، ئۆزلىرىنى تۇتۇۋالسىلا...» دەپ توختىماي پىچىرلايتتى. ئۇ گەپلەر راخمان موللامنىڭ قۇلىقىغا زادىلا كىرمەيتتى. ئىسمائىل ئاخۇن ۋە باشقىلارنىڭ چىڭ قۇچاقلىۋېلىشىلا ئۇنى تۇتۇپ تۇراتتى.
«بەھرام سۈيى» مىڭىدىكىلەر چىڭ دارىن بىلەن ئەپرۇز گۇڭ خوجىنىڭ ئىبرەت ۋەزنى ئاڭلاپ، ئاللىقاچان ھوشىدىن كەتكەن بوۋاينى كۆتۈرۈپ، «ئىبرەت توغرىقى»نىڭ يېنىدىن ئايرىلغاندا، «ھالئېرىق»لىقلار يەنىلا راخمان موللام بىلەن ئاۋارە ئىدى. ئۇلار ئۇنى ئارىدىن چىقارماي سۆرىگەنچىلىك، كۆتۈرگەنچىلىك قىلىپ ئېلىپ كېتىشتى...
شۇ كۈنى جۈمە ئىدى. راخمان موللام «لەمپە مازار خوجام» دىكى كىچىك ھۇجرىغا قايتىپ بارغاندا، سېلىم شەيخ خانىقانىڭ ھويلىسىغا گۈلخان يېقىپ، جۈمەگە كېلىدىغان ھاشارچىلارغا تاھارەت سۈيى ئىسسىتىپ يۈرەتتى. ئۇ، راخمان موللامنىڭ قاش-قاپاقلىرىنىڭ ساڭگىلاپ، چىرايىنىڭ بۇلۇتلۇق ئاسماندەك تۇتۇلۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ سورىدى:
- نېمە ئىش بولدى؟ خاپا كۆرۈنلىغۇ...
- نېمە ئىش بولاتتى؟ تىغ سۆڭەككە يەتتى، ئەمدى چىداش مۇمكىن ئەمەس.
- زادى نېمە ئىش بولدى؟ ئېنىقراق بىر نەرسە دېمەمىلا.
- ھۇجرىغا كىرەيلى، شۇ يەردە سۆزلەپ بېرىمەن.
ئىككىلىسى ھۇجرىغا كىرىشتى. مورا ئوچاقتا ئوت كۆيۈپ تۇراتتى. ئۇلار ئوچاقنىڭ ئىككى تەرىپىگە يۈكۈنۈشتى. راخمان موللام بۈگۈن كۆرگەن ئىشلارنى ئالدىرىماي سۆزلىدى. راست گەپنى قىلغاندا ئالدىرىماي سۆزلەشكە ئۇرۇنۇپ كۆردى. لېكىن ئۇنىڭ ۋۇجۇدى سىماپتەك تىترەپ تۇراتتى. ئاۋازى، ئوتقا قاقلاۋاتقان قوللىرى تىترەيتتى. كۆز چاناقلىرىغا تولغان ياشلار تۆكۈلەي-تۆكۈلەي دەپ تۇراتتى. سېلىم شەيخمۇ توغراقتا ئېسىلغان ئۈچ شور پېشانىنىڭ قىسمەتلىرىنى ئاڭلاپ كۆزلىرىگە ياش ئالدى:
- خۇدا، ئاشۇ بالىلارغا ئاسانلىق بەرگەيسەن، ئۇلارنى زالىملارنىڭ زۇلمىدىن قۇتۇلدۇرغايسەن...
- ئۇلاربىزنى توغراقتا ئېسىش بىلەن قورقاتماقچى. توڭلاپ ئۆلۈش، ئېسىلىپ ئۆلۈش، چېپىلىپ ئۆلۈش ئوخشاشقۇ، ھەزرىتىم. ھەممىسى بىر ئۆلۈم. ھېلىقى قىلىچ - دۇبۇلغىلارنى ئېلىپ بەرسىلە، بالىلار توغراقتا ئېسىقلىق تۇرۇپتۇ. ئەمدى چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى...
- نېمە قىلاي دەيلا؟
- ئاشۇ چىڭ دارىن دېگەن زالىمنى ئۆز قولۇم بىلەن چېپىپ ئۆلتۈرىمەن.
- كۆتۈرۈلمەكچىمۇ؟
- ھەئە!
راخمان موللامنىڭ ئاۋازىدىن قەتئىيلىك جاراڭلاپ تۇراتتى. سېلىم شەيخ بېشىنى تۆۋەن سېلىپ جىممىدە ئولتۇرۇپ كەتتى. ئۇ، شۇ تاپتا ھاشارچىلارنىڭ چوغ ئۈستىگە تاشلانغان شاخ-شۇمبىدەك قورۇپ، قىزىپ تەييار بولغانلىقىنى، تېگىگە تاختا گۈگۈتنى تۇتسىلا گۇرردە ئوت ئالىدىغانلىقىنى بىلەتتى. لېكىن ئۇئاشۇ تاختا گۈگۈتنىڭ راستىنلا تاختا گۈگۈت ياساپ ساتىدىغان

مۇنۇ ئادەم بولۇپ چىقىدىغانلىقىنى ئويلاپ كۆرمىگەنىدى. شەيخ ھەزرەتنىڭ ئېسىگە ھېلىقى ئەۋلىيانىڭ «بۇ يىل شاھ يەڭگۈشلىنىدىغان يىل» دېگەن گېپى كەلدى ۋە «راخمان موللام پادىشاھلىق تەمەسىدە شۇنداق قارارغا كەلگەنمىكىن؟ پادىشاھلىق ۋەسۋەسىسىگە بېرىلگەنمىكىن؟» دەپ ئويلاپ قالدى. بېشىنى كۆتۈرۈپ ئالدىدا ئولتۇرغان ئادەمنىڭ چىرايىغا تىكىلىپ قارىدى. راخمان موللامنىڭ چىرايىدىن شاھانە نۇر ئەمەس، قانداقتۇر بىر خىل تەلۋىلەرچە جەسۇرلۇق چىقىپ تۇراتتى. سېلىم شەيخ خىيال-تەسەۋۋۇرىدا ئۇنىڭغا شاھانە سەرۇپالارنى كەيگۈزۈپ، شاھانە تەختكە ئولتۇرغۇزۇپ باقتى، مەرۋايىتلار بىلەن بېزەلگەن، ئالتۇن ئوتۇغات قىستۇرۇلغان شاھانە سېرىق سەللە ئۇنچىۋالا ياراشمىدى. يېرىم ئاي شەكلىدە ياسىتىۋالغان قىسقا ۋە قويۇق ساقاللىرى، چىرايلىق سىم بۇرۇتلىرى ۋە تەلۋىلىك چاقناپ تۇرغان چوڭ-چوڭ كۆزلىرىمۇ پادىشاھلارنىڭكىگە ئانچە ئوخشىمايتتى. شۇنداقتىمۇ شەيخ ھەزرەت: «كارامىتى تولا ئاللا كىمنىڭ بېشىغا ھۇمايۇن قۇشى قوندۇرۇشنى ئۆزى بىلىدۇ» دەپ ئويلىدى. ئۇنىڭ پەرىزىچە، ھېلىقى ئەۋلىيانىڭ كارامىتى راست چىقىپ، راستتىنلا بۇ يىل شاھ ئالمىشىدىغان ئىش بولسا، بۇ گۇگۇتچىنى شاھ بولالمايدۇ، دەپ ھۆكۈم قىلىشقا بولمايتتى. ئەمما ئۇ يەنىلا ئەنسىرەپ تۇراتتى. ئىشنىڭ ئوڭۇشلۇق ۋۇجۇدقا چىقىش-چىقماسلىقىدىن ، گۇگۇتچى موللامنىڭ ھاشارچىلارنى تەشكىللەپ كېتەلىشى - كېتەلمەسلىكىدىن ئەنسىرەپ تۇراتتى.

- چىڭ دارىنىنىڭ كەلگىنىگىمۇ ھەپتە بولاي دەپ قالدى. بۈگۈن-ئەتە خوتەنگە قايتىپ كېتىشى مۇمكىن، ئۇ كەتكەندە قوزغالسىلا، ئىش ئوڭۇشلۇقراق بولاتتى، ھاشارچىلارنى تەشكىللەشكىمۇ ۋاقىت چىقاتتى...

- ياق، ئۇنىڭ كېتىشىگە ساقلىساق توغراقتا ئېسىپ قويۇلغان بالىلار توڭلاپ ئۆلۈپ بولىدۇ. مەن شۇ بۈگۈننىڭ ئۆزىدە چىڭ دارىنىنى ئۆلتۈرمەكچى.

- نۇسرەت تۇغى باشلىرىدا لەپىلدىسىلا، ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە قاچانلا بولمىسۇن قوللىرى يېتىدۇ، ھازىرقى مۇھىم ئىش...

- بەگلەر «پادىشاھ يەڭگۈشلىنەرمىش» دېگەن گەپنى تارقاتقۇچىنى سۈرۈشتە قىلىۋاتىدۇ. يۈز بېشى ماڭا ئەمدى بۇ ھۇجرىدا ئەمەس، ھاشارچىلار بىلەن بىللە گۈلخان يېنىدا قونۇشنى ئۇقتۇردى. مەندىن گۇمانلىنىۋاتقاندەك قىلىدۇ. مېنىڭ، ئۇلار مېنى توغراقتا ئاسقۇچە ساقلاپ تۇرغۇم يوق. ئاخىرقى نىيەتكە كېلىپ بولدۇم، ھەزرىتىم، ماڭا دۇئا بەرسىلە. زالىملارنىڭ ئورۇقىنى قۇرۇتۇپ تاشلىشىمغا دۇئا بەرسىلە.

- ئۆزلىرى پادىشاھ بولماقچىمۇ ياكى خەلقنى زۇلۇم-زۇلمەتتىن قۇتۇلدۇرۇدىغان مەردانە بولماقچىمۇ؟

راخمان موللام كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ شەيخ ھەزرەتكە قارىدى:

- نېمىلا بولسام مەيلى، پېشانەمگە پۈتۈلگەننى كۆرىمەن.

- پىكىرداشلار بىلەن ئالاقىلاشتىلىمۇ؟

- ئالاقىلاشتىم. بىزنىڭ «ئاقساراي» دىكىلەرنىڭ ھەممىسى بىلدى، باشقا مىڭلىكلەردىكى ئىشەنچلىك كىشىلەرگە ئادەم ئەۋەتتىم. ئۇلار جۈمەگە كەتمەن-پالتىلىرىنى كۆتۈرۈپ كەلمەكچى. نامازدىن كېيىنلا قوزغىلىمىز.

- ئۆزلىرىنى بەلنى چىڭ باغلىغان بولسىلا، ئاللا نۇسرەت ئاتا قىلىدۇ. مەن نامازنىڭ ئاخىرىدا دۇئا بېرىمەن...

راخمان موللام تاھارەت ئېلىپ بولغاندىن كېيىن ئۈستىگە قەدىمىي تۆمۈر قوياقلىق ساۋۇتنى كىيدى، قىلىچنى يېنىغا ئاستى. قىلىچ ئاللىقاچان غىلاپىدىن سۇغۇرۇلۇپ، بىسلىرى پارقىرىتىۋېتىلگەنىدى، تۆمۈر ساۋۇتمۇ پارقىراپ تۇراتتى. بۇ، سېلىم شەيخ بىلەن ئىككىسىنىڭ كېچىلىرى ئۇخلىماي كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقىنىڭ نەتىجىسى ئىدى. راخمان موللام دۇبۇلغىنى بېشىغا كىيىپ كۆردى. دۇبۇلغا سەل چوڭ كەلدى. ئۇ، نېمىنىدۇر ئويلاپ تاغىرىدىن يەنە بىر قىزىل ياغلىقنى چىقىرىپ دۇبۇلغىنى ئۇنىڭغا يۆگەپ قويدى. ساۋۇت ۋە قىلىچنى ئوبدان تەكشۈرگەندىن كېيىن ئۈستىگە جۇۋىسىنى كەيدى، بېلىنى خام پوتا بىلەن مەھكەم باغلىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ئاجايىپ بىرخىل نۇر ئۇچقۇندايتتى. تۇرقىدىن غارغا يوشۇرۇنغان ئەجدىھانى ئۆلتۈرۈشكە ماڭغان كەنجى ئوغۇلنىڭ مەردانىلىقى چىقىپ تۇراتتى. ئۇ، تەكچىدىن «قۇرئان كەرىم»نى ئېلىپ پېشانىسىگە، لەۋلىرىگە تەگكۈزدى، كۆكسىگە يېقىپ تۇرۇپ ئۇزۇن دۇئا - تىلاۋەت قىلدى.

## 5

بۈگۈنكى جۈمە نامىزى ئۈچۈن «لەمپە مازار خوجام» دىكى خانىقاغا ئادەم بەك جىق يىغىلدى. بۇرۇنقى جۈمەلەردە «ئارالچى»، «شاخلىق»، «ئىنچىكە»، «دۆڭكۆل»، «دەرۋازا يۈلغۇن» لاردىكى ئىش ئورنىدا جۈمە نامىزىنى ئوقۇپ كېلىشكەن تاغ مىڭى، زاۋا مىڭى، كۇيا مىڭى، ماكۇي مىڭى، قاراساي مىڭىنىڭ ھاشارچىلىرىمۇ ئالاھەزەل بىرى قالماي كېلىشكەنىدى. بەزى مىڭدىكىلەر توغراقتا ئېسىپ قويۇلغان قاچقۇن يىگىتلەرنى ئېكىسكۇرسىيە قىلغىلى كېلىپ، چىڭ دارىن ۋە ئەپرۇز گۇڭ خوجىنىڭ ئىبرەت نۇتقىنى ئاڭلاپ بولۇپلا ، ئىش ئورنىغا قايتماي ئۇدۇل خانىقاغا كېلىشتى. جۈمەنى ئايرىم ئۆتەيدىغان ئەپرۇزگۇڭ خوجا قاتارلىق بىر قانچە بەگلەرلا

كەلمىدى. جۇمە ۋاقتىمۇ يېقىنلاپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئېتىقادچىلارنىڭ ئېيتىشىچە، نامازنى كۆپ ئادەم يىغىلىپ ئوقۇسا ساۋابى كۆپ بولىدۇ، سىرتتا غىلتاڭ يەردە ئوقۇغاندىن ئۈستى يېپىق خانىقادا ئوقۇسا، ساۋابلىقراق بولىدۇ، دېگەن ئەقىدە ئۈستۈن تۇرغاچقا، پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىشكەنىدى. هاشارچى جامائەت «مازار خوجام» نىڭ خانىقاسىغا پاتمىدى. خانىقانىڭ هويلىسىدىن، هەتتا سىرتتىكى دۆڭلۈكلەردىن ئورۇن تېپىپ ئولتۇرۇشتى. پاكىز يەر بولسىلا بولاتتى. نىيەت هەممىدىن ئەلا هېسابلىناتتى. كۆپ كىشىلەر پەقەت جۇمە نامىزىنى ئۆتەش ئۈچۈنلا كېلىشكەن بولسىمۇ، لېكىن ئايرىملار هاياجان ئىچىدە پىچىرلىشاتتى. ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ، كىملەرگىدۇر بىر نەرسىلەرنى دەپ 2-ئورۇنغا ئولتۇراتتى ۋە يەنە يېنىدىكىلەرگە پىچىرلايتتى. كىشىلەر قانداقتۇر بىر ئىشنى كۈتۈپ هاياجانلىناتتى، هەيران بولۇشاتتى، بىر-بىرىگە تەئەججۇپ بىلەن تىكىلىشەتتى. شۇنداق بولسىمۇ، جۇمە ئادەتتىكىگە ئوخشاشلا خاتىرجەم ۋە ئىخلاس بىلەن ئوقۇلدى. كىشىلەر ئىككى رەكئەت «تەهەييىتى مەسجىد» ئوقۇپ، جۇمەنىڭ 1-ئەزان ئاۋازىنى ئاڭلىغان چاغدا، خۇدادىن باشقا پۈتكۈل ئالەمنى، جاپا-مۇشەققەتلەرنى، غەم-غۇسسىلەرنى، دەرد-ئەلەملەرنى، زۇلۇم-سىتەملەرنى ئاللىقاچان ئۇنتۇشقانىدى. ئۇلارنىڭ ئېڭىدا ئۇلۇغ، شەپقەتلىك، مېهرىبان ئاللاتائالا تەڭداشسىز سۈپەتلىرى بىلەن گەۋدىلىنىپ تۇراتتى. بىرىنچى ئەزاندىن كېيىن تۆت رەكئەت سۈننەت ئوقۇلدى، ئارقىدىن خۇتبە ئوقۇلۇپ، ئىككى رەكئەت پەرز ئۆتەلدى. ئىككى تەرەپكە سالام بېرىلىپ، دۇئا ئوقۇلغاندىن كېيىن كىشىلەر بۇ دۇنياغا قايتىپ كەلدى. غەم-غۇسسىلىك، جاپا-مۇشەققەتلىك، دەرد-ئەلەملىك تەڭسىز دۇنيادا كىمدۇربىرى جۇمەگە خاتىبلىق قىلغان سېلىم شەيخنى «قۇرئان كەرىم» دىن دەرس مۇتالىئە قىلىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىشۋاتاتتى. شەيخ هەزرەت تەكلىپنى قوبۇل قىلىپ، «سۈرە هەج» نىڭ «ئۇزىنەللەزىينە يوقاتەلۇۋنە بىئەننەهۇم زۇلىمۇ ۋە ئىننەللاهەئەلا نەسرىهىملەقەدىير» دېگەن ئايىتى بىلەن «سۈرە شۇئەرا» دىن «ئىللەللەزىينە ئامەنۇ ۋە ئەمىلۇسسالىهاتىۋە زەكەرۇللاهە كەسىيرەن ۋەنتەسەرۇۋ مىمبەئدى مازۇلىمۇۋ ۋەسەيەئلەمۇللەزىينە زەلەمۇۋ ئەييەمۇنقەلەبىيەنقەلىبۇن» دېگەن ئايەتنى دەرس مۇئالىم قىلدى. سۆز ئاللانىڭ زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىلارغا قارشىلىق كۆرسىتىشكە ئىجازەت بەرگەنلىكى، زۇلۇم قىلغۇچىلارنىڭ قانداق ئاقىۋەتكە قالىدىغانلىقى توغرىسىدا كېتىۋاتاتتى. شەيخ هەزرەت ئايەتنى سۆزمۇسۆز ئۆرۈپ، ئېنىق ۋە روشەن چۈشەندۈردى. زۇلۇمنىڭ تۈرلىرى ۋە زۇلۇمغا قارشىلىق كۆرسىتىشنىڭ گۇناه ئەمەسلىكى توغرىسىدا توختالدى ئۇ خۇددى «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرىنى ئادەتتىكىگە ئوخشاش مۇنداقلا، نامازدىن كېيىنكى بوش ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ دەرس قىلىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. لېكىن ئۇنىڭ نىيىتىدىن بېشارەت بېرىۋاتقانلىقىنى كىشىلەر چۈشىنىپ تۇراتتى. ئاخىرىدا شەيخ هەزرەت ئۇزۇندىن ئۇزۇن دۇئا قىلدى. دۇئا ئاخىرلاشقان چاغدا باش-كۆزلىرىنى قىزىل ياغلىق بىلەن يۆگىگەن، بېشىغا دۇبۇلغا، ئۈستىگە ساۋۇت كىيگەن بىر ئادەم شەيخ هەزرەتنىڭ يېنىدا لوڭڭىدە پەيدا بولدى. قولىدا ئۇزۇن مىسران قىلىچ بار ئىدى. جامائەتنىڭ كۆزلىرى هەيرانلىقتىن چەكچىيىپ كەتتى.

— ئەهلى جامائەت! — دەپ ۋارقىرىدى دۇبۇلغا كىيگەن ئادەم قىلىچىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، — كېچە ماڭا ئاللادىن ۋەهيي كەلدى. ئاللاجىبرىئىلنى ئەۋەتىپ، چىڭ دارىن دېگەن زالىمنى ئۆلتۈرۈشنى، بارلىق هاشار-سەيسە، ئالۋاڭ-سېلىقنى يوق قىلىشنى تاپشۇردى. كۆزۈمنى ئاچسام مانا مۇشۇنداق دۇبۇلغا — ساۋۇتلۇق هالدا تۇرۇپتىمەن. قولۇمدا قىلىچ تۇرۇپتۇ. غايىبتىن: «زالىملارنى ئۆلتۈر، چىڭ دارىننى ئۆلتۈر!» دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى...

ئۇنىڭ ئاۋازى خانىقا ئىچىدە گۈلدۈرمامىدەك جاراڭلايتتى. قىزىل ياغلىق ئوراپ ئوچۇق قالدۇرۇلغان كۆزلىرىدىن ئوتلۇق نۇر چېچىلىپ تۇراتتى. خانىقانىڭ ئىچى گۈلدۈرماما ئالدىدىكى جىلغىدەك جىمجىت ئىدى. ئۇ سۆزلەۋاتقاندا نامازغا كەلگەن بەگ — دورغىلاردىن بىر قانچىسى ئەهۋالنى چۈشىنىپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشماقچى بولدى، لېكىن كىملەرنىڭدۇر تەڭلىگەن چوماقلىرىنىڭ زورىدىن باشلىرىنى ئېگىشتى. دۇبۇلغا — ساۋۇتلۇق ئادەم ئاشۇ ياققا قاراپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.

— ئاللانىڭ ۋەهيىسىنى بىجا كەلتۈرمەسلىك گۇناهتۇر! — سۆزىنى داۋاملاشتۇردى دۇبۇلغا — ساۋۇتلۇق ئادەم، — مەن بۈگۈن زالىملارنى يوق قىلماقچىمەن. چىڭ دارىن دېگەن زالىمنى ئۆلتۈرمەكچى، هاشار — سەيسىنى مەڭگۈلۈك بىكار قىلماقچى. سىلەر هازىردىن باشلاپ مەڭگۈ ئازاد. ئاللا بىزگە نۇسرەت ئاتا قىلىدۇ، ئاللا بىز بىلەن بىللە، ئاللاهۇئەكبەر!

— ئاللاهۇئەكبەر! — دەپ قوشۇلدى جامائەت بىردەك ئاۋازدا ئەزان قىچقىرىپ. خانىقانىڭ ئىچى هەيۋەتلىك ئاۋازدىن تىترەپ كەتتى. ئادەملەر گۇررىدە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. مەسچىتنىڭ قايسىبىر بۇلۇڭلىرىدا ئۇر-چاپ باشلىنىپ كەتكەنىدى. قوزغالغان خەلق بىر پەستىلا ئۇزۇن يىللاردىن بېرى بېشىدا ياڭاق چېقىپ كەلگەن بەگ-دورغىلارنى يانچىپ تاشلىدى.

— زالىملارنى يوق قىلىش ئۈچۈن ئالغا! — دەپ ۋارقىرىدى دۇبۇلغا — ساۋۇتلۇق ئادەم. ئۇ، قىلىچىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، جامائەتنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئۆتۈپ سىرتقا قاراپ ماڭدى. جامائەت ئەگەشتى. ئۇلار مەسچىتتىن دەريا تەرەپتىكى دۆڭگە قاراپ ماڭدى. كىشىلەر توختاۋسىز: «ئاللاهۇ

ئەكبەر! » دەپ ۋارقىرىشاتتى. مىڭلىغان كەتمەن، پالتا، چوماق كۆككە كۆتۈرۈلدى. كىمدۇر بىرى «لەمپە مازار خوجام» نىڭ خادىسىغا ئېسىپ قويۇلغان، ئايەت يېزىلغان ئاق بايراقنى كۆتۈرۈۋالغانىدى. غەزەپ بىلەن ئىلگىرىلەۋاتقان ئالامانىڭ ئايىغىدىن كۆتۈرۈلگەن ئاپئاق چاڭ-توزان ئېگىز كۆككە ئۆرلەيتتى. بۇلۇتلار ئارىسىدىن چىراي كۆرسەتكەن قۇياش كۈلۈمسىرەيتتى... سەپنىڭ ئالدىدا دۇبۇلغا-ساۋۇتلۇق ئادەم قىلىچىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ باشلاپ باراتتى. ئۇنىڭ يېنىدا يۈرتدىشى ئىسمائىل ئاخۇن، زاۋۇلىق ھەسەن ئاخۇن، ياۋۇلىق ناسىر پاۋان، قاراسايلىق مەتتوختى ئاخۇنلار كەتمەنلىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ كېلەتتى. 1930-يىللاردا ئەخمەت سەردار نامى بىلەن داڭ چىقارغان «كۆيۈك ئېغىل» لىق ئەخمەت قارى، ئازادلىقتىن كېيىن ئابلىمىت داموللا دېگەن ئىسىم بىلەن ئۆزگەرمەس ئەكسىلئىنقىلابچىغا ئايلانغان ياۋۇلىق مۇھەممەت ئاخۇن پىيالمىنىڭ ئوغلى ھىممەت قاتارلىق ياش يىگىتلەر ئىككى تەرەپتە چوماقلىرىنى ئوينىتىپ يۈگرۈپ باراتتى...

كىشىلەر دۇبۇلغا-ساۋۇتلۇق ئادەمنىڭ «ئاقساراي» لىق راخمان موللام ئىكەنلىكىنى ئاللىقاچان بىلىۋېلىشقانىدى. كىملەردۇر كېتىۋېتىپ: «زامان - زامانى، راخمان پادىشاھنىڭ زامانى!» دەپ سۈرەن سالاتتى. يەنە بىرلىرى: «دەۋران - دەۋرانى، راخمان پادىشاھنىڭ دەۋرانى! ھاشار-سەيىسىز، ئالۋاڭ-سېلىقسىز دەۋران!» دەپ ۋارقىرايتتى. يەنە بىر كىملەر: «ئاللاھۇئەكبەر، ئاللاھۇئەكبەر!» دەپ ئەزان قىچقىرىپ كېلەتتى. ئۈمۈرلۈك قەھر-غەزەپ ئاشۇ ۋارقىراشلارغا مۇجەسسەملەشكەندەك، قەپەس-زىندانلار چېقىپ تاشلانغاندەك، ئەركىنلىك لاچىنى قانات قاققاندەك، ئازادلىق قۇياشى ئاپتاپ چاچقاندەك تۇيۇلاتتى. ئەگەر شۇ تاپتا مۇشۇ ئالاماننىڭ ئالدىغا ھەر قانداق رەزىل كۈچ ئۇچرىسا چەيلەپ تاشلىناتتى. ئۇلارنى توساق-قورغان، سېپىل-خەندەك توسۇپ قالالمايتتى.

كەتمەن-پالتا، كەكە-تىۋەزىن، تاياق-توقماق، كەسمە-چوماقلارنى كۆتۈرگەن ئالامان چىڭ دارىنلارنىڭ چېدىرگاھىغا بېسىپ بارغاندا، جاھاننى زىلزىلىگە سالغان ۋارقىراشلارۋە ئاسمانپەلەككە ئۆرلىگەن چاڭ-توزاندىن ئاللىقانداق بىر ئىشنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى سەزگەن دارىن جانابلىرى قاما جۇۋىسىنىمۇ، پۆپۈكلۈك تەقىيسىنىمۇ كىيىشكە ئۈلگۈرمەي، ياۋىداق ئاتقا مىنىپ دەرياغا چۈشۈپ بولغانىدى. ئارقىسىدىن ئەپرۇز گۇڭ خوجا ۋە چىڭ دارىنىنىڭ خاس يايلىرىمۇ قېچىپ كېتىۋاتاتتى. بەزىسى ئاتلىق، بەزىسى پىيادە ئىدى. راخمان پادىشاھ ياش يىگىتلەرنى ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاشقا بۇيرۇدى. ئۇلار قوغلاپ بېرىپ قايتىپ كەلدى. راخمان پادىشاھ زالىم چىڭ دارىننى ئۆلتۈرەلمىگەنلىكىگە ئۆكۈندى. ھاشارچىلارمۇ پۇشايمان قىلىشتى. لېكىن ئۇلاردا ئۇنى بەرىبىر بىر كۈنى ئۆلتۈرۈۋشكە، ئۆلۈكىنى خوتەندىكى ھېيتگاھقا ئېسىپ سازايى قىلىشقا ئىشەنچ بار ئىدى.

غەزەپلەنگەن ئالامان چىڭ دارىنىنىڭ چېدىرگاھىنى ئۆرۈپ تاشلىدى. ئۇنىڭ قاماجۇۋىسىنى پارچە-پارچە قىلىپ يىرتىپ، پۆپۈكلۈك تەقىيسىنى تىتىۋەتتى. توغراقتا ئېسىپ قويۇلغان يىگىتلەرنى قۇتقۇزدى. بۇ چاغدا كىملەردۇر بەگ - يايىلار تاشلاپ قاچقان ئاتلاردىن بىرىنى ئېگەرلەپ، راخمان پادىشاھنى مىندۇرۇپ قويغانىدى.

- قاراقاشنى پەتىھ قىلىش ئۈچۈن ئالغا! - دەپ ۋارقىرىدى راخمان پادىشاھ قىلىچىنى جەنۇبقا سوزۇپ.

ئۇنىڭ بۇيرۇقى بىلەن زەنجىر-كىشەنلەرنى ئۈزگەن، ئۆز ئىختىيارىنى ئۆز قولىغا ئالغان ئالامان قاراقاش تەرەپكە قاراپ يول ئالدى. راخمان پادىشاھ ئاتلىق ھالدا ئەڭ ئالدىدا باشلاپ باراتتى. ئۇ، ئات ئۈستىدە خۇددى چىنتۆمۈر باتۇردەك ھەيۋەت بىلەن ئولتۇراتتى. ئالامان ئاشۇ يۈرۈشىدە «كۆيۈك ئېغىل»، «سەككىز پارچە»، «ئىمامى ئەسكەر»، «خانلىقئېرىق»، «چاھارباغ»، «ئاتبېشى»، «ئاراباغ» لاردىن ئۆتۈپ ئەتىسى سەھەرگە يېقىن قاراقاش بازىرىغا يېتىپ چىقتى ۋە قاراقاشنى پەتىھ قىلدى. ئەمەلىيەتتە پەتىھ قىلدى، دېگىلى بولمايتتى، لەمپىگە كىرمىگەن بەگ-دورغىلارنەلەرگىدۇر قېچىپ كېتىشكەنىدى. راخمان پادىشاھ ھېچقانداق قارشىلىقسىز سېپىلغا كىرىپ، ئەپرۇزگۇڭ خوجىنىڭ بەگ مەھكىمىسىگە ئورۇنلاشتى، ئىشكاپنى چېقىپ بەگلىك تامغىسىنى تاپشۇرۇۋالدى، ئامبارنى ئاچتۇردى. ئۇ، راستىنلا پادىشاھلىق تەختىگە ئولتۇرغاندەك قىلاتتى.

## 6

بىر ئۆرۈم توم قارا چېچىنى بوينىغا يۆگىۋالغان چىڭ دارىن ياۋىداق ئاتقا مىنىپ قېچىپ كېتىۋاتاتتى. ئارقىسىغا زادىلا قارىمايتتى. قارىغۇدەك جۇرئەتمۇ يوق ئىدى. ئېگىدا، بۇرۇلۇپ قارىسىلا قوغلاپ كېلىۋاتقان 80قوللۇق دېۋىنىڭ بەھەيۋەت چاڭگاللىرىغا چۈشۈپ قالىدىغاندەك، ئۇنىڭدىن مەڭگۈ قۇتۇلۇپ كېتەلمەيدىغاندەك، ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ قارىمىسىلا نىجاتلىق قىرغاقلىرىغا يېتەلەيدىغاندەك تۇيغۇ بار ئىدى. ئۇ، ئاتنى توختىماي دېۋىتەتتى، شاپىلاقلاپ ئۇراتتى. ساداقتىن چىققان ئوقتەك سوزۇلۇپ چېپىپ كېتىۋاتقان ئاتنىڭ تۇياقلىرى مۇزغا، توڭ دەرياقىنىغا ئۇرۇلۇپ تاقىلدايتتى، ئۇزۇن قۇيرۇقلىرى ھاۋادا يېيىلىپ ئۇچاتتى. چىڭ دارىنىنىڭ قۇلاقلىرىدا ئاتنىڭ تۇياق ئاۋازى ئەمەس، بەلكى يىراقتىن چىقىۋاتقان: «ئاللاھۇئەكبەر!»، «ئۇر!»، «چاپ!» سادالىرىلا جاراڭلايتتى. مېڭىسىدە قېچىش،

www.uyghurkitap.com

قېچىش، تېزرەك قېچىشتىن ئىبارەت بىرلا ئۇقۇم ھۆكۈم سۈرەتتى. ئۇ، شۇتاپتا ئاتنىڭ قانات چىقىرىپ دۇلدۇلغا ئايلىنىشىنى، سامادا پەرۋاز قىلىپ قورقۇنچلۇق ئىشلار يۈز بېرىۋاتقان لەمپىدىن يىراقلارغا ئېلىپ كېتىشىنى خالايتتى. يۈرىكىنىڭ گېلىغا قاپلىشىپ نەپەس ئالالمايۋاتقانلىقىنى، ياۋىداق ئاتنىڭ بىلەيدەك قاتتىق ئومۇرتقىسىغا چېقىلىپ زىدە بولغان كۆتىنىڭ ئېچىشىپ ئاغرىۋاتقانلىقىنى سەزمەيتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ دەريا قىنىنى توغرا كېسىپ قارشى قىرغاقتىكى «سېغىز كۆل»، «چىگىلىك» تەرەپكە ئەمەس، قىيپاچ ھالدا يىراقتىكى «توڭغۇزلۇق»قا قاراپ قېچىۋاتقانلىقىنىمۇ سەزمەيتتى. پەقەت يولۋاسنى كۆرگەن توشقاندەك قاچاتتى، قاچاتتى، قاچاتتى...

چىلىك دارىن بەكمۇ ئۇزۇن قاچتى. ئارقىسىدىن ئات تۇياقلىرىنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. «قوغلاپ كېلىۋاتىدۇ» دەپ ئويلايتتى ئۇ. ئاستىدىكى ئاتنىڭ ئاستىلاپ قالغانلىقىغا ئاچچىقلىناتتى. ئاتنى بار كۈچى بىلەن دېۋىتەتتى، ئالقىنى، مۇشتى بىلەن ئۇراتتى. ئۇ ئاشۇ قېچىشىدا دەريانىڭ قارشى قىرغىقىغا چىقتى. يېقىنلا يەردە قويۇق توغراقلىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. چىلىك دارىن «توغراقلىق ئىچىگە يوشۇرۇنساممىكىن» دەپ ئويلاۋاتقان چاغدا ئارقىسىدىن -يېقىنلا يەردىن چاقىرغان ئاۋاز ئاڭلاندى:

- دارىن جانابلىرى، دارىن جانابلىرى!

ئاۋاز تونۇش ئىدى. چىلىك دارىن قېچىۋاتقاندىن بېرى بىرىنچى قېتىم ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ قارىدى. يېقىنلا يەردە تۇرسۇنبەگ تۆڭچى ئاتلىق چېپىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇنى كۆرۈپ چىلىك دارىننىڭ يۈرىكى سەل قېپىغا چۈشتى، ئاتنىڭ چېپىشىنى ئاستىلاتتى، لېكىن توختاتمىدى.

- دارىن جانابلىرى، توختىسىلا، ئۇلار ئەمدى يېتىشەلمەيدۇ، توختىسىلا...

چىلىك دارىن توغراقلىقنىڭ ئىچىگە كىرگەندە توختىدى. ئۇنىڭسىزمۇ ئاتنىڭ چاپقۇدەك ماجالى قالمىغان، بۇرۇنلىرى كېپىشتەك كېرىلىپ، پۇشۇلداپ نەپەس ئالاتتى، ياۋىداق تېنىدىن قويۇق ھور كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى. تۇرسۇنبەگ تۆڭچى يېتىشىپ كەلدى.

- ئۇلار ئەمدى يېتىشەلمەيدۇ، دارىن جانابلىرى، ئەمدى يېتىشەلمەيدۇ.

- نېمە ئىش بولدى؟

- توپىلاڭ كۆتۈرۈشتى ئەتىمالىم، بەگ-يايلارنى چوماقلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم.

ئەپرۇز گۆك خوجا بىلەن يەنە ئىككى يايى يېتىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ ئاتلىرىمۇ ياۋىداق بولۇپ، قويۇق ھور كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى.

- باشقىلار قېنى؟ - چىلىك دارىن ئەپرۇز گۆك خوجىدىن سورىدى.

- ئاتلىنىشقا ئۈلگۈرەلمىگەنلەرنى چوماقلاپ ياتقۇزۇۋېتىشتى. دەريانىڭ ئوتتۇرىسىغىچە قوغلاپ كېلىپ توختاپ قېلىشتى...

- ماڭايلى.

- ماڭايلى.

ئۇلار قوزغالدى. ئازىراق ماڭغاندىن كېيىن ئاتلىرىدىن چۈشۈپ، ئاتلارنى يېتىلەپ «توڭغۇزلۇق»تىكى قويۇق توغراقلىقنى كېسىپ ئۆتۈپ، قۇمغا كىردى. ھەممىسىنىڭ كۆتلىرى ئېچىشىپ تۇراتتى. بەش كىشىنىڭ ھەممىسى جۇۋىلىرىنى كىيىشكە ئۈلگۈرەلمىگەن، قاتتىق سوغۇقتا توڭلاپ تۇراتتى. ئەپرۇز گۆك خوجا بىلەن تۇرسۇنبەگ تۆڭچى مەسلىھەتلىشىپ «سېرىغىز»، «چاتاق» ئارقىلىق مېڭىش تەكلىپىنى بېرىۋىدى، چىلىك دارىن رەد قىلدى. ئۇنىڭ كۆڭلىدە: «چەنتۇلار ھەممە يەردە، بىرلا ۋاقىتتا قوزغالدىمىكىن» دېگەن گۇمان بار ئىدى. شۇڭا يەنىلا ئادەمسىز قۇملۇق بىلەن مېڭىشنى قارار قىلىشتى. كېچىلەپ قۇمدىن ئۆتۈپ، «يېڭىئېرىق» نىڭ ئايىغى بىلەن «قوشكۆل»، «ياپىلاق» لار ئارقىلىق مېڭىشتى ۋە ئەتىسى كەچكە يېقىن سىرتتا قالغان زەدەكتەك مۇزلىغان، ئاچقان، ھارغان ھالدا خوتەننىڭ ئايىغىدىكى «توپچا» غا تۇتاش شورلۇققا يېتىپ كەلدى. شەھەرنىڭ ئامانلىقىنى ئۇقۇشقا ئەۋەتىلگەن ئىككى يايى ھاجى تۆڭلىك باشلىق مەنسەپدارلارنى باشلاپ ئالدىغا كەلگەنىدى. ھاجى تۆڭلىك خوتەننىڭ باش ھەربىي ئەمەلدارى ئىدى. ئۇلار بۈگۈن چۈشتىن كېيىنرەك قاراقاشتىن قېچىپ كەلگەن يايىلاردىن ۋەقە چىققانلىقىنى ئاڭلاپتۇ. نېمە قىلىش كېرەكلىكىنى مۇزاكىرە قىلىۋاتقاندا، ئالدىن ئەۋەتىلگەن ئىككى يايى يېتىپ بېرىپتۇ... چىلىك دارىن ھاجى تۆڭلىكنى كۆرۈپ، «چەنتۇ» لارنىڭ زەھەرلىك قولىدىن قۇتۇلۇپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى. لېكىن ئۇ ئاغرىپ قالغانىدى، لاغىلداپ تىترەپ تۇراتتى. باشقا مەنسەپدارلار «قاتتىق توڭۇپ كەتكەنلىكتىن شۇنداق بولغان، ئىسسىسا، ئىسسىق شورپا ئىچسە ئوڭشىلىپ كېتىدۇ» دەپ ئويلاشتى ۋە ئۇنى ئىسسىق جۇۋىلارغا ئوراپ تەختىراۋانغا ئولتۇرغۇزۇپ شەھەرگە ئېلىپ كىرىشتى. لېكىن چىلىك دارىن ئىسسىغاندىن كېيىنمۇ ئوڭشالمىدى. ئوت-كاۋاب بولۇپ ئىستىمىسى ئۆرلەپ ئاغزىغا ئۇچۇق چىقىپ يېتىپ قالدى. ھاشارچىلارنى مۇزلاتقان سوغۇق دارىن جانابلىرىنىمۇ ئوبدانلا تېتىتىپ قويغانىدى.

شۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلارنى ھاجى تۆڭلىك قىلدى. ئۇ ئالدى بىلەن ئابدال-قەلەندەر بولۇپ ياسانغان «كۆز-قۇلاقلار» نى ئارقىمۇ ئارقا قاراقاشقا ماڭدۇردى. قاراقاشقا بېرىپ كىرگەن ھاشارچىلار تارقاپ كېتىپتۇ. بەگ ئوردىسىدا راخمان گۆكۆتتىن باشقا ھېچكىم قالماپتۇ دېگەن خەۋەرلەرنى ئالدى ۋە ئىشەنمەي يەنە «كۆز-قۇلاق» ماڭدۇردى. ئۇلار ئېلىپ كەلگەن خەۋەرلەر ئوخشاش ئىدى. ئادەمنىڭ زادىلا ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى. «كۆز-قۇلاقلار» نىڭ

دېيىشچە ھاشارچىلار بەگ ئوردىسىنى بۇلاپ-تالىغانمىش. ئامبارنى ئېچىپ باج-سېلىق ئۈچۈن يىغىلغان ئاشلىقلارنى ئۈلۈشۈۋالغانمىش. ئۇندىن كېيىن تارقىلىپ كەتكەنمىش. كەتكىلى ئۇنىمىغانلىرىنىمۇ راخمان گۆگۆت كېتىشكە دەۋەت قىلغانمىش. راخمان گۆگۆت بەگ ئوردىسىدا يالغۇز پادىشاھلىق قىلىۋاتقانمىش...

لەمپىدە غەليان بولۇپ 6-كۈنى ھاجى تۆگلەك 400 نەپەر چېرىك بىلەن قاراقاشنى قايتۇرۇۋېلىپ بەگ ئوردىسىدا مۆگدەپ ئولتۇرغان راخمان گۆگۆتنى تۇتتى. ئۇنىڭ لەمپىدە پادىشاھ بولغىنىدىن تارتىپ تۇتقۇنغا ئايلانغۇچە بولغان ئارىلىقتا ئارانلا ئالتە كۈن ۋاقىت ئۆتكەنىدى. چېرىكلەر بەگ ئوردىسىغا بېسىپ كىرگەندە ئۇ يەنىلا ئاشۇ دۇبۇلغا-ساۋۇتلىرى بىلەن قولىدا قىلىچ تۇتقان ھالدا ئولتۇراتتى. قارشىلىقمۇ قىلمىدى، پەقەت ئاچچىق كۈلۈمسىرەپ قويدى. چېرىكلەر لەمپىدە چوماقلانغان بەگلەرنىڭ كۆرسىتىپ بېرىشى بىلەن يۇرتمۇ يۇرت ئىزدەپ يۈرۈپ، يەنە 16 كىشىنى تۇتتى. تۇتۇلغانلار ئىچىدە غەليانغا قاتناشمىغان، ھەتتا لەمپىدىكى ھاشارغىمۇ بېرىپ باقمىغان كىشىلەر بار ئىدى. ئۇلار بەگلەر كۆرسىتىپ بەرگەنلىكى ئۈچۈنلا تۇتۇلدى. قاراقاشقا بېسىپ چىقىپ بەگ ئوردىسىنى پەتىھ قىلىشقا قاتناشقان 80-70 دەك ئادەم گوما، پىيالما، ئاقسۇ-كۈچا تەرەپكە قېچىپ كېتىشكەن ياكى نەلەرگىدۇر يوشۇرۇنۇۋېلىشقانىدى. راخمان پادىشاھنىڭ ھاشارنى بىكار قىلىشى بىلەن لەمپىدىن تارقىلىپ كەتكەن، ئۇنىڭ بىلەن بىللە يېرىم يولغىچە چىققان باشقا كىشىلەرنى بولسا، چېرىكلەر نېمىشقىدۇر تۇتمىدى...

تۇتقۇنلار خوتەنگە ھەيدەپ كېلىنگەن كۈنلەردە، چىڭ دارىن ئورنىدىن تۇرۇپ كەتكەن، لېكىن تېخىچە يۆتىلىپ يۈرەتتى. شۇنداق بولسىمۇ، راخمان گۆگۆتنى ئۆزى بىۋاستە سوراق قىلدى. ئۇ چاغلاردا ھازىرقى خوتەن «گۈلباغ سودا مەركىزى» نىڭ ئورنىدا ئوچۇق سوراقخانا بار ئىدى. سوراق شۇ يەردە ئېلىپ بېرىلدى.

— نېمە ئۈچۈن ئىسيان كۆتۈردۈڭ؟ — دەپ سورىدى چىڭ دارىن.

— نېمە ئۈچۈن ئىسيان كۆتۈردۈڭ ؟ — دەپ ئۆرىدى تۇرسۇنبەگ تۆگچى.

— سېنى ئۆلتۈرمەكچىدىم، — دەپ جاۋاب بەردى راخمان گۆگۆت.

— ئۆزلىرىگە قەست قىلماقچى ئىكەن، — دەپ ئۆرىدى تۇرسۇنبەگ تۆگچى.

سوراق، قىيىن-قىستاق بىر ئاي داۋام قىلدى. چىڭ دارىن بىلەن راخمان گۆگۆتنىڭ سوراق-جاۋابى ئاشۇنىڭدىن نېرىغا ئۆتمىدى. نېمىلا دەپ سورالسۇن، راخمان گۆگۆت بىرلا ئېغىز: « سەن زالىمنى ئۆلتۈرمەكچىدىم» دەپ جاۋاب بېرەتتى. ئاخىرقى قېتىملىق سوراقتا چىڭ دارىن ئۇزاق يۆتەلگەندىن كېيىن:

— گۇناھىڭغا تەۋۋا قىلامسەن؟ — دەپ سورىدى راخمان گۆگۆتتىن.

— گۇناھىڭغا تەۋۋا قىلامسەن؟ — دەپ ئۆرىدى تۇرسۇنبەگ تۆگچى .

— تىرىكلا بولسام، سېنى ئۆلتۈرمەي قويمايمەن، — دەپ جاۋاب بەردى راخمان گۆگۆت.

— ھاياتلا بولسا، ئۆزلىرىگە قەست قىلىدىكەن، — دەپ ئۆرىدى تۇرسۇنبەگ تۆگچى.

شۇنىڭدىن كېيىن سوراق ئېلىپ بېرىلمىدى. دارىن جانابلىرى غەليانچىلارنى قانداق جازالاش توغرىسىدا ئويلىنىشقا كىرىشتى. شۇ ئارىدا راخمان گۆگۆت ۋە باشقا تۇتقۇنلارنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرى، مەسۇمخان ھەزرەت ھاجىم، قاۋۇل ئاخۇن باي، ئىسمائىل موللام كارامەتچى، تۇردى خەلپە ھاجى قاتارلىق قاراقاشنىڭ ئۆلىمالىرى ئىككى چارەك ئالتۇن، بەش چارەك كۈمۈش ۋە باشقا نۇرغۇن سوۋغا-سالاملارنى ئېلىپ، كەچۈرۈم تىلەپ چىڭ دارىننىڭ ئالدىغا كېلىشتى. ئىككى كۆزى تۇتۇلۇپ قالغان مەسۇمخان ھەزرەت ھاجىمنى ئوتتۇرانچى ئوغلى غۇلامىدىن سۇبىتۇللاخان يېتىلەپ-يۆلەپ ئېلىپ كەلگەنىدى. ئۇلار غەليانچىلارنىڭ خام سۈت ئېچىپ چوڭ بولغانلىقىنى، «پوق يەپ» سالغانلىقىنى، تۇخۇمنى تاشقا ئۇرۇپ سالغانلىقىنى گەرچە غەليان بولغان بولسىمۇ، قان تۆكۈلمىگەنلىكىنى شىپى كەلتۈرۈپ، چىڭ دارىندىن تۇتقۇنلارنىڭ گۇناھىنى تىلىدى. كۆپ شېرىن سۇخەن سۆزلەر بىلەن دارىن جانابلىرىنى ئېرىتىشكە تىرىشتى. چىڭ دارىن ئالتۇن-كۈمۈشلەرنى، سوۋغا-سالاملارنى قوبۇل قىلدى. ئارىغا چۈشكۈچىلەرگە ئۈمىدلىك، شېرىن سۇخەن جاۋابلارنى بېرىپ ئۇزىتىپ قويدى.

كۆپ ئۆتمەي دارىن جانابلىرىنىڭ شەپقەت-مېھرىبانلىقلىرىمۇ ئايان بولدى. 14 كىشىگە ئالدى 20 يىللىقتىن كەينى 15 يىللىقىچە زىنداندا يېتىش جازاسى بېرىلدى. راخمان گۆگۆت قاتارلىق ئۈچ كىشىنىڭ بولسا، مويتۇگزىدا بېشى كېسىلدى...

نەۋرىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، دارىن جانابلىرى بۇيرۇغان چېرىكلەر راخمان گۆگۆتنى «ھالئىبرىق» قا يەتكۈزۈپ بەرگەنمىش. «ھالئىبرىق» نىڭ تاشلىق كوچىلىرىدا راخمان گۆگۆتنىڭ پۇت-قوللىرى چېتىلغان تۆت ئات تۆت تەرەپكە شۇنداق چاپقانمىشكى، راخمان گۆگۆتنىڭ گۆش-سۆڭەكلىرى قاقتەك، ياڭاقتەك، مۇشتەك پارچىلىنىپ، تەرەپ-تەرەپكە چېچىلىپ كەتكەنمىش. ئەلۋەتتە بۇ كۆرگەنلەردىن ئاڭلىغانلارغا، ئاڭلىغانلاردىن بىزگە يېتىپ كەلگەن گەپ. ۋاھالەنكى، راخمان گۆگۆتنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرى، خوتۇن، بالا-چاقىلىرى نەچچە كۈنلەرگىچە يولدىن گۆش تېرىپ، سۆڭەك يىغىپ، تاپالىغانلىرىنى ھازىرقى «ئاقساراي» يېزىلىق مەركىزي باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ يېنىدىكى زەرەتگاھلىققا دەپنە قىلغانلىقى بولسا راست ئىش.

www.uyghurkitap.com

## 7

مانا شۇنداق قىلىپ، ئەنە شۇ زۇلۇم ۋە ئەنە شۇ غەلىيان سەۋەبىدىن بۇنىڭدىن توپتوغرا 80يىل بۇرۇنقى بىر قىبتىملىق چۆلنى بوستان قىلىش ئەمگىكى توختاپ قالدى. «لەمپە» دېگەن جاڭگال، جاڭگال دېگەن نامدىن قۇتۇلالماي قالدى. راخمان پادىشاھنىڭ تۇتقۇنغا ئايلانغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر «لەمپە مازار خوجام»غا يېتىپ كەلگەندە، سىلىم شەيخ ھەيران قالدى ۋە نېمىدىندۇر ئەنسىرەپ، خورجۇننى يۈدۈپ ئاقسۇ تەرەپكە راۋان بولدى. ئۇ ھېلىقى ئەۋلىيانىڭ «بۇ يىل شاھ ئالمىشىدۇ» دېگەن سۆزىنىڭ راست چىقماي قالغانلىقىدىن ھەيران ئىدى. ئۇنىڭچە، ئالتە كۈن پادىشاھ بولۇشنى پادىشاھ ئالمىشىش دېگىلى بولمايتتى. روشەنكى ئۇ، شۇ يىلى چاررۇسىيىدە «ئاق پاشا» نىڭ، گېرمانىيىدە ۋىلىيام II نىڭ، ئاۋسترو - ھونگىر ئىمپېرىيىسىدە ھابۇسبورگ پادىشاھنىڭ، تۈرك ئوسمان ئىمپېرىيىسىدە سۇلتان مۇھەممەد V نىڭ تەختتىن چۈشكەنلىكىنى، ئاشۇ دۆلەتلەر ۋە يېڭى مۇستەقىل بولغان پولشا، بۇلغارىيە، چېخسلوۋاكىيە، ئىسلاندىيە، سۇرىيە، ئافغانىستان قاتارلىق ئەللەردە يېڭى پادىشاھلارنىڭ تەختكە چىققانلىقىنى بىلمەيتتى. ھەتتا ئۆز يۇرتىنىڭ بېقىنىدىكى بۇخارادا «بۇخارا ئەمرى» نىڭ، خىۋە خانلىقىدا خىۋە سۇلتانىنىڭ تەختتىن چۈشكەنلىكىنى، ئافغانىستاندا ھەبىبۇللاخاننىڭ ئۆلتۈرۈلۈپ ئامانۇللاخاننىڭ تەختكە چىققانلىقىنىمۇ بىلمەيتتى. ئۆز دۆلىتىنىڭ ئاستانىسىدە بولسا، يۈەن شىكەينىڭ ئۆلۈپ، لىيۈەنخۇڭنىڭ زۇڭتۇڭ بولغانلىقىنى، جاڭ شۈننىڭ لىيۈەنخۇڭنى قوغلاپ، دۈەن چىرۈينىڭ ھوقۇق ئىگىلىگەنلىكىنى، «راۋاقتا ھەر كۈنى بىر بايراق ئالمىشىپ تۇرغان» لىقىنىمۇ بىلمەيتتى. ئەگەر بىلگىنىدە ئىدى، ھىندىستان تەرەپتىن ئۆتكەن ھېلىقى ئەۋلىيانىڭ: «بۇ يىل پادىشاھ ئالمىشىدىغان يىل» دېگەن كارامەتلىك سۆزىدىن زادىلا گۇمانلانمىغان بولاتتى. ئەگەر ئۇ يەنە ئاشۇ دۆلەتلەردە «پادىشا ئالماشتۇ-رۇش» لارنىڭ قانداق ئېلىپ بېرىلغانلىقىنى بىلگەن بولسا، «شاھ يەڭگۈشلەش» ئۈچۈن قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى، راخمان پادىشاھنىڭ نەدە كەتكۈزۈپ قويغانلىقىنىمۇ بىلىۋالغان بولاتتى...

سىلىم شەيخ «خوتەن قېيىي يولى» بىلەن ئاقسۇغا كېتىۋېتىپ: «ھەيي، لەمپە مازار خوجامدا ھېچكىم قالمىدى...» دەپ ھەسرەت چەكتى. ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ھەسرەت چېكىشى ئورۇنسىز ئىدى. لەمپە ئادەمسىز قالمىغانىدى. راخمان گۈگۈت غەلىيان كۆتۈرۈپ «ئالتە كۈنلۈك پادىشاھلىق» نى باشلىغان كۈنى، ئەپرۇز گۈلۈك خوجىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن چىلىك دارىن يەيدىغان ياۋا توڭغۇزلارغا قاپقان سېلىش ئۈچۈن «كاۋاك» تەرەپكە كەتكەن 30ياشلىق سەئىد دېگەن يىگىت لەمپىدە چۆرگىلەپ يۈرەتتى. ئۇمۇ ھەيران ئىدى. يېرىم تۈمەندىن ئارتۇقراق ھاشارچىنىڭ يەرگە كىرىپ كەتكەنلىكىنى ياكى ئاسمانغا چىقىپ كەتكەنلىكىنى بىلەلمەي ھەيران بولاتتى. كېچە چىققان بوراندىن كېيىن لەمپىدە ئىنسان ئىزى قالمىغان، ھەممە ياقتا ياۋا توڭغۇزلار خارتىلداشقا باشلىغانىدى. سەئىد لەمپىدە تۇرۇپ قالدى. كېيىنرەك ئۇرۇق-تۇغقانلىرى ئىزدەپ كىرىپ، مەھەللىگە ئەپچىقىپ كەتمەكچى بولغان بولسىمۇ، ئۇنىمىدى. ئۇ: چىلىك دارىن تېخى ھاشار تۈگىگەنلىكىنى جاكارلىمىدى، دارىن جانابلىرىنىڭ ئىجازىتىسىز لەمپىدىن چىقىپ كەتسەم بولمايدۇ، دەپ ئويلايتتى. كېيىنكى چاغلاردىمۇ دارىن جانابلىرىدىن ئۇقتۇرۇش كەلمىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە لەمپىدە تۇرۇپ قالدى. لېكىن يالغۇز ئادەم نېمە قىلالايتتى؟ ئۇ، لەمپىنى ئۆزلەشتۈرەلمىدى. سۇ باشلاپمۇ كېلەلمىدى. گۈل-گۈلىستانغىمۇ ئايلاندۇرالمىدى. لەمپە يەنىلا جاڭگال پېتى قېلىۋەردى. لەمپىنىڭ ئېچىلىپ، ھەقىقىي گۈزەل يۇرتقا ئايلاندۇرۇلۇشى بولسا، كومپارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتى ۋاقتىدا ئەمەلگە ئاشتى. «ئالتە كۈنلۈك پادىشاھ» نىڭ غەلىيانىدىن توپتوغرا 40يىل ئۆتكەندە ، ئەينى چاغدىكى «يۇقىرى ئۆرلەش» كوممۇنىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئابدۇۋەلى ھېلىمقۇل توخۇلا تەۋەسىدىن 2500نەپەر ئەمگەكچىنى باشلاپ كىرىپ لەمپىنى قايتىدىن ئاچتى. ئۇلار باراقسان توغراقلار قاپلاپ، قۇملار دۆۋىلىنىپ، قاچاندۇر بىر چاغلاردا يەر ئېچىلغانلىقىدىن ھېچقانداق ئىز قالمىغان بۇ جاڭگالدا ئادەم بالىسىنى ئۇچرىتارمىز، دەپ ئويلاشمىغانىدى. لېكىن يەنىلا چاچ-ساقاللىرى ئۆسۈپ كەتكەن 70ياشلىق سەئىد بوۋاينى ئۇچراتتى. ئۇ تېخى گەپ قىلىشنى ئۇنتۇپ قالمىغانىدى. بوز يەر ئاچقۇچىلارنى كۆرۈپ: «سىلەرنى چىلىك دارىن ئەۋەتتىمۇ؟» دەپ سورىدى، ئەپرۇز گۈلۈك خوجىنى سۈرۈشتۈردى. ئۇنىڭ گېپىنى ھېچكىم چۈشەنمىدى. ئەمگەكچىلەر: «بىز يۇقىرى ئۆرلەش كوممۇنىسىنىڭ ئەزالىرى» دەپ جاۋاب بەردى. سەئىد بوۋايمۇ بۇ گەپنى چۈشەنمىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ يەنىلا لەمپىنى ئېچىش ئەمگىكىگە قاتناشتى. ئەمگەكچىلەر ئارىسىدا راخمان گۈگۈتقا ئوخشاش تەلۋىلەر بولمىغاچقا ؛ لەمپە خاتىرجەملىك ئىچىدە ئېچىلىپ، جەننەتتەك گۈزەل بوستانلىققا ئايلاندۇرۇلدى.

1998-يىل نويابىر، خوتەن

---

ئاپتور: خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكوم پارتكومى تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى(M1)




# يېزىپ بولۇنمىغان «ئەسەر»

(ھېكايە)

ئادىل يىلدىرىم

يېقىندا مەن بىر نەچچە يىل ئەۋۋەل نەشر قىلىنغان بىر ژۇرنالدىن خەلقىمىزنىڭ «مۆچەل» تارىخى ۋە ئۇنىڭ بۈگۈنكى ھالىتىگە دائىر سوئال-جاۋابنى كۆرۈپ قالدىم. مەلۇم بىر ئوقۇرمەن ئۇ ژۇرنال تەھرىرىدىن: بىز «مۆچەل» دە «بېلىق يىلى» دېگەن ئاتالغۇنى ئاڭلاپ چوڭ بولغانىدۇق، ھازىر «بېلىق يىلى» دېگەننىڭ ئورنىنى «ئەجدىھا يىلى» دېگەن گەپ ئىگىلىدى. زادى «بېلىق» دېيىلەمدۇ ياكى «ئەجدىھا» مۇ؟ بۇ ھەقتە چۈشەنچە بەرسىڭىز، دەپ سورىغانىكەن. تەھرىر ئۇنىڭغا: «بېلىق» ئىستېمالدىن قالدى، «ئەجدىھا» دېسىڭىز بولىۋېرىدۇ، دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. راستىنى دېسەم بۇ تومتاق جاۋاب كاللامدىن ئۆتمىدى. بىز تارىختىن بۇيان ئاتاپ ئادەتلەنگەن «بېلىق يىلى» قانداق بولۇپ «ئەجدىھا» غا ئۆزگىرىپ قالدى؟ بۇ مۆچەلنىڭ نامى زادى بېلىقمۇ ياكى ئەجدىھامۇ؟ ۋە ياكى بۇ مىللەتلەر ئارا ئاتاشتىكى پەرقمۇ؟ دېگەن ئويلىرىم ئاساسىدا ئۆزۈمچە بىر ئوبزور يازماقچى بولدۇم. مەن مۇشۇنچىلىك بولغىچە بىرەر نەرسە يېزىپ باقمىغان بولساممۇ، ئەمەلىيەتتە تولىمۇ يازغۇم كېلەتتى. بىر قانچە ئوقۇمۇشلۇق يېقىن دوستلىرىممۇ: ئۇنىڭ بىلىدىغىنى كۆپ، ئۇ ئاقىۋەت يازىدۇ، دېيىشەتتى ئىشەنچ بىلەن. بەزىلىرى ھەتتا ماڭا مەستلىكى كەلگەن دادامدەك كۈلۈمسىرەپ قاراپ كېتەتتى. بۇنداق چاغلاردا كۆڭلۈم شادلىنىپ كېتەتتىيۇ، شۇئان سەۋىيەمنىڭ خېلىلا تۆۋەنلىكىدىن ئىبارەت بىر ئەمەلىيەت خۇشاللىقىمنى ئۆزۈنغا بارغۇزمايتتى. بىراق، غەلىتە يېرى شۇكى، تورۇپلا ئۆزۈمنى تەخمىنەن بىرەر يۈز يىل بۇرۇنقى زامانلاردا ئالامەت يېزىۋەتكەندەك، ھازىر بولسا، بەكلا قېرىپ كېتىپ، ھەممە نەرسە ئېسىمدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن، كىم نېمە دېسە، شۇنىڭغا ھاڭۋېقىپ تېڭىرقاپ ھەم گول بولۇپ يۈرۈدىغان بوۋايدەك ھېس قىلىپ قالىمەن. ناۋادا مۇشۇنداق بولغىنىدا، كونىراپ مەۋجۇدلۇقىنى يوقىتىش ئالدىدا تۇرغان كالامپاي بىر گەۋدىدىن نېمە پەرقىم قالىدۇ؟! چاچلىرىم ئاقىرىپ ۋە چۈشۈپ ئايپائېباشقا ئۆزگىرىۋاتقان بولساممۇ، ساقال-بۇرۇتۇم تولۇق چىقىپ بولالمىدى. نۇرغۇن قىزلار بىلەن مۇھەببەتلىشىپ كۆرگەن ھەمدە نۇرغۇن سەتەڭ چالا چوكانلارغا كۆيۈپ قالغان بولساممۇ، ئەپسۇسكى، تېخىچە ئۆيلەنمىدىم... توۋا؟! نېمىلەرنى دەپ يۈرىمەن-ھە. بولدى، بولدى! بۇنداق كوتۇلداۋەرمەي ئەسلى گېپىمگە كېلەي. ئىلھام كەلگەندە يېزىلغان ئەسەر ھەقىقەتەنمۇ كارامەت چىقىدىكەن جۇمۇ. ئۆمرۈمدە تۇنجى قېتىم راۋۇرۇس ئوخشىتىپ بىر ئوبزور يېزىۋەتتىم! خۇشالمەن، راستىنلا بەك خۇشالمەن. ئۆزۈمنىڭ ھەم ئاز، ھەم ساز يېزىلغان بۇ ئوبزورۇمغا قايتا-قايتا كۆز يۈگۈرتۈپ چىققاندىن كېيىن، ئۆزۈمدىن چەكسىز ئىپتىخارلانغان ھالدا

www.uyghurkitap.com

ئۇڭ قولۇمنىڭ ئالقىنى بىلەن سول مۈرەمنى يېنىككىنە ئىككى-ئۈچ قېتىم پەپىلەپ قويدۇم. لېكىن. . . لېكىن، تۇرۇپلا: بۇ دەسلەپكى يازمام بولغاچقا خاتالىقلارغا يول قويغان بولۇشۇم مۇمكىن، شۇڭا ئەۋۋەل بىر قانچە دوستلىرىمغا كۆرسىتىپ، ئۇلارنىڭ قىممەتلىك پىكرىنى بىر ئاڭلاپ كۆرەي ، دەپ ئويلاپ قالدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە سېمونت ئىشخانىدا ئولتۇرۇۋېرىپ سوغ ئەنگىزى ئېشىپ كەتكەن، شۇنداق بولۇشىغا قارىماي تۇخۇمدىن تۇك ئۈندۈرۈدىغان چاتاقچى تەھرىرلەرنىڭ ئالدىغىمۇ يازغان نەرسەمنى تازا ئوبدان پىشۇرۇپ ئېلىپ بارمىسام بولمايدۇ-دە؟! مەن بەزىلەردىن تەھرىرلەر توغرۇلۇق ئەنە شۇ خىلدىكى پاراڭلارنى ئاڭلىغانىدىم. شۇڭا بۇ سەل قارايدىغان ئىش ئەمەس! دەپ ئويلىدىم. شۇنىڭ بىلەن يازغىنىمنى كۆتۈرۈپ، تۇنجى بولۇپ دوستۇم ئابدۇسالام يوچۇننى ئىزدەپ ئۆيىگە باردىم.

بىرەر قىز بىلەن مۇھەببەتلىشىپ كۆرمىگەن، قىز بالىنىڭ گېپى بولۇنسىلا ، گەپنى بىر ئاماللارنى قىلىپ يۇرۇپ باشقا ياققا بۇرايدىغان بۇ دوستۇم قارىلاق كەلگەن، ھەر قانداق بىر ئاتالغۇنى ئاڭلىسىلا، ئۇنىڭ لۇغەت مەنىسىنى بىلىشكە تىرىشىدىغان ، خىيالچان، غەلىتە مىجەز يىگىت بولۇپ، ھەربىيلىكتىن قايتىپ كەلگەندىن بېرى نېمە تەسىر قىلغان، ئۆزىچىلا سىرتقا چىقماي، ھېچكىم بىلەنمۇ ئارىلاشماي، ساقال-بۇرۇتلىرىنى ئۆستۈرۈۋېلىپ، سىرلىق قىياپەتكە كىرىۋالغانىدى. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا ئۇ: ۋىجدان ئازابى تارتىۋاتىمەن، ماڭا ھېچكىم ياردەم قىلالمايدۇ؛ ئاللا بىلەن ئوتتۇرامدا ئالاقە ئۈزۈلۈپ قاپتۇ، بۇ چاتاق بولغىنى! مەن ئاللانى تاشلىۋەتتىممۇ ياكى ئاللا مېنى تاشلىۋەتتىمۇ؟! مەن توۋا قىلىپ روھىمنى پاكلىمىسام بولمىدى، دەپتۇمىش. بىر كۈنى ئۇ تۇرۇپلا: ئىسلام دىنىدىن خرىستىئان دىنى ئىلغار ئىكەن ، چۈنكى خرىستىئانلار بەكلا تەرەققىي قىلىپ كەتتى ۋە بۈگۈنكى دۇنيانى ئەنە شۇلار چۆرگىلىتىۋاتىدۇ؛ ئەگەر مەھمۇد قەشقەري ھايات بولغان بولسا ، جەزمەن يەنە بىر كاتتا ئەسەر « دىۋانۇ لۇغەتىت ناسارا»نى يازغان بولاتتى ھەمدە كىتابىنىڭ كىرىش سۆزىگە: «تەڭرى جاھان ئەھلىنىڭ ئىختىيار تىزگىنىنى ناسارالارغا تۇتقۇزدى» دەپ قوشۇپ قويغان بولاتتى، دەپتۇدەكمىش. ھازىر ئۇ ئۆيىدە ئىبلىۋىزور كۆرۈپ، كىتاب ئوقۇپ تەپەككۇر قىلىۋېتىپتىمىش.

ئۇ مېنى قىزغىن قارشى ئالدى. ئۇنىڭغا سەپسېلىپ قارىسام، ھېچقانداق غەيرىيلىك يوق، پەقەتكىنە بىر ئالاھىدە ئەھۋال شۇ ئىدىكى، مۈرىسىنىڭ ئۈستىدە يۇملاق بىر كاللەك تۈك ۋە چۇپۇر بولۇپ، ئۇنىڭ ئارىسىدىن بىر جۈپ نۇرسىز كۆز بىلەن ئاپئاق چىش ئاران كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلغۇم كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ھازىر ۋاقتى: ئەمەس، دەپ ئويلىدىم. بەلكىم ھازىر ئۆز ئىشىمنى مۇھىم، دەپ بىلگەندىمەن.

- قالتىس! بەك ئوبدان يېزىپسەن، قوللايمەن! ، - دېدى ئۇ ناھايىتى قىزغىنلىق بىلەن ئېچىلىپ ئولتۇرۇپ، - ئوبزوردىكى «ئۇيغۇرلار مۆچەل بىلەن ھېسابلاش ئۇسۇلىنى ئەڭ دەسلەپ بىلگەن خەلقنىڭ ئەۋلادى» ، « ئۇيغۇرلار ۋە ئۇنىڭ ئەجدادلىرى ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىمىزنىڭ مۇھىم تەركىبلىرىدىن بولغان مۆچەلنى خىلمۇ خىل تارىخىي قىسمەتلەردىن ھەتتاكى ئىسلام دىنى مەدەنىيىتىنىڭ كۈچلۈك زەربىسىدىنمۇ ساپ پېتى ساقلاپ قېلىپ، بۈگۈنگىچە داۋاملاشتۇردى» . . . دېگەندەك جۈملىلەر شۇنداق ئىلمىي ۋە پاساھەتلىك چىقىپتۇ. بىراق، مېنىڭچە، مۇنۇ تەرەپلەردىنمۇ قەلەم يۈگۈرتكىن. ئالايلۇق، «مۆچەل» دېگەن سۆزنىڭ لۇغەت مەنىسىنى ئىزدىنىپ كۆرگىن. ئاندىن « مۆچەل» بىلەن «توتېم» ئوخشاشمۇ؟ «مۆچەل» جاھىلىيەت دەۋرىگە تەئەللۇقمۇ؟ ئۇنىڭ بۈگۈن، ئەتە ئۈچۈن ئەھمىيىتى، زۆرۈرىيىتى ۋە قىممىتى بارمۇ؟ ئۇ بىدئەتمۇ ياكى مۇشرىكلىقمۇ؟ ئىسلام ئېتىقادىدىكى ئۇيغۇر مۇسۇلمانلارغا . . . ھە. . . قىسقىسى، ئىسلام ئىدېئولوگىيىسىگە ئۇيغۇن كېلەمدۇ؟ . . . مۇشۇلارمۇ بەك مۇھىم، ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشقا تېگىشلىك زىددىيەتتۇر. بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئىسلام دىنى، مەدەنىيىتى ، تارىخى نۇقتىسىدىن، مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ بىر پۈتۈن تارىخى نۇقتىسىدىن، پەلسەپە، لوگىكا، تارىخ قاتارلىق مۇستەقىل پەنلەر نۇقتىسىدىن مۇلاھىزە يۈرگۈزۈدىغان بولساڭ، ئىشىنىمەنكى، ئوبزور تېخىمۇ ياخشى چىقىدۇ.

ئابدۇسالام يوچۇننىڭ پىكرى مېنى ئويلاندۇرۇپ قويدى. مەن ئەلۋەتتە ئوبزورۇمنىڭ تېخىمۇ ياخشى چىقىشىنى ئارزۇ قىلىمەن-دە؟! شۇڭا بىر ۋاراق قەغەزگە ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى خاتىرىلىۋالدىم ۋە ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتتىم. ئاخىرىدا مەن ئۇنىڭغا كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ:

- مەن كېيىنكى نۆۋەت كەلگەندە ،تۈك ۋە چۇپۇر ئارىسىغا مۆكۈۋالغان ئۆڭى قارا چىرايىڭنى ئوچۇق كۆرگۈم بار، - دېدىم.

ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتتى.

دوستۇم ئابدۇرېشىت قىزىقماسنىڭ قېشىغا باردىم. ئۇ ئوتتۇرا تېخنىكومنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن تۇرمۇش قىيىنچىلىقىدىن تىجارەت يولىنى تاللىۋالغانىدى. ھازىر ھال-كۈنى راۋۇرۇس ياخشىلىنىپ قالغان بۇ ئاداش قايسى كۈنى بىرسىگە: « مېنىڭدىن بىرەرسى ئىبادەت ئەلامۇ، تىجارەتمۇ؟ دەپ سورايدىغان بولسا، ھېچ ئىككىلەنمەي تۇرۇپ: تىجارەت ئەلا! - دەپ جاۋاب بېرىمەن» دەپتۇدەك. يېقىندىن بۇيان ئۇ يەھۇدىيلارنى ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي «سىرلىق قابىلىيەتلىك مىللەت» ، « ئىلاھىي مىللەت» . . . دەپ ماختايدىغان، ھەۋەسلىنىدىغان بولۇپ قالغانىدى. قارىغاندا، ئۇ يەھۇدىيلارنىڭ دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ زور قىسمىنى مونوپول قىلىۋالغانلىقىدىن ئاجايىپ تەسىرلەنگەن ئوخشايدۇ. يەھۇدىيلەرگە مەستانە بولۇپ قالغان بۇ دوستۇم يېقىندىن بېرى ئېچىۋالغان كىچىككىنە دۇكىنىدا قاچانلا قارىساڭ: « ئۇيقۇمغا قانماپتىمەن» دەپ مۈگدەپ ئولتۇرۇدىغان بولۇپ قالغانىدى. قايسى كۈنى ئۇ ماڭا: « بۈگۈن تاڭغا يېقىن نۇرغۇن پۇلنى ساناپ چۈشەپتىمەن ، ئەمما قورسىقۇم بەك ئېچىپ

كېتىپتۇدەك. بىرسى پۇل تاپتىلىڭ، ئەمدى زاكات ئايرىمامسەن؟ دەپتىكەن، نەدىكىنى؟! تاپقان پۇلۇم قورساقتىن ئاشمايۋاتسا ، زاكاتنى قانداق ئايرىيمەن؟ - دەپتۇدەكمىشمەن. سەھەردە كۆرگەن چۈشنى بىشارەتلىك، خاسىيەتلىك، دەيدىكەن چوڭلار. سەن دەپ باقە، بۇ چۈشنىڭ تەبىرى قانداق؟» دېگەنىدى.

مەن: «ياخشى چۈش كۆرۈپسەن! بىراق مەن يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام ئەمەس، چۈشۈڭگە تەبىر بېرەلمەيمەن» دېگەنىدىم. شۇ چاغدا ئۇ: «ھېلىقى ‹قىسسەسۇل ئەنبىيا› دېگەن كىتابنى ياكى بولمىسا ‹چۈش تەبىرى› دېگەن قوللانمىنى ئوقۇپ باقايمىكىن» دېدى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇنىڭ قۇلىقىغا ئاغزىمنى يېقىن ئەكىلىپ تۇرۇپ مۇنداق دېگەنىدىم: «ئىچىمنى ئاغرىتمىغىنە جېنىم نادان دوستۇم، پال دېگەن شەيتاننىڭ ئىشى، ‹چۈش تەبىرى› دېگەن قانۇنسىز بېسىپ تارقىتىلغان، يالغانچىلىقلار بىلەن تولۇپ كەتكەن كىتابچە، ‹قىسسەسۇل ئەنبىيا› دېگەن ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى بىر نەسرىي ئەسەر، خالاس. مۇھەممەد سالىھ دامولla ھاجى ‹قۇرئان كەرىم›نى بىزنىڭ تىلىمىزغا ئۆرۈپ بەردى، سەن ئۇ كىتابنى تېخىچە ئوقۇپ كۆرمەيسەنۇ، ‹چۈش تەبىرى›دەك نەدىكى ئادەم ئالدايدىغان نەرسىگە قىزىقىدىكەنسەن! داڭلىق يازغۇچىلىرىمىزنىڭ رومانىدىن بىر پارچىنى ئوقى ياكى دۇنياغا مەشھۇر بىرەر چەتئەل يازغۇچىسىنىڭ ئەسىرىنى كۆرۈپ قويساڭ بولىدۇ. قىسقىسى، بەزىلەر سېنى ھازىر 100مىڭ سوم پۇلى بار، دەيدۇ، لېكىن سەن بولساڭ ناھايىتى بىچارە قىياپەتتە تۈگۈلۈپ تۇرۇپ مىڭ سوم پۇل جۇغلىيالمىدىم تېخى، دەيسەن. شۇڭا بارغۇ قارا، ئۇنى-بۇنى قويۇپ، دۇكىنىڭدا غىت قىسىپ ئولتۇرۇپ، پۇلنى جىق تاپتە، ئۆزۈڭ چوڭ بىلىدىغان يەھۇدىي بايلىرىنىڭ قاتارىدىن ئورۇن ئال!» بۇ گەپلەرنى قىلىپ بولۇپ ئۆزۈمنى دانىشمەن ناتىقلارغا ئوخشىتىپ قالدىم. ئۇغۇ خېلى بولۇپ قالغان چاغدىكى پاراڭلار. ئەمدى ئۇنىڭ ئوبزورۇمنى خۇشياقماسلىق بىلەن بىرەر قۇر ئوقۇپ كۆرگەندىن كېيىنكى ماڭا بەرگەن پىكىر-تەكلىپلىرىنى ئاڭلاپ كۆرەيلى: تېخىچىلا بىر قىزبىلەنمۇ مۇھەببەتلىشىپ كۆرمەي تۇرۇپ يىگىلەپ كېتىۋاتقان ئورۇق، ئاق سېرىق، يۇقىرى گرادۇسلۇق كۆزەينەك تاقىۋالىدىغان، ئىلگىرى ئوقۇتقان مۇئەللىمىنىڭ يۈرۈش-تۇرۇشى، سۆزلەش ئۇسلۇبىنى ئۆز ئەينى قوبۇل قىلىپ، ئۆزىگە ئادەتلەندۈرۈۋالغان (لېكىن بۇ بەربىر ياسالمىلىق بولۇپ، بۇ خىل ئادەت ياشانغان ئىلمىي كىشىلەرگە خاس ئىدى)، نېمە ئۈچۈندۇر ھازىر پۇلدىن باشقا ھېچنەرسىگە قىزىقماس بولۇۋالغان بۇ دوستۇم تىجارەتكە يۈرۈش قىلغان چاغدىن تارتىپ ئاندىن جەمئىيەتنى چۈشىنىشكە باشلىغان، ئاقكۆڭۈل، چىقىشقاق يىگىت ئىدى.

- بوپتۇ، - دېدى ئۇ ئەسنەپ قويۇپ، - ئەپسۇسكى، «مۆچەل»نى چۈشەنمەيدىكەنمەن، راستىنى دېسەم، شۇنچىلىك بولغىچە «مۆچەل» دېگەن گەپنىمۇ ئاڭلىمىغانىكەنمەن... ماڭا قارا، ئاداش، ھازىر ھەممىلا ئادەم تۇرمۇش ھەلەكچىلىكىدە تىپىرلاۋاتقاندا، بۇنداق نەرسىلەرگە كىم قىزىقىدۇ، كىم كۆڭۈل بۆلىدۇ، دەيسەن!؟... ئەمما لېكىن ئاتقا مىنىپ قويۇپسەن، ئەمدى يېرىم يولدا چۈشۈۋالماي، ئاخىرىغىچە مىن. بۇنى يازغاندىكىن، راۋۇرۇس ياز، ھازىرچە خېلى بەك خام ئىكەن! «مۆچەل» نېمە-نېمىلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك؟ مەسىلەن، ئالايلۇق، تارىخىي، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي، زامانىۋى تەرەپلەردىن، خۇسۇسەن ئىقتىسادىي تەرەپتىن... چۈشەندىڭمۇ؟ ماتېرىيال كۆرۈشتە قىيىنچىلىقىڭ بولسا، كۇتۇپخانىنىڭ كىنىشكىسىدىن بىرنى ھەل قىل. ئالدىرىما، ئەۋۋەل بىلىم سەۋىيەڭنى، قەلەم كۈچۈڭنى ئاشۇر... مۇمكىن بولسا بارغۇ، ئىقتىسادىي مەسىلىلەرگە دائىر نەرسىلەرنى يېزىشىڭنى تەۋسىيە قىلىمەن. پۇلۇڭ بولسىلا ھەممە نەرسەڭ بار بولىدۇ! بۇ ھەقىقەت! دۇنيانىڭ ماھىيىتى نېمە؟ دۇنيانى نېمە ياراتقان؟ بىر ئېغىز جاۋاب - تىجارەت ۋە ئىقتىساد!

ئويلىنىپ قالدىم. ئەمما نېمىلەرنى ئويلىنىۋاتقانلىقىمنى بىلەلمىدىم. چارچاش ھېس قىلدىم.

ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتتى.

دوستۇم ئېلى ئاشارنى ئىزدىدىم. ئۇ ياش جەھەتتىن مېنىڭدىن خېلىلا كىچىك بولسىمۇ، بىز خۇددى قورداش ئاغىنىلەردەك ئارىلىشاتتۇق. ئۇ گەپنى ناھايىتى تېز سۆزلەيتتى، ئۆزى سەل ھىيلىگە بولسىمۇ، ئەمما چېچەن، خۇشخۇي، ئىنكاسى تېز ئىدى. 250گرادۇسلۇق كۆزەينەك تاقايدىغان، ئاق سېرىق، زىلۋا ھەم ئۆسكىلەڭ بويلۇق بۇ بالا ئوتتۇرا تېخنىكومنىڭ سېلىسارلىق كەسپىنى پۈتتۈرگەن بولسىمۇ، ئەپسۇسكى بىكارچى بولۇپ قالغانىدى. ئاڭلىسام، يېقىندا تەلىيى ئوڭدىن كېلىپ، مەلۇم ساخاۋەتچى مەشھۇر باي كارخانىچىنىڭ سودا شىركىتىدىن ئوبدان بىر خىزمەت تېپىۋاپتۇ. بىر كۈنى بىرەيلەندىن ئاڭلىشىمچە، ئۇ ھازىر قىزلارغا تەلمۈرۈپ قارايدىغان ۋە تېخى ئاخشىمى ئۇخلىغاندا يوتقاننى ئۈستىگە يېپىنماي، ئاستىغا بېسىپ قۇچاقلىۋالىدىغان غەيرىي قىلىقلارنى قىلىپ يۈرگىدەك. مەن ئۈچ يىل ئەۋۋەل ئۇنىڭغا: «كەلگۈسىدە ھەر قانداق داۋان-ئارتتىن ئاشىدىغان ئەر بول!» دەپ «ئاشار» دېگەن تەخەللۇسنى ھەدىيە قىلىۋىدىم، ئۇ بۇنى دەرھال قوبۇل قىلغانىدى.

- پاھ، پاھ... «مۆچەل» دەسلەپتە ئەجدادلىرىمىز ئارىسىدىن خىلمۇ خىل تارىخىي ئالاقىلەرسەۋەبلىك قوشنا خەلقلەر ئىچىگە سىڭىپ كىرگەن ۋە ئۇلاردا مۇۋاپىق ئۆزگىرىش ياساپ، مىللىي تۈس ئېلىپ ئومۇملاشقان. «مۆچەل» شەرقتىكى قانچىلىغان مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ تەركىبىي قىسمىغا ئايلانغان... مانا مۇشۇنداق قۇرلىرى بەك ياخشى چىقىپتۇ، - ئېلى ئاشار ئوبزورنى ئوقۇماقتا ئىدى، - مېنىڭچە، - دېدى ئۇ بىرنەرسىنى بايقاپ، - ئۇيغۇرلار «مۆچەل»نىڭ 5-رېتىدىكى «بېلىق»نى «بېلىق» دەپ ئاتايدىكەن، پارسلار «لەھەڭ» دەيدىكەن، خەنزۇلار بولسا «ئەجدى-

ھا» دەيدىكەن. . . بۇلارنىڭ ھەممىسى سۆز بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. سەن مۇشۇ تېپىشماقنى يەشكىن! ھە، يەنە بىر مەسىلە، «بېلىق» ئۈن-تىنىسىز ھالدا «ئەجدىھا»غا ئۆزگىرىپ كېتىۋاتقانلىقى مەسىلىسىگە كەلسەك، بۇنىڭدىكى تۈپ سەۋەبلەرنىڭ بىرىنچىسى، نەچچە ئون يىلدىن بۇيان ئۆزىمىزنىڭ مىراس «مۆچەل»ىمىزگە ئېتىبارسىز قارىغانلىقىمىز ۋە لازىم بولغاندا، خاس خەنزۇچە تەييار ماتېرىياللارغا يۆلىنىۋالغانلىقىمىزدىن . . . دېگەن قۇردىكى چاتاقنى ئۆزگەرتىپ، قېلىپقا چۈشۈرگىن . مەسىلەن، خەنزۇچە. . . دېگەننىڭ ئورنىغا «باشقا تەييار ماتېرىياللارغا» دەپ ئالساق قانداق؟

ھارغىنلىق ھېس قىلدىم. ئىچىمدە بىرنېمىلەرنى غودۇراپ كەتتىم. لېكىن زادى نېمىلەرنى غودۇرىغانلىقىمنى بىلىپ بولالمىدىم.

ئارىدىن تۆت كۈن ئۆتتى. ماڭا بۇ ئوبزورنىڭ سەۋداسى پەقەت ئارام بەرمىدى ـ دە، دوستۇم دىلشات ساقالنى ئىزدەپ دۇكىنىغا باردىم. ئۇ ھازىر خوتۇنى بىلەن تۇرمۇشىمىزنى ياخشىلايمىز، دەپ كاۋاپچىلىق قىلىۋاتاتتى. ئۇ مېنى تولىمۇ قىزغىن كۈتىۋالدى ـ دە، ئالدىمغا بەش زىخ جىگەر كاۋاب بىلەن بەش زىخ ئۆچەي كاۋاب ئەكەلدى: « ھازىرچە گۆش كاۋىپى چىقىرالمىغۇدەكمەن، ‹ ئاز يەپ ئاسان تىرىل › دېگەندەك. . . شۈكرى. قانداق قىلىمىز ئەمدى. . . كاج تەلەي ئادەم ئىكەنمەن. دېھقان يەرگە باغلانغاندەك، مەنمۇ مۇشۇ ئىشقا باغلىنىپ قالدىم. تاپقىنىم قورساقتىن ئاشمايدۇ، توختاپ قالاي دېسەم دەسمايىدىن ئايرىلىمەن. ئۇنىڭدىن كۆرە، ھازىرچە باشقا ئىشنى قىلىشقا قۇربىتىم يەتمىگەندىكىن، بۇلار بىرگەپ، دەپ مۇشۇ ئوقەتنى قىلىپ كۈن ئۆتكۈزۈپ تۇراي، دېدىم. . . ھە. . . » . ئۇ سەل ئورۇقلاپ قاپتۇ، بوغداي ئۆڭلۈك چىرايى قارىداپتۇ. ئۇ ئارىمىزدا ياشتا ھەممىمىزدىن چوڭراق، ساقال-بۇرۇتلۇق، ئەدەب-قائىدىلىك، پىكىر قىلىدىغان، ئېتىقادى كۈچلۈك، ئاقكۆڭۈل بىر ئىنسان ئىدى. بىزگە نەسىھەت قىلىپ تۇراتتى. «بىز مۇشۇنداق زىمىستاندا توڭلاشقىلا،. تومۇز ئىسسىقتا ئاپتاپقا سالغان قاق گۆشتەك قېيىنلىشقىلا تۆرەلگەنمۇ؟ بۇ دۇنيادىن مۇشۇنداق ئۆتۈپ، ‹ قۇرئان ›دا سۈرەتلەپ بېرىلگەن قاتتىق سوغۇق ۋە قاتتىق ئىسسىق بولمايدىغان جەننەتكە كىرەلەمىزمۇ؟ !» دېدى ئۇ ۋە : « ئەكىلە موخۇركاڭنى، سەن ئاچچىق چېكىسەن، راسا بىرنى چېكەي» دېدى. ئۇنىڭغا تەسەللىي ۋە مەدەت بەردىم. ئۇ كۈلۈپ كېتىپ: « رەھمەت. تەسەللىي ۋە مەدەت بېرىشكە ئاللا ئەڭ لايىقتۇر، ئۇ بىزنىڭ ئىگىمىزدۇر. . . سەن مېنى چۈشەنمەيسەن، مەن دېگەن 1-نومۇرلۇق تەن بەرمەس جاھىل! بۇ تۇرمۇشتىن چوقۇم ئۆتۈپ چىقىمەن. شۇنىسىزە، ئادەم خوراپ كېتىدىكەن! بىزدە ‹ جاپا چەكمەي ھالاۋەت يوق › دەيدىغان گەپ بار. بىراق بۇنىڭ ئەكسىچە، ‹ بۇ دۇنيادا ياشاپ بولماس چەكمەي جاپا، ھالاۋەتنى كۆرمەي تۇرۇپ دۇنيا تۈگەر › دېيىلىدىغان گەپمۇ بار. ھەيي. . . ھېلىمۇ چاتاق يوق، ھامىنى ئۆتۈپ چىقىمىز! » دېدى. ئاخىرى ئۇ ئوبزورىمنى تولۇق كۆرۈپ چىقتى ـ دە، مۇنداق پىكىر بەردى:

ـ مۇمكىن بولسا، قانۇن، ئېتىكا، ئېستېتىكا، روھىيەت ئىلمى- يەنى پسىخولوگىيە قاتارلىق پەنلەر نۇقتىسىدا تۇرۇپ يازغىن، ـ مەن بۇ گەپنى ئاڭلاپ مىجەزىم يوقتەك بولۇپ، شۈكلەپ قالدىم، كاللامدا ھېچقانداق بىر پىكىر يورۇشمەيدۇ. . .

شۇ ھالەتتە خۇددى مەستۇ-مۇستەغرەق ئادەمدەك بەش كۈننى ئۆتكۈزۈپ بولۇپ يەنە بىر دوستۇمنى ئىزدىدىم. ئېگىز بوي، چوڭ كۆزلۈك، كۈلۈپلا تۇرىدىغان، مۇڭداشقاق ۋە يۇۋاش بۇ دوستۇمنىڭ ئېتى ئەخمەتجان بولۇپ، بىز ئۇنى ئۆزىنى «ئۆزبېك» دەۋالىدىغانلارنىڭ قاتارىغا قوشۇۋەتكەندۇق. ئالىي مەكتەپنىڭ خەنزۇ تىلى كەسپىنى پۈتتۈرۈپ، شەھىرىمىزدىكى قايسىدۇر بىر مەھەللە ئىش باشقارمىسىدا خىزمەتكە چۈشكەن بۇ دوستۇم كونا كىتاب-ژۇرنال، گېزىت -ماتېرىياللارنى يىغىپ ساقلاشقا ھېرىسمەن ئىدى. يەتتە يېشىدىن تارتىپ تا ھازىرغىچە بولغان ئۆمرى سېمونت سىنىپتا دەرس ئاڭلاش بىلەن ئۆتكىنىگە قارىماي، ئۇنىڭ ساغلام ھەم قامەتلىك ئۆسكەنلىكىگە ھەيرانمەن. ئۇ ھازىرمۇ كەچكۈرستا ئىنگلىزتىلىنى ئۆگىنىۋاتاتتى. ئۇ، تارىخ بىلەن تېپىشماققا ئوخشايدىغان سىرلىق ئىشلارغا تولىمۇ قىزىقاتتى. ئۇچار تەخسە قانداق نەرسىدۇ؟ چىڭگىزخاننىڭ قەبرىسى نەدىدۇ؟ ئاتىللانىڭ قەبرىسى راستتىنلا دوناي دەرياسىنىڭ تېگىدىمۇ؟ ھېتلىر زادى ئۆلگەنمۇ ياكى تىرىك قالغانمۇ؟ دېگەندەك مەسىلىلەرگە قىزىقاتتى. ئۇ ھەممىدىن بەك ئوتتۇرا ئەسىر فرانسىيىسىدە ياشىغان نوستىرا داموسقا ھەيران قالاتتى. تېخىچە بىرەر قىز بىلەن مۇھەببەتلەشمىگەن ، قەلبى مۆلدۈردەك تازا دوستۇم ئەخمەتجان «ئۆزبېك» ئوبزورىمنى ھەۋەس بىلەن ئوقۇپ چىقتى. ئەمما ئۇ يازغىنىمنى بىر ئېغىز بولسىمۇ «ياخشى» دەپ قويمىدى، ئەكسىچە ئادەمنى ھەيران قالدۇرارلىق دەرىجىدە پىكىر-تەكلىپلىرىنى بايان قىلغىلى تۇردى:

ـ ئازراق پىكرىم بار، ـ دېدى ئۇ ناھايىتى سەزگۈر ھالەتتە، ئۆزى خۇددى 1940-يىللاردىكى جۇڭگو كوممۇنىستلىرىدەك ئىككى ئالقىنىدا بېلىنى بوشقىنە قاماللىۋېلىپ، توختىماي ئۇياق-بۇياققا مېڭىپ ھەم بىردەم-بىردەم ئوڭ قولىنى كۆتۈرۈپ قويۇپ دانە-دانە قىلىپ سۆزلەيتتى. توۋا، ئۇنىڭ چوڭ ھەم چېقىر كۆزلىرى بىلەن ئېگىز بۇرنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ، ئۇ بەئەينى ياش ماۋزېدۇڭغا ئوخشاپ قالغانىدى، ـ ئوبزورىڭدا تارىخ بىلەن رېئاللىقنى، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى بىلەن بۈگۈنكى سوتسىيالىستىك جۇڭگو مەدەنىيىتىنى ۋە 5000 يىللىق ئۇلۇغ جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنى بىرلەشتۈرۈپ، ماركسىزملىق دىئالېكتىكا ئۇسۇلىنى قوللىنىپ يازغىن. بۈگۈنكى بۈيۈك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى، ئۆزئارا ئىناق، تەسىرچان مۇناسىۋەتنى، جەمئىيىتىمىزنىڭ مۇقىملىقىنى، تەرەققىي قىلىۋاتقانلىقىنى، كومپارتىيىنىڭ توغرا رەھبەرلىكى ۋە چەكسىز غەمخورلۇقى بىلەن دۆلىتىمىزدىكى ئازسانلىق مىللەتلەر ئەدەبىيات-سەنئىتىنىڭ ،

جۇملىدىن مەدەنىيىتىنىڭ گۈللەپ-ياشناۋاتقانلىقىنى ئېنىق مۇئەييەنلەشتۈرگىن ۋە يەنە شۇنىڭ بىلەن بىرگە «مۇچەل» نىڭ ئەنە شۇ جەھەتتىكى ئوينايدىغان مۇھىم رولى، ئەھمىيىتى قاتارلىق تەرەپلىرىنى تارىخىي ماتېرىيالىزملىق مەيداندا تۇرۇپ، توغرا شەرھىيلەپ بەرگىن. بۈگۈننى ئاساس قىل، بۈگۈننى گەۋدىلەندۈر. ئالاھىدە ھوشيار بولغىنكى، بىلىپ-بىلمەستىن ساقلىنىپ قالىدىغان ھەر قىسما چوڭ-كىچىك خاتالىقلارغا قەتئىي ئورۇن قالدۇرما! ئەنە شۇنداق قىلساڭ، كېسىپ ئېيتىمەنكى، كاۋابمۇ-زىقمۇ كۆيمەيدۇ؛ ھەر قانداق گېزىت-ژۇرنال تالىشىپ تۇرۇپ قوبۇل قىلىدۇ؛ ھەرقانداق تەھرىرگىمۇ ئاۋارىچىلىق بولمايدۇ...

مەندە يوشۇرۇن خاراكتېرلىق كېسەل بارمىكىن، دەپ ئويلايمەن. چۈنكى ھازىر ئۆزۈمدىكى بىر خىل غەيرىي نورمال ئالامەتنى سەزدىم. دوستۇمنىڭ گېپى بىلەن ئەۋۋەل مېڭەم قاتتىق چىڭقىلدى، ئاندىن چاقماق تېزلىكىدە پۈتۈن بەدىنىمگە ئاغرىق تاراپ كەتتى ۋە ھالسىزلىنىپ ئولتۇرۇپ قالدىم. بىر ھازادىن كېيىن سەل ئوڭشالدىم-دە، تۇرۇپلا ئۆز-ئۆزۈمدىن ئەنسىرەپ قالدىم. مەن تېخى ئۆيلەنمىگەن ياش تۇرسام، ھېلىتىن بۇنداق بولغىلى تۇرۇۋاتسام... ئەتە-ئۆگۈن مەن... مەن قانداق بولۇپ كېتەرمەن؟! يەنە «كۆتۈرەلمىسەڭ ساڭگىلىتىۋال» دېگەندەك ھاياتىمدا تۇنجى قېتىم يازغان ئاددىي ئوبزورىمدىن ئەنسىرەپ قالدىم. چۈنكى ئۇ شۇنچىۋالا كۆپ تەرەپلەرگە چېتىلىدىغان تېما بولۇپ قاپتۇ ئەمەسمۇ؟!

شۇ كۈنى كېچىسى بىر قورقۇنچلۇق چۈش كۆردۈم: غۇۋا يورۇق چەكسىز ئورمان، يالغۇز كېتىۋاتقۇدەكمىشمەن. يۈرىكىم دۈپۈلدەپ سوقۇپ: «ئىتتىك ماڭ!» دېگىدەك، ئەمما شۇنچە كۈچىسەممۇ قەدەملىرىم بەك ئېغىر ھەم بەك ئاستىكەن. دەرەخلەرگە قاراپتىمەن، بەك كۆپ، سان-ساناقسىز... بەزىلىرى تۈز، بەزىلىرى ئەگرى، بەزىلىرى توم، بەزىلىرى ئىنچىكە، يەنە بەزىلىرى ياشىرىپ ۋە قەددىنى رۇس تۇتۇپ تۇرغان، يەنە بەزىلىرى قۇرۇپ قاقشال بولۇپ قالغان، بەزىلىرى سۇنغان، يەنە بەزىلىرى بولسا، پورلىشىپ كەتكەنىكەن... ئالدىمدا... يىراق يەرلەردە... سەل-پەل ئېگىزدە يوغان بىر قوياش نۇرى ئاجىزلىغان ھالدا، يوغان بىر ئالتۇن تاۋاقتەك مۇئەللەقتە ساڭگىلاپ تۇرغۇدەكمىش. باشقا ئەھۋاللار ئېنىق ئەمەس، كۈن چىقىۋاتامدۇ ياكى ئولتۇرۇۋاتامدۇ، بۇنىسى ماڭا نامەلۇم، بىلەلمىدىم... ئۇشتۇمتۇت، ناھايىتى تۇيۇقسىز، شەپىسىز ئارقامدىن بىرسى پەيدا بولدى، دەرھال قاراپ قورقۇپ كەتتىم. سايە، ياق-ياق، بىر قارا گەۋدە. ياق، بىلەلمىدىم. ئىشقىلىپ، بىرەيلەن. ئۇ ماڭا: «سەن ھېلىقى ئوبزورنى يىرتىۋەت، كۆيدۈرۈۋەت، ھاجەت قىلغاندا كۆتۈڭنى ئېرتىقىن. ئاگاھلاندۇرىمەن، بۇنىڭدىن كېيىن بىرنەرسە يازىمەن دېمە!» دەۋاتقۇدەك. ئۇنىڭ ئاۋازى تونۇشتەكلا قىلىدۇيۇ، كىمنىڭ ئاۋازىلىقىنى ئېنىق بىلەلمەيۋاتقۇدەكمەن... يەنە ئۇشتۇمتۇت... يەنە ناھايىتى تۇيۇقسىز... يەنەشەپىسىز ئالدىمدىن بىرسى پەيدا بولدى، دەرھال قاراپ، قورقۇپ كەتمىدىم. نۇر... ياق-ياق، بىر يورۇقلۇق... ياق. بىلەلمىدىم. ئىشقىلىپ، بىرەيلەن. ئۇ ماڭا:

«سەن ھېلىقى ئوبزورنى يىرتىۋەتمىگىن، كۆيدۈرۈۋەتمىگىن، ھاجەت قىلغاندا كۆتۈڭنى ئۇنىڭ بىلەن ئېرتمىغىن، ئاگاھلاندۇرۇمەن، بۇنىڭدىن كېيىن بىرنەرسە يازىمەن، دېگەن ئىرادەڭدىن قايتمىغىن!» دەۋاتقۇدەك. ئۇنىڭ ئاۋازى بەكمۇ يېقىملىق بولۇپ، تونۇشتەكلا قىلىدۇيۇ، كىمنىڭ ئاۋازى ئىكەنلىكىنى بىلەلمەيمەن.

ئارىدىن ئالتە كۈن ئۆتكەندە، تۇرۇپلا ئويلىنىپ قالدىم: «40 يىلدا بىر ئېشەك ئويۇنى» دېگەندەك، ئۆمرۈمدە تۇنجى يازغان نەرسەم ماڭا بىر بالا بولدىغۇ ئەمدى. ئاناڭنى...! قانداق دېگەن گەپ بۇ؟! قېنى، يەنە بىرسىگىمۇ كۆرسىتىپ باقايچۇ، ئۇ نېمە دەيدىكىن...

شۇنىڭ بىلەن نانۋاي دوستۇم ھامۇت چىڭگىزنى ئىزدەپ، ئۇنىڭ ناۋايخانىسىغا كىردىم. «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم»، «ۋائەلەيكۇم ئەسسالام». ئۇ ئىشنى توگىتىپ ئارام ئېلىپ ئولتۇرغانىكەن، مېنى قارشى ئېلىپ ئورنىدىن تۇردى. بىز قول سىقىشىپ كۆرۈشتۇق ۋە بىرەر قۇر تىنچ-ئامانلىق سوراشقاندىن كېيىن ھەم ئۇزۇن، ھەم توم قىلىپ موخۇركىدىن بىرنى ئورىدۇق-دە، بىردەم مۇڭدىشىپ ئولتۇردۇق. بىرتال موخۇركىنى تەڭ چېكىشىپ ئولتۇرغاچ كېلىش مۇددىئايىمنى ئېيتىۋىدىم، ئۇرازىمەنلىك بىلەن: «بولىدۇ» دېدى. باشلانغۇچ مەكتەپنى توگىتىپلا نانۋايغا شاگىرت بولغان، ھالا بۈگۈنكى كۈندە پۈتۈنسۈرۈك بىر ئۇستا بولۇپ يېتىشكەن، ئۇستىسىدىن دۇئا ئېلىپ، ئۆز ئالدىغا دۇكا، ئېچىۋالغان بۇ دوستۇم قاپىقى يامان، بىرئ پىخسىق، جاھىل، تەرسا، دەۋاسى قاتتىق، قوپ ھەم ئاغزى بىزەپ، مىجەزى ئوسال بىر يىگىت ئىدى قىسقىسى، ئۇنىڭ ئالدى گۈل، كەينى تىكەنىدى. پۇل تاپىمەن، دەپ ھەپىلەپ-ئىلاپ دەم ئالمايتتى. ھازىرغىچە ئۆيلەنمىگەن بۇ بويتاق دوستۇم فىزىئولوگىيىلىك ئېھتىياجى قوزغالغاندا — راسا «ئىنەكسىرىگەندە» ئاندىن يانچۇقىغا بىرەر-ئىككى يۈز سوم پۇلنى سالاتتى-دە، كوچىمۇكوچا ئايلىنىپ يۈرۈپ، ئاخىرى ھەمراھتىن بىرنى تاپاتتى، ئۇنىڭ بىلەن قېنىشىپ بولغاندىن كېيىن ھاراقنى تازا ئىچىپ، ئۆلگىدەك مەست بولىۋالاتتى. ئۇ بەزىدە ئۇشتۇمتۇتلا: «مەن ياپىچۇېتىلگەن بوقا بولمىسام!؟ ئويىنىسام نېمە بوپتۇ!» دەپ قوياتتى. ئۇ بەزىدە ھەتتا ئادەم قېلىپىدىن چىقىپمۇ قالاتتى. ئۇنىڭ ئەڭ رەزىل قىلمىشى شۇكى، ئۇ بىر قېتىم بىر غىتمەك بىلەن بەچچىۋازلىق قىلىشىپتۇ! ئۇ دەسلەپ: «ئوغۇلبالا ئەركەك بولغاندىكىن، ھەممە ئىشنى قىلىپ كۆرۈش كېرەك، بۇنىڭ نېمىسى يامان!» دەپ ئۆزىنى ئاقلىدى. كېيىن دوستلارنىڭ راستىنلا ئۇنىڭدىن قاتتىق يىرگەنگەنلىكىنى بىلدى-دە، «خاتا قىپتىمەن، توۋا قىلسام بولمىدىمۇ؟!» دېدى. ئاخىر ئۇ قاتتىق پۇشايمان قىلدى ۋە: «مەن ساراڭكەنمەن... ياق! ساراڭمۇ ھەرگىز ئۇنداق پەسكەشلىكنى قىلمايدۇ... مەن... مەن توۋا قىلدىم. ئۆز ۋاقتىدا لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى بەچچىۋازلىق قىلىشىپ ھەددىدىن ئېشىپ كەتكىنى ئۈچۈن ئاللا ئۇلارنى جازالىغانىكەنغۇ!؟ پەخىرلىك بوۋىمىز، ئۇلۇغ خاقانىمىز سەئىدخاننىڭ بىر نەۋرە قېرىندىشى بوۋىمىز بابۇرخانمۇ بەچچىۋازلاردىن قاتتىق نەپرەتلەنگەن ئەمەسمىدى!؟» دېدى. بىراقزە، بۇ تەرى سورۇن دوستۇم كىتاب-ژۇرنال، گېزىت

دېگەنلەرنى ئالاقويماي ئوقۇيتتى، رادىئو ئاڭلايتتى، پىكىر قىلاتتى، گەپ-سۆزلىرى جايىدا ئىدى. ئىچكى-تاشقى ۋەزىيەتكە كۆڭۈل بۆلەتتى، نەدىن سۆز باشلىساق «بىلمەن!» دەپلا قويالايتتى. تارىخقا، سىياسىيغا ۋە ھەربىي ئىشلارغا ئەڭ قىزىقاتتى.

ئۇ ئوبزورنى كۆرۈپ بولۇپ، كىملەرنىدۇر ئىلمدىكى مەسئۇلىيەتسىزلىكتە قاتتىق ئەيىبلىگەندىن كېيىن سۆزلەشكە باشلىدى:

- ئوبزوردا مەھمۇد قەشقەرىي تەمىنلىگەن «مۆچەل»گە ئائىت تارىخىي ئۇچۇرلار بىلەن خەلقىمىز ئارىسىدا ساقلىنىپ كەلگەن «مۆچەل» قوشاقلىرىدىن. بىرنى نەقىل كەلتۈرۈپ ناھايىتى ياخشى قىپسەن، ياشا!... دېدى ئۇ ۋە گېپىنى يۆتكەپ مۇنداق مەسلىھەت بەردى:

- ئوبزورنى يەنىمۇ كۆلەملەشتۈرگىن. ئالايلۇق: «مۆچەل» نىڭ تارىختا ھەربىي ئىشلاردىكى رولى، ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىدە تۇتقان ئورنى، ئاسترونومىيە پېنى بىلەن، شېئىرىيەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى دېگەندەك تەرەپلەرنى ئېنىقلاپ چىققىن. ئاندىن تىلىنى ئۆتكۈر قىل، ئوبزور قىسقا بولۇپ قاپتۇ، ئۇزارتقىن، مەيلى ئۇ زورھەجىملىك ئىلمىي قامۇس بولۇپ كەتسىمۇ.

باش قېتىنچىلىقىدا قالدىم. ئاددىيغىنە بىر پارچە ئوبزورنىڭ كونسېرى شۇ قەدەر مۇرەككەپلىشىپ كېتىدىغانلىقىنى ئازراقمۇ ئويلىمىغانىكەنمەن.

ئارىدىن يەتتە كۈن ئۆتۈپ كەتتى. ئۆزۈمچىلا ئاچچىق ئارىلاش جاھىللىقىم تۇتتى-دە، يەنە قانداق پىكىر-تەكلىپلەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىدىغانلىقىنى بىلگۈم كېلىپ، دوستۇم ئەزىمەت ساقچىنى ئىزدەپ، ئۆيىگە باردىم. ئاق-سۈزۈك، ۋىجىك، خۇشخۇي، نازۇك تەبىئەتلىك، سۆھبەتخۇمار بۇ دوستۇم توي قىلىش ئالدىدا تۇراتتى، ئۇنىڭ لايىقىمۇ ئوماق ۋە چىرايلىق، تۈزۈك ۋە كېلىشىملىك بىر قىز ئىدى. ئەزىمەت ساقچى قاچانلا كۆرسەڭ: «تۈنۈگۈن بىرسىنى تۇتتۇۋالغاندۇق، ئۆيىدىكىلەر ئۇنى ئېتتىكرەك ئېلىپ چىقىپ كېتىش غەرىزىدە بىزنى قاتتىق مېھمان قىلدى، راسا يەپ-ئىچىپتۇق... كۆپرەك ئىچىپ قويغانىكەنمەن، بۈگۈن چىشلىۋاپتۇ. تۈنۈگۈن ئاشخانىسىغا كىرىپ ئاچچىق-چۇچۇك بىرنەرسە ئىچىپ چىققاي» دەيتتى ياكى بولمىسا: «بۇرناكۈن بىر خىروئىن بەڭگىسىنى تۇتقان، ئۇنىڭ خوتۇنى قاش ئېتىپ ۋە ئەركىلەپ كېتىۋاتىدۇ، كاساپەت، شۇنداق سەتەڭ قانچۇقكەن دېسىنا! ئۆزىمۇ بۇقىسىراپ كەتكەن‹ ئىلمىي يەمچى › ئىكەن، شۇنىڭ بىلەن پۇرسەتنى قولدىن بەرمىدىم... ساراڭ پاسكىنا شورايدىكەن ئەمەسمۇ...» دېگەندەك گەپلەرنى قىلاتتى.

ئۇ، ئوبزورنى كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن: «مىنىڭچە، بىر نەچچە مەسىلە بار ئىكەن» دېدى تاماكىسىنى قاتتىق-قاتتىق بىر قانچىنى شورىۋېلىپ:

- «بىر كونلەرگە بارغاندا‹ تاشقا ئايلانغان بېلىق › نى تارىخ مۇزېيىغا قويۇپ پەخىرلەنگىمىز بارمىكىن يا»، ‹ بېلىق›‹سۇ› دىن ئايرىلالماسلىقى كېرەك»، «ئۇيغۇرغا‹ ئەجدىھا › دېيىلىدىغان ئەپسانىۋى غەلىتە مەخلۇققا قارىغاندا، ‹ بېلىق › دەپ ئاتىلىدىغان رېئال، نەسلى قۇرۇپ كەتمىگەن مەۋجۇد ھايۋاننىڭ نامى تونۇشلۇق ئىدى» ۋەھاكازا دېگەندەك جايلىرىنى چىقىرىۋەتكىن. ئوبزور سەل جىق يېزىلىپ قاپتۇ، قىسقارتقىن. ئېسىڭدە بولسۇنكى، يازغان نەرسەڭ ھەرگىز سىياسىيغا تاقاشمىسۇن! بۇنداق دېسەم ھەيران قېلىۋاتىسەنغۇ؟ ھازىر ۋەزىيەت كەسكىن، يېمىگەن ماتىنىڭ پۇلىنى تۆلەپ يۈرمە-يەنە!

بىر نەرسە يازىمەن دېگەنگە «داد-پەندىيات» دەپ تۇۋلاپ سالغىلى قىل قالدىم. قورقۇپ قالدىم. تۇۋا، تۇۋا؟! «يېتىمنىڭ ئاغزى ئاشقا تەگسە، بۇرنى قاناپتۇ»، «يېتىمنى ئات ئۈستىدىمۇ ئىت چىشلەيدۇ» دەپتىكەن ئاتا-بوۋىلىرىم. ئاھ، پەرۋەردىگارىم، قۇرۇق سۆز، قۇرۇق تۆھمەتتىن، ھەر بالا، ھەر قازادىن ئۆزپاناھىڭدا ساقلىغىن! سەن ماڭا ئىگىسەن ھەم ماڭا سەن ئەڭ كۇپايىسەن. جىن-شەيتانلارنىڭ شەررىدىن، ئادىمىي شەيتانلارنىڭ شەررىدىن پاناھ تىلەيمەن! قورقۇپ كەتكىنىمدىن ئەنە شۇنداق دۇئا قىلىشقا مەجبۇر بولدۇم... ماۋۇ ئاداش نېمىدەپ يۈرۈيدۇ؟ سىياسىي... بىرنېمە... بىرنېمە... دەيدۇيا؟ ئەمەلىيەتتە سىياسىي دېگەن زادى نېمە ئۇ؟ بىلمەيمەن. چۈنكى سىياسىينى چۈشەنمەيدىغان بىر مىللەتنىڭ ئوغلىمەن... بىراق، ئوبزورىم... ئۇ ئاخىرى قانداق بولۇپ كېتەر؟ بولدى قىلاي دېسەم، كۆڭلۈم ئۇنىمايدۇ! ئەستەغپۇرۇللا...

بۇ كۈنى كېچىسى يەنە بىر قورقۇنچلۇق چۈش كۆرۈپتىمەن، ئەمما قەتئىي ئەسلىيەلمىدىم. بۇ چۈشنىڭ غۇۋا ساقىندىلىرى مۇنۇلار: نۇرغۇن ئىت ۋە كۈچۈكلەر، بۇت ۋە كرېست بەلگىسى، قىزىل رەڭ بىلەن كۆك رەڭ - مانا شۇلاردىن ئىبارەت. ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئاغزىمنىڭ چۆرىسىگە قوقاق چىقىپ كەتكىنىنى بىلدىم. ھېسابلىسام ساپمۇ ساق 15سائەت ئۇخلاپتىمەن، قورسىقىممۇ ئېچىپ كورکىراپ كېتىپتۇ. چوڭ-كىچىك تەرەتلەرمۇ قىستاپ كېتىپتۇ... يائاللا... نېمە ئىشلاربولۇپ كەتتى-ھوي... راست، راست... توغرا، شۇنداق! قورقۇپ كېتىپتىمەن ھەم ئېغىر دەرىجىدە چارچاپ كېتىپتىمەن...

ئارىدىن يەنە سەككىز-ئون كۈن ئۆتۈپ كەتتى.

ئىرادەم بوشاشمىدى، ئوبزورىم توختىماي ماڭا ۋەسۋەسە سېلىۋاتاتتى. قارىغاندا، ماڭا ئۆيمۇئۆي كىرىپ توختىماي غەيۋەت قىلىدىغان ھازازۇل خوتۇنلارنىڭ كوت-كوت مىجەزى سىڭىپ قالغانغا ئوخشايدۇ. ياق... كوت-كوت مىجەز ئەمەس، توغرىسى- خۇمسى مىجەز! بۇنىڭغىمۇ ئانچە بەك ھەيران قالمايمەن، چۈنكى ھازىر ئۇيغۇرلاردا ئەركەك مىجەز ئەرلەر ئاز قالدى، تولىسى (ئەلۋەتتە، مەنمۇ شۇلارنىڭ تەركىبىدە) خۇمسى مىجەز.

شىماللىق بىر ئوقۇتقۇچى قىز بولىدىغان، ئۇ ئالىي مەكتەپنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن يۇرتىدىكى بىر ئوتتۇرا مەكتەپتە ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى بولغانىدى. ئۇ، بەلگىلىك بىلىم سەۋىيىسىگە ئىگە، سەزگۈر ۋە ئەقىللىق، تەپەككۇرغا باي، پىكىر قىلىپ تۇرىدىغان، كۆزلىرىدىن خىيالچانلىقى چىقىپ تۇرىدىغان، مۇڭداشقاق ۋە چىقىشقاق، ئۆزى تۈزۈك كەلگەن بىر ياخشى قىز ئىدى. ئۇنىڭ ئەڭ چوڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئادالەتپەرۋەر ۋە ھەقىقەتچى بولۇپ، ھەرقانداق ساختا ھەقىقەتنى شۇ زاماتلا بىلىۋالىدىغان ھەم ئۇنىڭغا يۈرەكلىك ھالدا قارشى تۇرالايدىغان خىسلەتكە ئىگە ئىدى. ئۇ بىر يېڭىلىقپەرۋەر - ئىدىيىسى ئازاد ئىسلاھاتچى ئىدى. ئۇ، دېڭ شياۋپىڭغا بەك قايىل ئىدى. ئۇ ھەقىقىي بىر ئىسلاھاتچى، دەيتتى ئۇ. ئۇقىزدىكى غەيرەت-شىجائەت خېلى-خېلى

www.uyghurkitap.com

ئەرلەردە تېپىلمايتتى، ئۇنىڭدىكى ئىقتىدار خېلى-خېلى ئادەم بالىلىرىدىن تېپىلمايتتى.

ئۇ ئەرەب تىلىدىن دەرسلىك كىتاب تۈزۈپ، نەشر قىلدۇرغانىدى. تېخى تويى قىلىنمىغان بۇ گەپدان قىز ئاشۇ كىتابقا ئائىت بىر ئىشلار بىلەن بۇ شەھەردە ۋاقىتلىق تۇرۇۋاتاتتى.

بۇ قىزنىڭ ئىسمى بۇۋى مەريەم ئىدى. مەن بۇ پىكىردىشىمنىڭ تۇرۇۋاتقان يېرىگە ئۇنى ئىزدەپ باردىم. ئۇ بارىكەن، ئەھۋاللاشتۇق.

— ئۆتكەندە ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى بىر يۈرۈش 12پارچە «مۆچەل» كىتابچىسىنى نەشر قىلىپ تارقاتتى، شۇنىڭدا« بېلىق» دەپ ئالدىغۇ؟ — دېدى ئۇ ماڭا قاراپ.

— ئۇغۇ شۇنداق بولغان، — دېدىم مەن چۈشەنچە بېرىپ، — لېكىن، بۇ ھەقتە ئايرىم بىر نەرسە يازمىسا بولمايدۇ، دەپ قارايمەن.

— سەۋەب؟ — دېدى ئۇ.

— بەش يىلنىڭ ئالدىدا مەن دۆڭكۆۋرۈك ئەتراپىدا ئىككى نەپەر گاچا ئايالنى كۆرگەنىدىم، ئۇلارنىڭ بىرسى ئۇيغۇر، يەنە بىرسى خەنزۇ ئىكەن. ئۇلار يوغان ھەم كىرلىشىپ كەتكەن بىر پارچە ئەسكى لاتىغا «شياڭگاڭدىن كىرگەن ئەڭ يېڭى ئېلېكترون مېڭىلىق مۆچەل تەبىرلىرى» دەپ يېزىۋاپتۇ. ھەر بىر ۋارىقىغا بىر مۆچەلنىڭ تەبىرى بېرىلگەن قەغەزنى بىر سومدىن سېتىۋاتاتتى. كىشىلەر: «مەن ئىت يىللىق»، « سەن توڭغۇز يىللىق»...

دېيىشكىنىچە، خۇددى چىنتەمەنى ئەڭگۈشتەرنى تالاشقاندەك تالىشىپ تۇرۇپ سېتىۋېلىۋاتاتتى. ئۇ قەغەزگە ئادەمنىڭ ھەتتا قانچە ياشقىچە ئۆمۈر كۆرۈدىغانلىقىمۇ يېزىلغانىكەن. مەسىلەن، توشقان يىللىق ئادەمدىن 10مىڭى بولسا، ئاشۇ 10مىڭ نەپەر توشقان يىللىقنىڭ ھەممىسى ئوخشاش ئۆمۈر كۆرۈدىكەن! ئاڭلىدىڭىزمۇ؟ ئادەملەر شۇنىڭغىمۇ ئالدىنىپ يۈرۈۋاتامدۇ... قارىسام، «مۆچەل»نىڭ 5- قاتارىدا «بېلىق» كۆرۈنمەيدۇ، ئەكسىچە «ئەجدىھا» تولغانغان ھالدا ھەيۋەت بىلەن تۇرىدۇ. ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتكەندىن كېيىنكى بىر كۈنى دۆڭكۆۋرۈك ئەتراپىدا ھېلىقى ئىككى ئايالنى يەنە كۆرۈپ قالدىم! بىر پارچە ھەم يوغان، ھەم كىرلىشىپ كەتكەن كونا لاتىغا : « شياڭگاڭدىن كىرگەن ئەڭ يېڭى 12﴿ مۆچەل ﴾نى داغدۇغىلىق قانات يايدۇرايلى! » دەپ يېزىۋاپتۇ. شياڭگاڭ-شاڭخەينىڭ، گۇاڭجۇ - شىنجېڭنىڭ، پاكىستان - كەشمىرنىڭ ، ئۈرۈمچىنىڭ، ھەرەمنىڭ... دەپ قويسا، بىز خەقنىڭ قانداق سىياققا ئۆزگىرىپ كېتىدىغانلىقىمىزنى سىز ئوبدان بىلىسىز... مۇنداقلا سۈرۈشتۈرسەم، ئۇ ئىككى ئايال ئاپتونوم رايونلۇق دەمدۇ، شەھەرلىك دەمدۇ، ئىشقىلىپ «بىرنېمە»لىك... مېيىپلار جەمئىيىتىدىن ئىكەن. بۇ كۈنىمۇ مۆچەل قەغىزىدە «بېلىق» يوق، «ئەجدىھا» تۇرىدۇ. يېقىندا ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 12كىتابچىنى نەشر قىلىپ بەك ئوبدان قىلدى. «بېلىق»نى كۆپ سانلىق ياشانغانلار بىلەن ئاز سانلىق ئوتتۇرا ياشلىقلار ھېلىھەم ئۇنتۇپ قالمىدى، ئەمما ناھايىتى كۆپ سانلىق ياشلار بىلمەيدۇ. قايسى بىر كۈنى بىرەيلەن: « بالام 1988-يىلى تۇغۇلغان، ئەجدىھا يىللىق» دەۋاتىدۇ. مەن: « ئەجدىھا ئەمەس ،بېلىق! » دېسەم، ئۇ ئادەم ماڭا بەئەينى چاھارپايغا ئوخشاش چەكچىيىپ قاراپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا بىر تاغار سۆزلەپ كېتىپتىمەن، تولىمۇ ئەپسۇس! ئۇ، يا، ياق، يا، ھە دېمىدى. بۇنىڭغا كۆڭلۈم بەك يېرىم بولدى دەڭا.

بۇۋى مەريەم گەپلىرىمنى زەن قويۇپ ئاڭلىغاندىن كېيىن:

— چۈشەندىم، قىلغىنىڭىز ناھايىتى توغرا بوپتۇ. سىزمۇ ماڭا ئوخشاش ھەقىقەتچىكەنسىز جۇمۇ. «ھەقىقەت ئېگىلىدۇ، سۇنمايدۇ». ھەقىقەتچى ئادەمنى خەلق ھامىنى بىر كۈنى چۈشىنىپ يېتىدۇ ۋە قەدىرلەيدۇ، — دېدى. مەن مېيىقىمدا كۈلۈپ قويدۇم ۋە ئۇنىڭ بۇ ئوبزورغا ئوبدانراق پىكىر-تەكلىپ بېرىشىنى ئۆتۈندۈم. ئۇ بىر ئازغىنە خىيال قىلىپ تۇرۇۋالدى-دە، ئۆزى زۆرۈر دەپ بىلگەن پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى:

— ئوبدان يېزىپسىز، يەنىمۇ تىرىشىڭ! — دېدى ئۇ ھاياجان بىلەن سۆزلەپ، — «مۆچەل» بىر ئەھمىيەتلىك تېما ئىكەن، ئۇنى تاللىۋېلىپ توغرا قىپسىز. مېنىڭچە بولسا، «مۆچەل»نىڭ ئۇيغۇر تارىخى ۋە كلاسسىك ئەدەبىياتىدا تۇتقان ئورنى، سالمىقى؛ تارىختىن بۇيانقى ماتېماتىكا، دىن-ئىدېئولوگىيە، مۇنەججىملىك، يېزا ئىگىلىكى، چارۋىچىلىق، باغۋەنچىلىك، ئوۋچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك ، ئۆرۈش ۋە تۇرمۇش، دۇنيا قاراش قاتارلىق نۇرغۇن جەھەتلەردىكى مۇناسىۋىتى ھەققىدە ئىزدىنىڭ ۋە يەنە بۇگۈنكى ئەھمىيىتى توغرىسىدا كۆپرەك توختىلىڭ، — ئۇ شۇلارنى دېدى. ئاھ، تەڭرىم، دەۋەتتىم مەن، قانداق قىلاي؟ مەن ئەزەلدىن بىتەلەي بىر بەندە. بىر چېلەك سۇ ئالاي دەپ قويسام، ماڭا كەلگەندە ئەزىم دەريانىڭ سۈيىمۇ قۇرۇپ قالىدۇ؛ مەن ئامراق كىنو ياكى تېلېۋىزىيە تىياتىرىنى بەرگەندە ،ئۆيۈمدىكى تېلېۋىزور پەقەت ياخشى چىقمايدۇ...

ئۆز-ئۆزۈمگە قىيداپ يۈرۈپ يەنە توققۇز كۈننى ئۆتكۈزۈۋەتتىم-دە، دوستۇم ئابلەت ئەسمەرەمنى ئىزدىدىم. باشلانغۇچ مەكتەپتىكى چېغىدا تۇرك خەلق ناخشىلىرىدىن «ئەسمەرەم»نى ئېيتىشقا ئامراق بولغانلىقى ئۈچۈن بىز ئۇنى «ئەسمەرەم» دەۋالغانىدۇق. شوپۇر بولۇش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان بۇ بويتاق دوستۇم بويى پاكار، قاراماتاق، كۆزلىرى نۇرلۇق، شېئىرغا ھەۋەس قىلىدىغان، مۆجىزىسىمان ئىشلارغا قىزىقىدىغان يىگىت ئىدى. ئۇنىڭ ئاغزىدىن ھەر خىل غەلىتە ۋە ھەيران قالارلىق ۋەقەلەرنى ئاڭلاپ تۇراتتۇق. «جەنۇبقا تۇغقان يوقلىغىلى بارغاندا، — دەيتتى ئۇ بەزىدە، — بىر كۈنى ھويلىدىكى كارىۋاتتا ئولتۇرۇپ كىتاب كۆرۈۋاتاتتىم، ھاۋا ئۇچۇق ئىدى. تۇيۇقسىز شارقىراپ يامغۇر ياغدى-دە، بىردەمدىلا ھويلىنى سۇ قىلىۋەتتى. تۇۋا قىلدىم، غەلىتە يېرى شۇكى، مەن بار كارىۋاتقا بىر تامچىمۇ يامغۇر چۈشمىدى جۇمۇ! كىتابنى خاتىرجەم ئولتۇرۇپ ئوقۇۋەردىم»... «بىر كۈنى كېچىدە يالغۇز كېتىۋاتسام، ئالدىمغا بىر ئايال كىشى ئۇچرىدى، يېقىن كەلگەندە قارىسام، ئۇ ئەسلى بىر ئەر كىشىكەن» دەيتتى. ئۇ يەنە : « سالام قىلاي دەپ تۇرۇشۇمغا ئۇنىڭ بىر غىتمەك ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالدىم-دە، ئادەمدەك ياشا ھەي ئەخمەق، بۇيۇك ئاتىمىز ئادەمنىڭ شەنىنى بۇلغىما! — دېيىشىمگە ئۇ بىر قىبرى ئاق ئۆچكىگە ئايلىنىپ قالدى! ئاللا... بۇ ئەسلىدە بىر ئالۋاستى ئىكەن، — دەپ بەدەر قاچتىم» دەيتتى.

— ناھايىتى ياخشى يېزىپسەن، يارايسەن! — دېدى ئۇ قابىلىيىتىمگە ئارقا-ئارقىدىن ئۈچ قېتىم مەدھىيە ئوقۇغاندىن كېيىن، پىكىر-تەكلىپلىرىنى بەردى:

— ئەپسۇس، بەك ئاز بولۇپ قاپتۇ. ئەسىرىڭگە قارىتا پىكىرىم مۇنداق: «مۆچەل»نىڭ دۇنيا كالىندارچىلىقىغا، ئالەم قاتنىشى، ۋاقىت ھېسابلاش پەن-تېخنىكىسى ۋە كومپيۇتېر ئىلمىگە، جاھان مەدەنىيىتى ۋە تەرەققىياتىغا قوشقان تۆھپىسىنى باھالىغىن، مۇئەييەنلەشتۈرگىن. ھاۋارايى ئىلمىگە تەسىر كۆرسەتكەنمۇ-يوق، بۇ ھەقتە ئىزدەنگىن. بېلىق يەرشارىغا قاچان، قايسى دەۋردە پەيدا بولغان؟ بۇ ئەڭ مۇھىم! بۇنى كىلىمات، تەبىئەتشۇناسلىق، ھاياتلىقشۇناسلىق، ئىنسانشۇناسلىق، لۇغەتشۇناسلىق، كەلگۈسىشۇناسلىق، جانلىقلار تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيىسى قاتارلىق كۆپ تەرەپلىمە پەن ۋە نەزەرىيە نۇقتىسىدا تۇرۇپ تەتقىق قىل. جۇغراپىيە، ئارخېئولوگىيە، گېئولوگىيە ھەتتاكى فىزىكا-خىمىيە، ئالگېبرا، گېئومېترىيە قاتارلىق بارلىق پەنلەر نۇقتىسىدىنمۇ تەتقىق قىل.

.. ئاندىن بېلىق گۆشىدە مول ئوزۇقلۇق قىممىتى بار، دەيدۇ، شۇڭا ئىمكانقەدەر... ئوزۇقلۇقشۇناسلىق تەتقىقات نەتىجىلىرىدىنمۇ مەلۇم تەركىب قوشۇپ ئۆتكىن. دېمەكچىمەن، ئۇيغۇر «مۆچەل»دە كۆرسىتىلگەن «بېلىق» ئالتۇن بېلىقمۇ، تاسما بېلىقمۇ؟ ئىت بېلىقمۇ ياكى كارىپ بېلىقمۇ؟ مانا مۇشۇلارمۇ تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدۇ. ئىمكانىيىتىڭ يار بەرگەن بولسا بېلىقچىلارنىڭ ئارىسىدا بىرەر يىل ياشاپ، تۇرمۇش ئۆگەنگەن بولساڭ بەك ياخشى بولاتتى. بىراق، ئەپسۇس، بۇنىڭغا شارائىتىڭ يوق. ئەجدىھاغا كەلسەك، ئۇنىڭ زادى مەۋجۇد بولغان-بولمىغانلىقى توغرىسىدا، خەنزۇ مىللىتىدە ئۇنى ئۇلۇغلاش ئېتىقاد چۈشەنچىسىنىڭ ئېمىشقا شۇنچىلىك كۈچلۈكلۈكى توغرىسىدا ئىزدىنىش قىلغىن. ئومۇمەن خەنزۇلار ئەجدىھانى تۆت پۇتى بار، دېڭىز-ئوكيانلاردا ياشايدىغان، قۇرۇقلۇقتىمۇ ھەرىكەت قىلالايدىغان غايەت زور مەخلۇق، دەيدىكەن. بۇ نېمە ئۈچۈن؟ ئەجدىھا ئوبرازى ئات باشلىق، بۇغا مۈڭگۈزلۈك، بۈركۈت تىرناقلىق، يىلان تەنلىك قىلىپ تەسۋىرلىنىدىكەن، بۇمۇ نېمە ئۈچۈن؟ ھەيي.

.. سەن ئەڭ ياخشىسى خەنزۇ تىل-يېزىقىنى راۋۇرۇس بىر ئۆگەنگىن، شۇ چاغدا ئەجدىھانىڭ سىرىنى توغرا بىلەلەيسەن. مانا شۇلارمۇ بەك مۇھىم. يىغىپ ئېيتقاندا، يۇقىرىقىلار بىلەن بىرلەشتۈرگەن ھالدا مۇسا ئەلەيھىسسالام قىسسىسى بىلەن خىلمۇ خىل مىللەتلەردىكى ئەجدىھاغا ئائىت ئەپسانە-رىۋايەتلەر، فانتازىيە ھەمسەنئەت (ھەيكەلتى-راشلىق، نەققاشچىلىق، رەسساملىق) دېگەنلەرنىمۇ ئاساس قىلىپ ئولتۇرۇپ ئىزدىنىپ ۋە تەتقىق قىلىپ، ئوبزورنى قايتىدىن بىر يېزىپ پۈتكۈزىدىغان بولساڭ... يا ھەزرەت! يا خۇدا! كارامەت بىر ئەسەر بولغان بولاتتى-دە. بولسا شۇنداق قىل.

يا ئاللائىگەم، ئوبزورىمغا ئەڭ ياخشى، شۇنداقلا ئەڭ دەھشەتلىك پىكىر بەرگەن دوستۇم مۇشۇ ئابلەت ئەسمەرەم بولۇپ قالدىمۇ نېمە؟! مەن بۇ «ئەسەر»نى يازالارمەنمۇ-يازالماسمەنمۇ؟ دوستلىرىمنىڭ دېگەنلىرىدەك قىلىش ئۈچۈن ئالدى ئەلفارابىي، كەينى ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئەپەندىگە ئوخشاش پەننىڭ ھەممىلا ساھەسىگە تەك ھۇجۇم قىلىپ، مۇتەپەككۇر، پەيلاسوپ، دانىشمەن بولۇشۇم كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن 70 — 80 يىل ئۆمۈر كۆرۈپ، ساغلام ھەم «خىزىر سۈپەت» بوۋاي بولالىشىم كېرەك... قانداق قىلىشىمنى بىلمىدىم. راست، مەن تېڭىرقاپ قالدىم. ناۋادا «ئەسەر»ىمنى ئۆز ھالىتى بىلەن مەلۇم گېزىت ياكى ژۇرنالغا ئېلىپ بارسام، گويا جەننەت بىلەن دوزاختا مۇئەككەل پەرىشتىلەرگە ئوخشاپ قالىدىغان ئاشۇ جاپاكەش تەھرىرلەر نېمە دەيدۇ تېخى. ناۋادا دوستلىرىمنىڭ دېگىنىدەك قىلسام (توغرىسى، شۇنىڭغا جۈرئەت قىلالىسام)، «ئەسەر»ىمنى يېزىپ بولۇشقا ئۆمرۈم يېتەرمۇ؟! قانداق قىلسام بولار. يەنە بىرسىنى ئىزدەپ كۆرەيمۇ؟ ئەمدى ئىزدىمەكچى بولسام كىمنى ئىزدەي. ئىشەندىمكى، يەنە ئىزدەيدىغان بولسام، ئۇ ھالدا جەزمەن باشقا بىر تۈرلۈك «ئەسەر» يېزىشىمغا توغرا كېلىدۇ، ناۋادا شۇنىڭغا قەلەم سەۋىيەم يەتسىلا! كېسىپ ئېيتىمەنكى، بۇسۆيۈملۈك دوستلىرىمنىڭ دېگىنىچە بولسا، ئۇلار مېنى يا جاھاندىكى ئەڭ بىلىملىك قەلەمكەش ئالىمغا ئايلاندۇرۇپ چىقىدىغان ياكى بولمىسا، مېنى مەڭگۈ بىر نەرسە يازالمايدىغان، ھەتتاكى بىر نەرسە يازىمەن دېگەن خىيالنىمۇ قىلالمايدىغان بىر ئادەمگە ئۆزگەرتىپ قويىدىغان ئوخشايدۇ.

1999-يىل 2-ئىيۇن، ئۈرۈمچى

---

ئاپتور: پار قازان ئىشچىسى، بۇ ھېكايە ئۇنىڭ تۇنجى ئەسىرى (M1)

كومپيۇتېر مەشغۇلاتىدا: ماشىنىست ۋە بەتچى رىسالەت مۇھەممەت

بۇ سانىنىڭ مەسئۇل كوررېكتورى: قۇربان مامۇت

# باراڭ ئاستىدىكى پاراڭلار



## مەھمۇد ئىلياس ئىدىقۇتلۇق

ئويۇن-چاقچاق ئورنىدا ئېيتىلسا بىر سۆز،
ئالار ژىرەك ئادەم ئايرىمچە مەنپەئەت.
ھەزىلنىڭ ئورنىدا ئاڭلايدۇ نادان،
ئوقۇلسا ئالدىدا يۈز بابچە ھېكمەت.

– شەيخ سەئدىي

### تام ۋە تانا

تامچى ئۇستام تام قوپۇرۇۋاتاتتى، مەن ئۇستامغا خىش يەتكۈزۈپ بېرىۋاتاتتىم. تام قوپۇرۇلۇپ يېرىملاشقاندا ، ئۇستام قارىدىكى، تام تانىدىن قېچىپ كېتىپتۇ. تامنى توغرىلاپ تانا بىلەن بىردەك قىلىش كېرەك. ئۇستام تامغا ھەممە ياقتىن قاراپ چىقتى؛ تامنىڭ ئۇلىغا، ئۇستىگە، ئىككى باشقا قارىدى؛ ئارقا ۋە ئالدىنى تەپسىلىي كۆزەتتى. ئامال تېپىلدى. ئۇستام تانىنى سۇرۇپ داجىغان تامغا توغرىلاپ قويدى.

– ئۇستام،– دېدىمەن ھەيرانلىق بىلەن،– تام تانىغا توغرىلىنامدۇ ياكى تانا تامغا؟

– تانىنى تامغا توغرىلايدىغان چاغلارمۇ بولىدۇ، بولۇپمۇ مۇشۇنداق چاغدا،– دەپ جاۋاب بەردى ئۇستام.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ خاتىرجەم ئىشنى داۋام ئەتكۈزدى.

### پەتىۋا

يولۇچى ئېشىكىگە مىنىپ مەھەللە چېتىدىكى كۆۋرۈككە كەلگەندە ئېشەك كۆۋرۈكتىن ئۆتمەي تۇرۇۋاپتۇ. يولۇچى ئۇنى ھەرقانچە دىۋىتىپ، ئۇرۇپ باقسىمۇ، ئېشەك كۆۋرۈكتىن ئۆتكىلى زادىلا ئۇنىماپتۇ. ئېشەك بىلەن يولۇچى ئوتتۇرىسىدا تىركىشىش باشلىنىپتۇ. بۇنى ئەتراپتىكىلەر كۆرۈپ تۇرغانىكەن.

– ئۆتمىگىنىڭنى كۆرەي، كۆۋرۈكتىن ئۆتمىگىچە ئۇستۇڭدىن چۈشمەيمەن، -دەپ قەسەم قىپتۇ يولۇچى.

بۇ ئىشقا ئەمدى باشقىلارمۇ ئارىلىشىپتۇ. كىشىلەر ئېشەكنى كەينىدىن ئىتتىرىپتۇ، نوختىسىدىن تۇتۇپ تارتىپتۇ، نەتىجىسى بولماپتۇ. كىشىلەر ئاخىرى يولۇچىغا نەسىھەت قىپتۇ؛ لېكىن يولۇچى قەسەم قىلىپ قويغانىكەن، ئەمدى ئۇ، ئېشەكتىن شۇنداقلا چۈشۈپ كەتسە بولمايدىكەن. شۇ چاغدا ، بۇ ئىشنى كۆرۈپ تۇرغان بىر كىشى ئۇلارنىڭ يېنىغا كەپتۇ-دە، ئېشەكنى نوختىسىدىن تۇتۇپ تارتىپ كۆۋرۈك بېشىدىكى يوغان بىرتۇپ ئۈجمە تۈۋىگە ئاپىرىپ تۇرغۇزۇپ قويۇپتۇ. يولۇچى ئېشەك ئۇستىدە ئىكەن.

– ئۈجمىگە چىق،– دەپتۇ ھېلىقى كىشى يولۇچىغا.

يولۇچى ئۆجمىگە يامىشىپ چىقىپتۇ. ئېشەكنى بولسا نېرى ئېلىپ كېتىشىپتۇ.

- ئەمدى ئۆجمىدىن چۈش، - دەپتۇ ھېلىقى كىشى.

يولۇچى ئىككىلىنىپ تۇرۇپ يەرگە چۈشۈپتۇ.

- سېنىڭ قەسىمىڭ بۇزۇلمىدى، سەن ئېشەكتىن چۈشمىدىڭ، ئۆجمىدىن چۈشتۈڭ، - دەپتۇ ھېلىقى كىشى يولۇچىغا. يولۇچى خاتىرجەم بوپتۇ.

## بوۋام ۋە نەۋرەم

دادامنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، بوۋام بالا ۋاقتىدا دادىسى ئۇنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىپ ھەج سەپىرىگە ئاتلانغانىكەن. ئاتا-بالا ئىككەيلەن سەپەر ئالدىدىكى قۇربان ھېيت نامىزىنى ئۆتەپ بولغاندىن كېيىن، يۇرتنىڭ دۇئاسىنى ئېلىپ، ئۆزلىرىنى ئاللانىڭ ئىلكىگە تاپشۇرۇپ، بىر ئېشەك بىلەن تۇرپان ئاستانىدىن يولغا چىقىپتۇ. ئۇلار يۇرتمۇ يۇرت يول يۈرۈپ، سەپەر ئۈستىدە ئۇدۇل كەلگەن يەردە قونۇپ، مىڭبىر مۇشەققەتلەر بىلەن ئۈچ يىلدا ئاخىرى مەككە مۇكەررەمىگە يېتىپ بارغانىكەن.

بوۋامنىڭ دادىسى موللا مەرۇپ ساۋاتلىق كىشى بولۇپ، يول ئۈستىدە ھەر بىر چوڭ مەدرىسە، خانىقالارغا چۈشۈپ دەم ئالغاچ ئۇ يەرلەردە بىر مەزگىل ئىستىقامەت ۋە ئىلمىي مۇنازىرىلەردە بولىدىكەن.

موللا مەرۇپنىڭ قەشقەردىن كەشمىرگە ئۆتۈشكە تەرەددۇت قىلغان ۋاقتى، شۇ يىلقى قىشنىڭ سوغۇق مەزگىلىگە توغرا كېلىپ قاپتۇ.

- موللام، ھاۋا سوغۇق، ياز يورىغاندا يولغا چىقالا، ئاتا-بالا ئىككەيلەن داۋاندا توڭلاپ قالالمىدىكىن، - دەپتۇ بىر ياخشى نىيەتلىك مۇسۇلمان، موللا مەرۇپقا.

- ئەگەر ئاللا «مەرۇپ بىلەن ئوغلى نىيازنى يول ئۈستىدە داۋاندا توڭلىتىپ قويۇپتۇ» دېگەن ئاتاقنى كۆتۈرسە، مەن رازى. ياخشى كۆڭۈللىرىگە رەھمەت، يولۇمدىن قالماي، -دەپ جاۋاب بېرىپتۇ چوڭ بوۋام.

چوڭ بوۋامنىڭ سەپەر ئۈستىدە ئۆز تەسىراتلىرىنى نۇرغۇن شېئىر قىلىپ يازغانلىقى مەلۇم. ئۇنىڭ تۇرپان ئاستانە ئەلپەتتاخان خوجام مازىرىغا تەقدىم قىلغان بىر توپلام قولىيازمىسى بولۇپ (بۇ كېيىن يىتىپ كەتكەن)، دادام ئۇنىڭدىن ئۆز يادىدا قالغان قىسقا ئىككى پارچە مەزمۇننى كېيىنكى كۈنلەردىمۇ بىزگە ئوقۇپ بېرەتتى. ئۇلارنىڭ بىرى، چەتئەللەرنىڭ تەرەققىياتى توغرىسىدا، يەنە بىرى ئىجتىمائىي جەمئىيەت توغرىسىدا ئىدى:

I

پەرەڭ ئەھلى بۇ يولدا كۆپ ئىجتىھات ئەتتى،
گاھى دەرياغا فىل①ۋە تاغنى كەستى.

II

تاپتى نادان تېممىتى دۇنيانى كۆپ،
بەرمىدى دانا قولىغا پارە نان.
يېدۇرۇپ ھەردەم چىۋىنگە قەنتتۇ شېكەر،
دائىما بەردى ھۇما②غا ئۇستىخان.
ئەگرىلەرگە قىلىپتۇ خىرمان نېسىپ،
راستلەرگە يوقتۇر ھەتتاكى سامان.

(«كەلىلە ۋە دىمنە»دە مۇشۇ مەزمۇندىكى شېئىر باشقىچە ۋارىيانت بىلەن ئۇچرايدۇ.)

ھەج تاۋاب مەزگىلىدە مەرۇپ ھاجى چوڭ بوۋام ۋابا كېسىلى بىلەن مەككىدە ۋاپات بولىدۇ. بوۋام نىياز ھاجى ئۇ يەردە تىكىمچىلىكتە ئۈچ يىل شاگىرت ئىشچى بولۇپ ئىشلەپ، ئاندىن تۇرپانغا قايتىپ كېلىدۇ.

بۇ، 19-ئەسىرنىڭ 90-يىللىرى مەزگىلى بولۇپ، ئۇ چاغدىكى ئەڭ چوڭ ئىككى قاتناش قورالى پاراخوت بىلەن پويىز ئىدى. نىياز ھاجى بوۋام ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسىگە ئولتۇرۇپ باققان ۋە خېلى تونۇش ئىكەن.

1909-يىلى تۇرپان ئاستانىغا ئېكىسپېدىتسىيەچىلەر چۈشكەن بىر دانە ئاپتوموبىل كېلىدۇ. يېزا باللىرى ۋاڭ-چۇڭ قىلىشىپ، ھەممەيلەن ئۆيلىرىدىن چىقىپ، ھەيرانۇ-ھەسلىكتە ئاپتوموبىلنى تاماشا قىلىشىدۇ.

- دادا، كوڭكا كەپتۇ، ئات قوشمىسىمۇ ئۆزى ماڭىدىكەن، -دەپ خەۋەر قىپتۇ نىياز ھاجىمغا، ئوغلى يۈگرۈپ كىرىپ.

- ئەخمەق! ساراڭ بولما، ئۇلاغ قوشمايدىغان نەرسە تۆمۈرنىڭ ئۈستىدە ماڭىدۇ، بۇ يەردە تۆمۈر يول بولمىسا، - دەپ تېرىكىپتۇ بوۋام.

كېيىن بوۋام چىقىپ قاراپ باقسا «كوڭكا» راستىنلا تۇپىلىق يولدا بەخۇدۇك كېتىۋاتقىدەك. بوۋام كەينىگە ئۆرۈلۈپلا ئۆيگە كىرىپ كەتكەنچە ئىككىنچىلەپ كوڭكىغا قارىمىغانىكەن.

دادام تەقۋادار كىشى بولسىمۇ، جەدىتلىك تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقتىن كىنو - تىياتىرلارنى كۆرۈپ

① فىل - كۆۋرۈك.
② ھۇما - خاسىيەتلىك ساماۋىي قۇش، بۇ قۇش قۇرۇق ئۇستىخان يەيدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭدىن ھېچكىمگە ئازار يەتمەيدىكەن.

تۇراتتى. كېيىنكى كۈنلەردە بىر قېتىم مەن دادامغا ھەمراھ بولۇپ بىر نازىرنىڭ ئۆيىگە باردىم. نازىر ئۆيىدە خوتۇن-بالىلىرى بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ تېلېۋىزور كۆرۈۋاتقانىكەن. مەن تېلېۋىزورنى ئىلگىرى كۆرۈپ باقمىغان بولساممۇ، لېكىن ئۇنى ئوقۇغان ماتېرىياللاردىن بىلەتتىم؛ دادام ئۇنى زادىلا بىلمەيتتى.

— ئەجەب ئەپلىك كىچىك كىنولارمۇ بارئىكەن-ھە؟! ئۆيدە قويۇدىغان، — دېگەنىدى دادام شۇ چاغدا. بۇ، شىنجاڭدا تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ئەمدىلا قۇرۇلۇپ سىناق تەرىقىسىدە ئىشلەۋاتقان مەزگىل ئىدى.

ئوغلۇم دۇنياغا كۆز ئېچىپ نەرسىلەرنى پەرق ئېتەلەيدىغان بولغان چاغدىن تارتىپلا ئۆيدە تېلېۋىزور كۆرۈشكە باشلىغانىدى. ئۇنىڭ ئۈچۈن تېلېۋىزور خۇددى ئۆيدىكى چىنە-تەخسىلەرگە ئوخشاشلا بىر نەرسە ئىدى. بىر كۈنى كەچتە مەن ئۇنى تۇنجى قېتىم كىنوغا ئېلىپ باردىم. چىراغ ئۆچۈپ كىنو ئېكرانى يورىدى.

— دادا! ئەجەب يوغان تېلېۋىزورلارمۇ بار ئىكەن-ھە؟! زاللاردا قويۇدىغان، — دېدى ئوغلۇم ئېكراندىكى چېچىپ كېتىۋاتقان غايەت يوغان ئاتنى كۆرۈپ.

ئوغلۇم چوڭ بولۇپ ئۇرۇمچىدە ئۆيلەنگەندىن كېيىن ئۆزىنىڭ توي خاتىرىسى ئۈچۈن ئىددىشتا ئەنجۈر كۆچىتى ئۆستۈردى. نەۋرەم ئەتراپىدىكى نەرسىلەرنى پەرق ئېتەلىگىدەك بولغان چاغدا ئەنجۈر كۆچىتى مېۋىگە كىردى. نەۋرەم كىچىك ئويۇنچۇق چېلەك بىلەن ھەر كۈنى ئەنجۈرگە سۇ قۇياتتى. يەردە ئۆسكەن ئەنجۈرنى ئۇ تۇنجى قېتىم تۇرپانغا بارغاندا كۆردى. نەۋرەم مېۋىسى مەي باغلاپ كەتكەن يوغان ئەنجۈرنى بىر ئايلىنىپ چىقتى.

— چوڭ دادا! ئەنجۈرنىڭ تەشتىكى يوقمۇ، سۇ قۇيسا ئېقىپ كەتمەمدۇ؟ — دېدى ئۇ يېگىمنى تارتىپ تۇرۇپ.

مەن چۈشەندىمكى: كىشىلەرنىڭ بىلىشى ئۈزلۈكسىز بولىدۇ. ھەر بىر يېڭى بىلىم ئەسلىدىكى كونا بىلىم ئۈستىگە قۇرۇلىدۇ ياكى ئۇنىڭغا باغلىنىپ ھاسىل بولىدۇ.

بوۋام ئۆزى بىلمەيدىغان «كوڭكا»نى ئۆزى بىلىدىغان پويىز بىلەن باغلىدى. دادام كىنونى بىلەتتى، شۇڭا تېلېۋىزورنى «كىچىك كىنو» دەپ چۈشەندى؛ ئوغلۇم تېلېۋىزورنى بىلەتتى، شۇڭا ئۇ كىنونى چوڭ تېلېۋىزور، دەپ چۈشەندى. نەۋرەم يەردە ئۆسكەن رەسمىي ئەنجۈرنى ئۆزىدە بار بولغان تەشتەك ئەنجۈرى ئۇقۇمىغا باغلاپ قوبۇل قىلغىنىدەك، چوڭ بوۋام مەرۇپ ھاجىمۇ ئۆزى دۇچ كېلىدىغان «توڭلاپ قېلىش»نى، مېڭىسىدە ئەسلى مەۋجۇد بولغان كۈچلۈك ئېتىقاد «ئاللا»غا باغلاپ ھەل قىلغان بولسا كېرەك.

## مەدھىيە

كىشىلەرنى مەدھىيىلىگىنىڭىز كەلسە، بۇ تولىمۇ ئوبدان ئىش. مەدھىيىلىگىنىڭىزدە سىز ھېچقانداق چىقىم تارتمايسىز؛ لېكىن بۇنىڭ سىزگە پايدىسى ناھايىتى كۆپ، ھېچ بولمىغاندا ئۇنىڭ سىزگە بىرەر زىيىنى تەگمەيدۇ. بىراق سىز ئېيتقان مەدھىيە سۆزلىرى شۇ كىشىنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك. بۇنداق بولمىغاندا، مەدھىيىلەنگۈچى سىزنى تۇترۇقسىز، خۇشامەتچى كىشى ئىكەن، دەپ قالىدۇ.

قارشى تەرەپتە سىز مەدھىيىلىگىدەك كۆرۈنەرلىك ئارتۇقچىلىق بولمىسا قانداق قىلىش كېرەك؟!

بىر زات جامائەت ئىشلىرى بىلەن، خەلقنىڭ دەردى-ھالىنى بىلىش ئۈچۈن يۇرت ئارىلاپ يۈرگەنىكەن. جۇدۇنلۇق بىر كۈنى بۇ كىشى يولدا كېتىۋېتىپ ياقا بىر جايدا يىراقتىن بىر ئۆينى كۆرۈپ قاپتۇ. بېرىپ قارىسا، كونىراپ كەتكەن بۇ ئۆيدە بىر بوۋاي بىلەن بىر موماي تىرىكچىلىك قىلىپ تۇرىدىكەن. بۇ مۆتىۋەرنىڭ كەلگەنلىكىدىن ھەر ئىككىيلەن ھودۇقۇپ، ئالدىرىشىپ قاپتۇ. قازاندا ئاش تەييار ئىكەن، لېكىن موماي بۇ غېرىبانە مېھماننىڭ ئالدىغا قويۇشقا خىجىل بوپتۇ. بۇنى سېزىپ تۇرغان مېھمان:

— «ياخشى مېھمان ئاش ئۈستىگە» دەپتىكەن، ئۇلگۇرۇپ كەپتىمەن، ئاشنى تارتسىلا، ھاۋا سوغۇق، مۇزلاپ قالمىسۇن، — دەپتۇ.

موماي كۆپ خىجالەتچىلىكتە مېھماننىڭ ئالدىغا ئۇگرە ئاشتىن بىر چىنە قويۇپتۇ. مېھمان ھوزۇرلانغان قىياپەتتە ئاشنى ئىچىپ تۈگۈتۈپتۇ ۋە بۇ تائامغا مەدھىيە ئوقۇماقچى بوپتۇ. نېمە دېيىش كېرەك؟ «ئاش شورپىلىق، ئەجەب ئوبدان بوپتۇ» دەي دېسە، ئاشقا گۆش توغرالمىغانىكەن. «تۇرۇپ — سامساقلىرى ئاغزىمغا بەك تېتىدى» دەي دېسە، ئاشقا ھېچقانداق كۆكتات سېلىنمىغانىكەن. ئۇگرە چۆپىنى ماختاپ قوياي دېسە، چۆپنىڭ كېسىلىشى ئىنچىكە ئەمەس، يېيىلىشى قېلىنراق ئىكەن. «تۇز-تەمى تەڭشىلىپ ئوبدان بوپتۇ» دەي دېسە، ئاشنىڭ تۇزىمۇ تېتىمىغانىكەن. پەقەت بۇ ئاش ئىسسىق ئىكەن.

— ئىسسىق، ئەجەب ئوبدان ئىچىۋالدىم، پۇت-قولۇمنىڭ ئۇچىغىچە باردى، — دەپتۇ مېھمان ۋە دۇئاغا قول كۆتۈرۈپتۇ.

بوۋاي بىلەن مومايىنىڭ چىرايىغا دەرھال كۈلكە يۈگرۈپتۇ، كەيپىيات كۆتۈرۈلۈپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار ئۆز ئادەمدەك ھال-مۇڭ ئېيتىشىپتۇ.

www.uyghurkitap.com

## ئالتۇننىڭ قەدرىنى زەرگەر بىلۇر

تۇردى ئاخۇن ئاكا ئۇيغۇر 12مۇقامىنى ئېسىدە تولۇق ساقلاپ، ئۇنى زامانىمىزغىچە يەتكۈزۈپ كەلگەن ھۆرمەتكە سازاۋەر مۇقام ئۇستازى.

ئۇ كىشىنى ھۆكۈمەت تەرەپ 1950-يىللارنىڭ باشلىرىدا ئۈرۈمچىگە تەكلىپ قىلىپ ئەكىلىپ، مەخسۇس مۇقام ئېيتقۇزغان ۋە ئاۋازىنى سىمغا ئالغانىكەن (ئۇ چاغلاردا سىملىق ئۈنئالغۇلار ئىشلىتىلەتتى).

تۇردى ئاخۇن ئاكا ئالاھىدە تەييارلانغان ئۆيدە گىلەم ئۈستىدە يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ ساتار چېلىپ مۇقام ئېيتىدىكەن، ئوغلى ئۇنىڭ يېنىغا چۆكۈپ ئولتۇرۇپ داپتا تەڭكەش قىلىدىكەن. تۇردى ئاخۇن ئاكىنىڭ ئالدىدا ھەمىشە قېنىق دەملەنگەن بىر پىيالە چاي قويۇقلۇق بولۇپ، ئۇنىڭغا نوكچا ناۋات چىلاقلىق تۇرۇدىكەن .

بىر كۈنى ھۆكۈمەتتىن مەلۇم بىر مەنسەپدار بىر ئەدىبنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىپ، تۇردى ئاخۇن اكىنىڭ ئېيتقان مۇقامىنى ئاڭلاشقا كەپتۇ. بۇ، تۇردى ئاخۇن ئاكىنىڭ سىمغا ئاۋاز بېرىۋاتقان ۋاقتى ئىكەن. ئۇستاز شۇ چاغلاردا ياشىنىپ قالغانلىقتىن، ئاۋازى بىرخىل بوغۇق چىقىدىكەن. مېھمانلار خېلى ئۇزۇنغىچە مۇقام ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ، بۇ ھەممىسىلا بىرخىل ئاڭلىنىدىغان نەغمىدىن زېرىكىپ قالغاندەك بوپتۇ.

- ھەيي ... بىزنىڭ روزى تەمبۇر بولغان بولسا-ھە! ... قالتىس ئېيتىۋېتەتتى-دە بۇ مۇقاملارنى، - دەپتۇ ئەدىب مەنسەپدارغا.

ئۇلار ئىككىسى كېيىنكى قېتىم مۇقام ئاڭلاشقا يەنە كەپتۇ. بۇ قېتىم ئۇلار ئاڭلاپ بېقىش ئۈچۈن روزى تەمبۇرنى بىللە ئالغاچ كەلگەنىكەن.

تۇردى ئاخۇن ئاكا يەنىلا بۇرۇنقى ئورنىدا ئولتۇرۇپ مۇقام باشلاپتۇ. مېھمانلار سەل چەتتىرەك ئولتۇرۇشۇپتۇ. مەنسەپدار بىلەن ئەدىب روزى تەمبۇرنىڭ ئىنكاسىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن پات-پات ئۇنىڭغا قاراپ قويىدىكەن. بۇ قېتىم ئېيتىلغان مۇقاممۇ يەنىلا بۇرۇنقىدەك بىر خىللا ئىكەن.

مۇقام ئاخىرلىشىپتۇ. شۇ چاغدا قارىسا، روزى تەمبۇر گىلەم ئۈستىدە ئۆملەپ كېتىۋاتقىدەك. ئۇ، ئۆملىگەن پېتى توپتوغرا تۇردى ئاخۇن ئاكىنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۇستازنىڭ پەشلىرىنى كۆزلىرىگە سۈرتۈپ سۆيۈشكە باشلاپتۇ.

## خۇلاسە

ئەر-خوتۇن ئىناق ئۆتۈدىغان كۆڭۈللۈك بىر ئائىلىدە ئانچىكى بىر مەسىلە ئۈستىدە ئارىلاپ-ئارىلاپ تالاش تارتىش بولۇپ قالىدىكەن. گەرچە بۇنى چوڭ تالاش-تارتىش دېگىلى بولمىسىمۇ، ھەرھالدا ئەر بىلەن خوتۇننىڭ بۇ مەسىلىدىكى كۆز قاراشلىرى پۈتۈنلەي بىر-بىرىگە ئوخشاشمايدىكەن.

بۇ قەدىناس ئەر-خوتۇنلار ئىككىسى ئۆيدە بىرگە ئولتۇرۇپ تېلېۋىزوردىن سەنئەت پروگراممىلىرىنى كۆرۈۋاتقاندا، ئەگەر ئېكراندا ئەر-ئايال قوش كىشىلىك باللېت ئۇسسۇلى چىقىپ قالغىدەك بولسا، مانا شۇ چاغدا بۇ ئىش يۈز بېرىدىكەن. ئەر باللېتچى ئۆزىگە قاراپ يۈگرۈپ كەلگەن ئايال ئۇسسۇلچىنى تۇتۇۋېلىپ لىككىدە كۆتۈرۈۋەتكەندە، بولۇپمۇ ئۇنى بىر قولىدا ئېگىز كۆتۈرۈۋالغان كۆرۈنۈش پەيدا بولغاندا:

- پاھ، نېمىدېگەن يەڭگىل ئايال بۇ، ھە؟- دەيدىكەن ئەر بولغۇچى ئېكراندىن كۆزىنى ئۈزمەي تۇرۇپ.

- شۇنى دېمەمسىز، نېمىدېگەن كۈچلۈك ئەر بۇ،

- دەپ ھايالسىز جاۋاب بېرىدىكەن ئايال بولغۇچى ئېرىگە.

بۇنداق تالاش-تارتىش بەزىدە تەنتەربىيە پروگراممىلىرىنى كۆرۈۋاتقاندىمۇ يۈز بېرىپ قالىدىكەن. فىگورىلىق مۇز تېيىلىش مۇسابىقىلىرىدە، ئەر-ئاياللار جۈپ ئويۇنىشى بويىچە ماھارەت كۆرسىتىلگەندە ئەر تەنھەرىكەتچى ئۆز جۈپتىنى لىككىدە قىلىپ كۆتۈرۈۋالغاندا:

- ئەجەب يەڭگىل ئايال ئىكەنغۇ، بۇ، -دەپ قويىدىكەن ئەر.

- ئايال ماھىر پاختا قونچاق ئەمەستۇ، ئەرنىڭ كۈچلۈكلۈكىنى كۆرمىدىڭىزمۇ؟! -دەيدىكەن ئايال.

بار-يوقى ئەنە شۇنچىلىكلا بىر ئىش، لېكىن بۇ ھەقتىكى تالاش-تارتىشنىڭ داۋاملىشىپ كېلىۋاتقىنىغا خېلى يىللار بوپتۇ.

بۇ ئىش شۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن، ئەمدى بىز سىزدىن سوراپ كۆرەيلى، بۇ مەسىلىدە زادى قايسىسى ھەقلىق؟ ئەرنىڭ توغرىمۇ ياكى ئايالنىڭ ؟

كۈنلەرنىڭ بىرىدە «كۈچلۈك ئەر»، «يەڭگىل ئايال» توغرىسىدىكى بۇ ھېكايە ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىدە، ئالىملارنىڭ خىزمەت ئارىلىقىدىكى مۇزاكىرىسىگە چۈشۈپ قاپتۇ.

- بۇ بىر يېڭى يۇمۇر ئىكەن، -دەپتۇ ئەدەبىيات تەتقىقاتچىسى.

- بۇ بىر ئەر-خوتۇن قەدىناسلارنىڭ ئۆزئارا چاقچىقى ئىكەن، شۇ، -دەپتۇ يەنە بىر تەتقىقاتچى.

- بۇ بىر، ئىككى خىل جىنىستىكى فىزىئولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكنىڭ كىشى روھىيىتىدىكى ھەر خىل ئىپادىلىنىشى، -دەپتۇ پسىخولوگىيە ئالىمى.

— ماھىيەت بىر، ئىنكاس چەكسىز بولىدۇ. بۇ بىر ئوخشاش ھادىسىنىڭ ھەر خىل چۈشەندۈرۈلۈشى، — دەپتۇ پەيلاسوپ.

گەرچە ئۇلارنىڭ ئېيتقانلىرى ناھايىتى ئورۇنلۇق سۆزلەر بولسىمۇ، لېكىن بۇ سۆزلەر «ئەر-خوتۇن ئىككەيلەندىن كىمنىڭ توغرا، ئايال يەڭگىلمۇ، ئەر كۈچلۈكمۇ» دېگەن ئاساسىي مەسىلىگە جاۋاب بېرەلمەيدىكەن. بۇ مەسىلىدە ھەممەيلەننىڭ بىر پىكىرگە كېلىشى ھەقىقەتەن تەس ئىكەن. شۇنداقتىمۇ كىشىلەر ئاخىرى ئورتاق بىر خۇلاسىگە كېلىشىپتۇ. ئۇلار: «جۈپ ئوينىغاندا كۈچلۈك ئەر بىلەن يەڭگىل ئايال ئۆزئارا بىر جۈپ قىلىنىدۇ؛ قەدىناس ئەر-خوتۇنلاردىن ھەر ئىككىسىنىڭلا ئېيتقانلىرىنى ئاساسسىز دېگىلى بولمايدۇ» دېيىشىپ گەپنى تۈگىتىپتۇ.

ئېھتىمال سىزمۇ بۇ پىكىرگە قوشۇلسىڭىز كېرەك. لېكىن بۇ ئىش تەبىئىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىدىكى ئالىملارنىڭ قۇلىقىغا يەتكەندە، باشقىچە ئەھۋال يۈز بېرىپتۇ. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە بۇ مەسىلىنى مىقدارلىق مۇناسىۋەتلەر ئارقىلىق ئۈزۈل-كېسىل ھەل قىلىش كېرەك ئىكەن.

ئۇلار مۇنداق دېيىشىپتۇ: «ھېكايىدىكى ئەر-خوتۇن قەدىناسلارنىڭ سۆزلىرىدىن قارىغاندا، ئەر بولغۇچى بۇنى ئادەتتىكى بىر ئەرنىڭ يەڭگىل ئايالنى كۆتۈرگەنلىكى، دەپ قارىغان؛ خوتۇن بولغۇچى بولسا، كۈچلۈك بىر ئەرنىڭ ئادەتتىكىچە بىر ئايالنى كۆتۈرگەنلىكى، دەپ قارىغان؛ ئۇلارنىڭ بىرى يەڭگىللىكىنىلا، ئىككىنچىسى كۈچلۈكلۈكىنىلا مۆئەييەنلەشتۈرىدۇ، ھەر ئىككىسى قارشى تەرەپنىڭ پىكرىنى ئىنكار قىلىدۇ. بۇ مەسىلىدە ئەر-خوتۇن ھەر ئىككىسىنىڭ ئوخشاشلا توغرا بولۇشى ناتايىن؛ ئۇلاردىن بىرسىنىڭلا توغرا بولۇش ئېھتىماللىقىنى چەتكە قاققىلى بولمايدۇ.

— ئەگەر «يەڭگىل»، «كۈچلۈك» لىكنى كۆرسىتىدىغان سانلىق مەلۇماتلارنى قولغا كەلتۈرسەك، تالاش-تارتىنىش ئۆزلۈكىدىن ھەل بولىدۇ، — دەپتۇ ماتېماتىك.

— بۇنىڭدا ئۆلچەم ھەممىدىن مۇھىم، ئالدى بىلەن ئادەمدىكى كۈچ ۋە ئېغىرلىقنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆلچىمىنى بەلگىلەش كېرەك. ئاندىن ئېرىشىلگەن مىقدارلار بۇ ئۆلچەم بىلەن سېلىشتۇرۇلىدۇ، — دەپتۇ فىزىكا تەتقىقاتچىسى.

گەرچە ئۇلار شۇنداق دېيىشكەن بولسىمۇ، لېكىن «ئەر-خوتۇن ئىككەيلەندىن كىمنىڭ توغرا» دېگەن بۇ مەسىلە يەنىلا ھەل بولماپتۇ. چۈنكى تېلېۋىزور ئېكرانىدا كۆرۈنگەن ماھارەت كۆرسەتكۈچلەرگە ئالاقىدار كېرەكلىك سانلىق مەلۇماتلارغا تېلېۋىزور كۆرۈپ ئولتۇرغاندا ئېرىشكىلى بولمايدىكەن. ئەمما ئىككى ئاكادېمىيىدىكى ئالىملارنىڭ كېيىنكى ئورتاق پىكرىدىن شۇنىسى ئېنىق بوپتىكى، «كىمنىڭ توغرا» دېگەن مەسىلىدە ئۈچ خىل ئېھتىماللىق بار ئىكەن: بىرىنچىسى، كۈچلۈكلىكى ئادەتتىكىچە بولغان بىر ئەر يەڭگىل بولغان بىر ئايال بىلەن ئوينىغان؛ ئۇنداقتا ئەرنىڭ توغرا. ئىككىنچىسى، ئېغىرلىقى ئادەتتىكىچە بولغان بىر ئايال كۈچلۈك ئەر بىلەن ئوينىغان؛ ئۇنداقتا خوتۇن بولغۇچىنىڭ توغرا. ئۈچىنچى خىل ھال، كۈچلۈك ئەر بىلەن يەڭگىل ئايال بىر جۈپ ئوينىغان؛ ئۇنداقتا ئەر-خوتۇن ھەر ئىككىلىسىنىڭ توغرا.

يۇقىرىقى تەھلىللەردىن مەلۇم بولدىكى:

1. تەكشۈرۈلىۋاتقان ئىشلارنىڭ توغرا جاۋابى مەسىلىسىدە كۆپ خىل ئېھتىماللىق مەۋجۇد بولىدۇ. ھېسسىياتقا تايىنىپ چىقىرىلغان ھۆكۈملەر ئىشەنچلىك بولمايدۇ.

2. مەسىلىنى تەھقىقلەشتە، دەلىل-پاكىتلار ئاساس قىلىنىشى كېرەك. ئەكسىچە بولغاندا، بىزنىڭ دېگەنلىرىمىز ئاخىرى چىقمايدىغان تالاش-تارتىشلارغا سەۋەب بولىدىغان قۇرۇق گەپ، مېغىزسىز شاكال بولۇپ قالىدۇ.

. . .

يۇقىرىدا مۇئەللىپ ئۆزىنىڭ ناقىس تىلى پىشمىغان قەلىمى بىلەن «باراڭ ئاستىدىكى پاراڭلار» دېگەن ئومۇمىي ماۋزۇ ئاستىدا ئوقۇرمەنلەرگە ئۇنچىۋالا ئېستېتىك زوق بېغىشلىيالمايدىغان بىر نەچچە كەلىمە سۆزلەرنى قىلىپ ئۆتتى. بۇلار بىز كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا دائىم دېگۈدەك ئاڭلاپ-كۆرۈپ تۇرىدىغان ئىشلارنىڭ بىر نەچچە مىساللىرى، خالاس. بۇ سەھىپىدە پېقىر پەقەت بىر-ئىككى ھېكايە ئۈچۈن ئانچە-مۇنچە ئىزاھات ۋە خۇلاسە بەرگەن بولسىمۇ، باشقىلىرى ئۈستىدە ھېچنېمە دېمىدى. ئېھتىمال سىز ئۇلارنىڭ مەنىسىنى ئۆزىڭىزمۇ بىلىپ يەتكەنسىز ياكى بولمىسا ئۇلارنى قايتا ئوقۇپ كۆرسىڭىزمۇ بولىدۇ.

تۇرمۇش بەكمۇ رەڭدار؛ تۇرمۇش — مەنا، ئۇنى چۈشىنىۋېلىشقا تىرىشىڭ. تۇرمۇش — گۈزەل، تۇرمۇش — لېرىكا، ئۇنىڭدىن بەھرىلىنىشنى ئۆگىنىۋېلىڭ؛ لېكىن ھەر ۋاقىت ئۆز ئېتىقادىڭىزنى ئۇنتۇپ قالماڭ.

1999-يىل 14-سىنتەبىر، ئۈرۈمچى

ئەنۋەر ئابدۇھېلىم فوتوسى

---

ئاپتور: شىنجاڭ تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتىپىدە فىزىكا ئوقۇتقۇچىسى بويىچە ئالىي لېكتور، ھازىر پېنسىيىدە. (M2)

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



# شېئىرلار

ئابلىجان ھېيت

## توپىلىق يوللار ناخشىسى

### 1

ھىجران ئىلىپ كەتكەن يۈرىكىم
يەنە قايتا تۇغۇلدى بۇندا.
ئاشىق قىلىپ ئۈستۈرگەن تېخىم
مەڭگۈ يېڭى قەدىم تۇپراقتا.
مەيگە تولدى چاڭقىغان چاناق،
مېھرىڭ سىڭگەن ناخشاڭنى ئاڭلاپ.
سېغىندىڭمۇ سەنمۇ كۆزلەرنى،
ئۇزۇن تۈنلەر كەتكەندە ئالداپ.
توپا ئۆرلەپ تۇرغان چېھرىڭنى
سۈرتتۈڭمۇ سۆيدۈم تارتىنىپ.
تاللار سىيلاپ ئۆتسە بېشىمنى،
يىغلىسامۇ كۈلدۈم شادلىنىپ...
مەن كېزىمەن جىرا-قىرلارنى،
مېھرىم بىلەن ئىشكىلەر قېقىپ.
ئوت ئىچىدە قەلبىم قەسرى،
گۈرۈلدەيدۇ ئاچچىق ئىس تېتىپ.
باللىقتا قالغان كۆڭۈللەر
كۆمۈلگەنتى قايسى قىياقتا؟
بورانلىرىڭ كەتتىمۇ ئۈرۈپ،
ئىز قالدۇرماي ئانارلىق باغقا؟
مەن ئويىنغان شوخ سۇلار قېنى،
سۇدىن سۈزۈك پاك-سەبىيلىكىڭ؟
دىلخۇمارىم كاپكاپلار قېنى،
توپا چېچىپ قاچقان چېلىكىڭ؟
ئۆتتى تالاي يىللار، ئۆمۈرلەر،
چاڭ-توزاننى تۇتىيا بىلىپ.
شۇ چاڭلاردا ئۇپراپتۇ قەددىڭ،
نەپەس ئالساڭ دېمىڭ قىرىلىپ.
مەن سېغىنغان چاڭلاردا چېھرىڭ،
نۇرسىز تىترەر كۆكسۈڭ جۇلاسى.
دوزاق ئۆچكەن قەلبىمدە قالدى
خۇرسىنىشىڭ مۇڭلۇق نىداسى...

### 2

قىيالىقتا تەنھا قىيامەت،
باش ئۈستۈمدە ئۇۋىلار قۇياش.
ئوت ئىچىدە دۇنيا يۈرىكى،
كۆيەر تىنماي تۇپراق، قىياتاش!
يارلىق بويى، يانتاقلار ئارا
سايىدايدۇ قەبرىلەر مىسكىن.
ئاق روماللار ئەلەم مىسالى،
دۇئا بىلەن سىلكىنەر غەمكىن.
ئۇ ئالەمگە چاتقان رىشتىنى،
ئېكىنلىككە تۇتاش مەلىلەر.
ئىككى دۇنيا تۇتاشقان يولدا
ياش دېغى ھەم قەترە-قەترە تەر...
شۇ يوللاردا، ئاشۇ ئۆزۈكتە
چاڭ قوغلايدۇ ماڭساڭ ئىزىڭدىن.
شۇ قۇيۇندا باللار قىران،
چال، مومايلار ئۆچكەن كۆزۈڭدىن.
ئاھ، قانارمۇ قېتىقىڭ بىلەن

ئوت ئىچىدە ياتقان چۆللىرىڭ؟
يوچۇق كەتمەن ياتار ئېتىزدا،
ئېچىقسىزمۇ بۇلاق، كۆللىرىڭ؟
ئانام ئېتىز، دادامۇ ئېتىز،
ئۇندا ئۇزەر ھايات يەلكىنى.
بىر ئېتىزغا پاتماس ۋە لېكىن
ئىنسان قەلبى - ئالەم ئېكىنى.
سەۋزەڭ يوقمۇ ياكى كۆكپىشىڭ،
باناسىدا جاھان كۆرگىلى؟
ياراشمايدۇ كىمگە جانانلىق،
مەيلىڭ يوقمۇ ئۇنى سۆيگىلى؟...

3

قەدەملىرىم كۈن يەلكىسىدە،
ھىجرانلىقتا ئۇزەر كۆكتۆللەر.
كىرپىك سىلكىپ قالدى يىراقتا
ياش كۆكسىنى يۇيغان كۆلكىلەر...
كەلدىم، كەتتىم سېنى قۇچاقلاپ،
ئۈمىد بىلەن سۇغۇرۇپ يۈرەك.
ئەتەڭ ئۈچۈن تاڭدىن تىۋىندىم،
كەپتىرىڭگە دان تاشلاپ تىلەك.
يارلىقلارغا قاراپ ئۆكۈندۈم،
توغراقلىقتا كۆكلىدى بېشىم.
كەچۈر مېنىڭ قۇرۇق قولۇمنى،
چېچەكىڭدە قالدى كۆز يېشىم.
قەبرىلەرگە قىلمىدىم دۇئا،
قاغىسىمۇ روھلار باياني.
نەۋرىلەرنىڭ ئىزىغا سۆيدۈم،
سۆيۈنگىنىم نۇرلار قىياني...

1999-يىل ئاتۇش

## باياۋان ناخشىسى
### تەكلىماكان

1

سوزۇلۇپ ياتىدۇ سۇزۇك ئۇپۇقىم،
زېمىنىنىڭ باغرىدا سەھەر قۇچاقلاپ.
قەلبىدە كۈي - ناخشا، ھەسرەت بىتىنىم ،
جۇدالىق ئازابى ئەسلىنى داغلاپ.
دۇنيانىڭ سىرىنى يادلار قۇملىرى،
ھەرخىل رەڭ كۆيىسمۇ ئوتلار تەپتىدە.
گۇناھدىن پاك قالغان دەۋران سايلىرى،
تۇز چاچار جاراھەت باسقان بەختىگە.
نۇرلارغا قاقلىنىپ ياتار قۇملۇقۇم،
كەچلىرى ئەلەمدىن گەر تۆكسىمۇ ياش.
جاھاننىڭ ئارمانى كۆيەر چۈشىدە،
دىل سۆيگەن يارىغا بولالماي سىرداش.
بۇ شۇنداق ماكان ئۇ - ئاشىقلار كانى،
مۇھەببەت سازىنى باشتا ياڭراتقان.
قۇياشنىڭ ئىشقىدا كۆيۈپ كۇل بولۇپ،
ئاھ، نۇرسىز قۇياش بوپ زېمىنغا پاتقان.
تىپتىنچ چايقىلار ئۇلۇغ دېڭىزىم،
ئەسىرلەر داغلىرى مەڭگۈش چېھرىدە.
سۆيگۈدىن ئايرىلىپ قالغان قەسىرلەر
باغلانغان غەمگە يار ھىجران سېھرىگە.
سىرلاردىن توقۇلغان يۇمشاق كېپىنىم،
تېنىمنى ئىللىتار قۇمساڭغۇ تۇپراق.
رىۋايەت مۇڭ بولۇپ ئاققان چۆللەردە
ئۆتمۈشنى يېتىلەر بىر روھ شوخ - ئويناق!

سوزۇلۇپ ياتىدۇ سۇزۇك ئۇپۇقىم
زېمىنىنىڭ باغرىدا سەھەر قۇچاقلاپ.
قەلبىدە كۈي - ناخشا، ھەسرەت بىتىنىم،
جۇدالىق ئوتلىرى ئەسلىنى داغلاپ...

2

نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان سەن شۇنداق
ياتىسەن چېچەكلىك قۇملار قوينىدا.
قەلبىڭگە يوشۇرغان ئارزۇ-ئارمانلار
ئەلەملىك گۇركىرەر ئىنتىزارلىقتا.
كۆيدۈڭسەن نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان،
كۆيگەننىڭ ھەققىگە كىملەر قەرزدار؟
ھە، ئەمدى ئۆزىنى ھايات دېگەنلەر
كۆيدىمۇ سەن ئۈچۈن بولۇپ خەبەردار!
كىم سېنىڭ دەردىڭنى ئاڭلاپ مۇڭلاندى،
چۈشەندى تىلىڭنى، يۈرەك سىرىڭنى؟
سەن تاڭغا باققاندا كىم ساڭا باقتى،
ھالىڭغا كىم يەتتى، سۆيدى لېۋىڭنى!
قوقاستا كۆيگەندە كىملەر بەردى سۇ،
ھە، كىملەر پىشۇردى ھاردۇق ئېشىڭنى.
قۇرۇتسا قۇرۇتتى ئەركە شامال لار،
چىقتىمۇ سۈرتكىدەك بىرى يېشىڭنى؟
جۆر بولدى كىم سېنىڭ ئېيتقان ناخشاڭغا،
كاككۇكتەك قان يۇتقان چاغلىرىڭغا يار.
ناخشىچى بولغانلار بولدى ئۆزىگە،
كىم سېنىڭ قەلبىڭگە ئۇلىدى جۈپ تار.
مۇڭداشتى سەن بىلەن كىملەرسىر بېرىپ،
زېمىستان ئەشكەندە قىرىق چېچىنى.
تەشنالىق ئېچكەندە كۆكسۈڭنى سېغىنىپ،
ئاغزىڭغا تېمىتتى كىملەر يېشىنى.
نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان بىز شۇنداق
ياشىدۇق بىر سېنى ئانا ماكان دەپ.
ۋە لېكىن كىم بەردى ئانا ھەققىنى،
بىرسەنلا ئۆتەمسەن بىز ئۈچۈن غەم يەپ!...
ئۆتكەنگە كۈن ئۆچمەس ئىكەن كۆيسىمۇ،
ئۆتەرمىز كىمگىدۇر يەنە ئەركىلەپ...
جان ئانا سوراقلاپ باقساڭچۇ بىر رەت،
ئېيخ ئوغلۇم ئوغۇللۇق قەرزىڭ قېنى دەپ!؟...

## دېھقان

1

مىس كەبىي قىزارغان ئاق دان چىرايى ،

دېمەك قاينايدۇ ئوت، تىلىدا تۇز.
ئېتىزلىق بېشىدا تالغان كۆزلىرى
تۈنلەردە كۆك سۆيگەن ئاداققى يۇلتۇز.
قاداقلىق قولىدا پۇچۇق كەتمىنى،
ھىلال ئاي مىسالى ئۆپۈرگەن قوياش.
تۇپراققا كۆمەر ئۇ ئۆز يۈرىكىنى،
يوق ئاڭا زېمىندىن ئۆزگە بىر سىرداش.
ئېتىزدۇر دېھقاننىڭ ئۇلۇغ مازىرى،
جانان دەپ ئېگىزغا باغرىنى ياققان.
ئېچىقتۇر بىر ئۆمۈر تۈتەتقان ماكانى،
مايسىلار بالىسى - مېھرىدە باققان.
بىلمەس ئۇ ئەجرىگە مىننەت قىلىشنى،
جاپالار قىلسىمۇ كۆز سۇيىنى لاي.
ۋاز كەچمەس نىيىتى خامان بېشىدا،
تەرلىنىپ ئولتۇرۇپ ئىچمىسىمۇ چاي.
ئاچ قالسا نېنىنى چىلار زەي سۇغا،
ئۇسسىسا يالايدۇ تۇزلۇق تەرىنى.
ئاھ، شۇنچە كۆيسىمۇ كۆمەچ ئورنىدا،
ھە، ئەمدى كىم بىلدى دېھقان قەدرىنى...
ئۇ شۇنداق ھاياتقا بېرىپ ئىسسىقلىق،
دۇنيادىن ئۆزگە نېمە ئالدى ئۇ؟
ئۆمۈ بىر ئىنسانغۇ پەيلى ھېسسىياتلىق،
ئېتىزغا كۆيگىنى ئاڭا گۇناھمۇ!...

2

بىر ئۆمۈر چېقىن بوپ چېقىلسىمۇ ئۇ،
چېھرىدىن كەتمىدى تۇرمۇش تۇزانى.
شۇ ئېتىز، شۇ زەمبىل، شۇ پۇچۇق كەتمەن
ئاق كۆڭۈل دېھقانغا قالغىنى-بارى.
يوقمىدى ئۇنىڭ يا ھاياتتا ھەققى،
باراڭلىق ھويلىدا سەگىپ ياتقۇسى.
ھەر كەچلىك بەزمىدە چېلىپ دۇتارنى،
شادىمان تۇرمۇشنى كۈيگە قاتقۇسى.
كۆرگەندە ئوغلىنى ياپرىم يالىڭاچ،
تۇرارمۇ ئېچىشماي يۈرەك يارىسى.
يوقمىدى كۆلۈڭدا كۆلگە ئايلانغان
قىزىنى چىرايلىق ياساندۇرغىسى.
بىر ئۆمۈر ھاياتقا كۆيگەن ئۇ ئاشىق،
قانچىلىك كۆيۈندى مەشۇق زارىغا.
يوقمىدى ئۇنىڭ ئۇ قاقشال تېنىنى
يۇغىسى ھەر ئاخشام مېھر نۇرىدا.
ئېتىزغا تۇغۇلدى كۆرگىنى ئېتىز،
ئېتىزدا ئۆلەر ھەم جاندىن چەش ياساپ.
ئۇ ئۇندا كۆرىدۇ جەننەت يا دوزاق،
ھە، ئۇندىن باشقىنى قىلماستىن تاۋاب.
كۆلۈشنى كىم بىلمەس لەيلى ئالدىدا،
دۇنيانىڭ بولسىلا سۆيگۈ ئىمانى.
بىلمىدىم بۇ زامان، خۇدا ئالدىدا
بولغىيتتى دېھقاننىڭ نېمە گۇناھى!...
1999-يىل چەرچەن

# چۈشۈمدە جەننەتكە ئوت كېتىپتىمىش...

چۈشۈمدە جەننەتكە ئوت كېتىپتىمىش،
چوغىسمان چاقنارمىش ھەر ئىككى ئالەم.
ئاشىقلار شۇمەھەل مۇراد تاپقانمىش،
دۇنيادا بىرلا سەن چەكمىشەن ئەلەم.
بىزلەرنى ياراتقان ئىشقىي مۇھەببەت،
ئۇ ئەمدى يارالسۇن بىزدىن تالڭ كەبى،
چىن ماشقان قوللاردا سۇنمىسۇن پىغنش،
لەۋلەردە ئوينىسۇن لەۋلەرپاك، سەبىي.
يارسىزلىق سېپىدا يۇردۇق تەمتىرەپ،
كۆپ زامان ھەسرەتلىك كۆلدى ئەسلىمىز.
كۆڭلەرنى كور قىلدۇق دوزاق، جەننەت دەپ،
بۇ دۇنيا بولسىمۇ بىزنىڭ رىسقىمىز.
كۆڭۈلنى يات قىلدۇق بىزدە بارىدىن،
شەكىلسىز دۇنيانىڭ ئوتىدا قايناپ.
تىرىكلىك قەدرىنى سېتىپ خەجلىدۇق،
گۈزەللىك چېھرىگە يوپۇق تەييارلاپ.
زېمىننىڭ تىنىقى سۆيگۈ بىلەن پاك،
بولغانماس ھەر زامان تومۇردىكى قان.
مۇھەببەت سۇيىدە ئالەم كىر بولماس،
قوياشتەك يالتىرار ھەقنى سۆيگەن جان.
كەل يارىم باش قويغىن كۆكسۈمگە مېنىڭ،
جەننەت يا دوزاق دەپ چەكمەي دەرد-ئەلەم.
ئاھ، خۇدا، بەرسىلا ئىنسانلىق ئىمان،
بىز ئۈچۈن زەر تۆشەك ھەر ئىككى ئالەم.
چۈشۈمدە جەننەتكە ئوت كېتىپتىمىش،
نۇرىدا چاقنارمىش ھەر ئىككى ئالەم...

# ھېسسىياتسىز خەتلەر

كۆزلەرگە تاشلىنار كۆڭۈلگە يەتمەس،
يىلىكسىز ئۇستىخان دۈۋىسى بەتلەر.
بىئەجەل چەيلەنگەن ئىنسان روھى ئۇ،
تىنىقتىن ئايرىلغان ھېسسىياتسىز خەتلەر.
يېزىلار، ئوقۇلار ئايلار ئالمىشىپ،
ئوت ئالماس ھىجران چوغ سالغان ئىشتىياق.
جان تەسلىم سۆيگۈسىز يۈرەك مەقسىتى
مېھرنى چۈشەنمەس ئەزرائىل سىياق.
چاچلارنى تۆكىدۇ ئۇ ئاچ ۋاقىتلار،
تۆيدۇرماي يەم قىلار كۆزلەر نۇرىنى.
نەسەۋەب قۇرىغان ۋىسال چىنارى،
ئۇ جەسەت كولايدۇ ھايات گۆرىنى.
جان قانداق چىدايدۇ جاھان ھەم قانداق،
تۇزسا مۇھەببەت جانانلىق تۇرۇپ.
بۇ نىكا تورىمۇ يا ياتلار يۈزى؟
كۆيدۇ كىشلىك ئەرك ئاھ ئۇرۇپ.
ئۆتەرمۇ ھە ئۇلار، ئۆلەرمۇ شۇنداق،
سوغ لەھەت قوينىغا تاشلانغان بەختى.
قىنى ئۇ لەۋئىزى، خۇش ھىد، مەست قۇچاق،
كېتەرمۇ ھاياتنى سۇندۇرۇپ ئەمدى؟
يېزىلار، ئوقۇلار ھېسسىياتسىز خەتلەر،
قۇچاقتا چەيلىنەر ئىنسانلىق روھى.
توختىماس يا قەلەم،
ھېسسىز سۆيۈشلەر،
يا ئۇندىن تۇغۇلماس سۆيگۈ ئىلاھى...

# كەچكۈز ناخشىسى

## غازاڭ پەسلى

تولغىنار ھەر ياقتا سوغ نەپەس ھاۋا،
جۇدۇنلۇق چار يىلان كەبى شىۋىرلاپ.

كۆزلەردىن تۆكۈلەر يېشىل رەڭ، زىبا،
زېمىنىنىڭ بەرگىنى تىترىتىپ شوراپ.
ياپراقلار چالىدۇ ساپايىسىنى،
بىر تاتلىق نازىدىن ئايرىلغان جاھان.
سارغايغان لەۋلەردە شەپەق سەيلىسى،
سوغ سۆيۈشلەرگە يار بىتەلەي جانان...
ئۇ تۇرار پىلتىڭلاپ شاخلار دارىدا،
دەرمانسىز ئۈمىدى يېتىم بالىدەك.
كۆيلەر ھەم سۆيۈملۈك ھايات مېھرىنى،
مۇڭ بىلەن تەڭشەلگەن تىلسىز تارىدەك.
تېپىلار شولىلار چاۋا مۇزلاردا،
كوكاتلار تېنىدىن كەتكەن ئىسسىقى.
ئاھ، دىلبەر چىدىماس غازاڭ پەسلى بۇ،
تەبىئەت بويىدا ھىجران قىسمىقى.

## كەچكى قۇياش

ئۇپۇقنىڭ لېۋىگە ئېسىلغان قۇياش،
يۈرەكنىڭ رەڭگىدە قىزارغان كۆزى.
ئاقىدۇ چېھرىدە مۇڭلۇق ھالسىراش،
ئەسىرلىك جىملىقتا پاتقاندەك ئۆزى.
سۇۋۇغان دېمىدە نەغمىسىز زېمىن،
گىيالار دىردايغان كىرپىكتەك قېتىپ.
قارىچۇقلار چۆلدە نۇرسىز كۆلكىلەر،
قانمىغان بىر رىشتە تۇرىدۇ چېنىپ.
شۇ دەقىق ھاياتلىق قالغاندەك توختاپ،
ئاڭلانماس ئالەمدىن ھېچ بىر مۇڭ، سادا.
ھەممىگە بەك ئېغىر شۇنداق تىكىلىش،
تىرىلەي قايتا مەن، تەۋرە ئەي دۇنيا!

## سېغىزخان

ۋاشاقتەك ئاقلانغان شاخلار ئۈستىدە
سايرايدۇ سېغىزخان ئىسسىق ماكانسىز.
ئىشەنگەن دۇنيادىن تاپقان-تۈككىنى،
سوغ، تەنھا چاڭگىدا يارسىز، ھەمراھسىز.
جىكىتتەك كۆزىگە ئېسىلغان يۈرەك،
ئاشلىنار ھەريانغا نۇرسىز، كۆڭۈلسىز.
ئاقارغان پەرلىرى ئەجەل تىغىدەك،
كاچاتلار كۆز يېشى تىنىماي كۆيۈمسىز.
ئاختۇرۇر تېنىنى، غېرىب قەلبىنى
ئۇششۇكلەر قوينىدا قالغان دەرمانى.
سايرار ئۇ ئەلەملىك ئۈنىدە يەنە،
كۆيلىنەر بىر ئېزگۈ ھايات ئارمانى.

## سۆيگۈ ناخشىسى

1

ئاسانمۇ تۇغۇلۇش ئىنسانغا شۇنچە،
كەلسىمۇ سائىتى ھاياتقا ئۆلۈش.
ۋە لېكىن مۇشكۈلدۇر ھەممىدىن مۇشكۈل،
چىن دىلدىن سۆيگەننى سۆيۈش-سۆيۈلۈش!

2

نېمە دېگەن ئاچچىق كۈنلەر بۇ،
نېمە دېگەن تاتلىق كۈنلەر بۇ.
جاندىن كېچەي دېسەڭ يار ۋەسلى،
يا يار كېلىپ كۆڭۈل ئالمايدۇ.
بۇ جېنىمنى يار بەردى دېسەم،
يار ئۆزىنى مەندىن ئايايدۇ.
بۇ ماڭىلا خاس جاھان دېسەم،
ئۇ جانانسىز بىرتىن ئالمايدۇ.
ياردەپ جاندىن كېچىپ بولمايدۇ،
جان دەپ ياردىن قېچىپ بولمايدۇ.
جانىمۇ مۇھىم جانان ئۇنىڭدىن،
ھەر ئىككىسى كىمنى قىينايدۇ؟
نېمە دېگەن ئاچچىق كۈنلەر بۇ!
نېمە دېگەن تاتلىق كۈنلەر بۇ!...

3

ساقلاش بىلەن ئۆتكەن شۇ كۈنلەر
كەتتى مېنى بىر دەم ساقلىماي.
ۋىسال كۈتكەن چاغلارتىغۇ ئۇ،
كەتتى بۇندىن خوشمۇ دەپ قويماي.
ئۆمۈر ئۆتتى سۇكۇتلەر مۇزلاپ،
ئاقتى كۆز ياش، بولدى دەرمان لال.
ئەتىلەرگە ئالداندى قۇياش،
ھەسرەتلەرگە يەم بولدى ئامال.
دەقىقىلەرگە سادىق بوپ ھاجەت،
كۈتەر ئىكەن جانسىز ھۆكۈمنى.
جانان قېنى، ئارمانلار قېنى،
كۈتەر ئىكەن ئۆز ئۆلۈمىنى.
يېگىلىنىپ تۇرسىمۇ ھايات،
كەلمەيدىكەن كەتكەن پۇرسەتلەر.
ئۇتتۇق بىلمەي تاتلىقىمۇ كۈتۈش،
ياكى ۋىسال بەرگەن سۆلكەتلەر...
ئاشۇ خىلدا ئۆتكەن چاغلاردا
قوغلاپ باققان بولسام ھاياتنى؛
كېلەرمىدى جانان دۇنياسى؟
كۆرمەسكەنمەن تىرىك ماماتنى!...

4

قىممىتىڭنى ئۆزۈڭ ياراتماي،
تىلىگەنگە كەلمەس ئۇ ئەگىپ.
كۆيەر يۈرەك ھەرخىل قىسمەتتە،
ئاھ ئۇرغانغا ئۇ قالماس سەگىپ.
ئاچالمىساڭ كۆڭلۈڭنى ھەر دەم،
ئېچىلمىغىن ئۆزۈڭنى خارلاپ.
ياپالمىساڭ كۆكسۈڭ نۇرىنى،
تۇتالمايسەن يۇگەنلەپ، زورلاپ.
ھايات گۈزەل، ئارمانلار گۈزەل،
تىنىقلاردا ئۈندىن شوخ غەزەل.
ھەركىم ئىزدەر ئۆزگىچە مۇراد،
ئۆلۈم تۆلەر قىممەتكە بەدەل.
ئارمان دېدۇق، ئازاب ھەم دېدۇق،
ئەقلىڭ بولسا جانان خوش كۈلەر.
ھاياتقا جان بەردۇق، دېمىدۇق -
ئۆلۈمنىمۇ قىممەت ئۆلتۈرەر.
ئەجەب تاتلىق ئۆلمىگەن دەملەر،
سۆيگەندە تەم كۆيگەندىمۇ تەم.
سېنىڭ ئۈچۈن تاتلىق ئامرىقىم
قاچانغىچە ئۆتەرمەن يەپ غەم.

www.uyghurkitap.com

## 5

قوشۇلۇش - ۋىسالىڭغا يەتمەستىن تۇرۇپ،
ئايرىلىش ئازابىغا بولدۇم مۇپتىلا.
مېنى راست سۆيگەنمۇ يار سۆيگەنمۇ ئويناپ،
يەنە بىر سۆيەرسەنمۇ قىلسام ئىلتىجا!
كۆڭلۈمگە سالدىڭ دىسەم بىر ئىشقىي قۇياش،
سەن ئۇنى يەنە ئېلىپ كىتەر بولدۇڭمۇ؟
يا سۆيۈپ چىدىماي يا كۆيدۈرۈپ مېنى،
بىر مۇڭلۇق قەبرە كەبي تاشلار بولدۇڭمۇ؟
بىلمىدىم، ھېچ بىلمىدىم قىسمەت سىرىنى،
ئويلىسام سېنى تىنترەر تېنىم، لەۋلىرىم.
مەيلى سۆي، مەيلى سۆيمە ئەركە پەرىشتەم،
بىر ئۆمۈر ئىزدەر سېنى قەلبىم بىتىنىم...

## 6

سەن مېنى چىن دىلدىن سۆيگەنمۇ جانان،
سۆيدۇڭمۇ سۆيگۈمگە يا يۈز كېلەلمەي؟
ھەر باققان كۆزۈڭدە كۆيگەندە جىسمىم،
يا نېمە قىلىشنى بىلىپ-بىلەلمەي؟
بىر سۆيدۈڭ يەنە بىر كېلىپ سۆيمىدىڭ،
چۈشۈمدىن يوقالغان پەرىزات كەبي .
يا پۇشمان جامىدىن تۇتتىمۇ شاراب،
تەزدىمۇ سۆيگۈنىڭ پاك مۇئەككىلى؟
بىلمىدىم بىر دەملىك مەستلىكنى تېتىپ،
سۆيگەننى ئۇنتۇشمۇ زامان مەسلىكى؟
ئۇنتۇلماس ئىللىقلىق بەرگەن كۆڭلۈڭگە
يا كېلىپ قالدىمۇ ئاياش ئىستىكى؟
ئاياشنى ھېس قىلغان تۇيغۇدا جانان،
بولامدۇ چىن دىلدىن سۆيۈش ئارمىنى؟
مەن سېنى قىلمىغان بولساملا مەجبۇر،
نە ئۈچۈن سەن سۆيدۈڭ ئۇنداقتا مېنى؟!...

## 7

نە ئۈچۈن سەن سۆيدۈڭ ئۇنداقتا مېنى،
چىن دىلدىن سۆيۈشنى بىلمىگەن جانان.
ئۆزگىنى كۆيدۈرۈپ چۈچۈلە كەبي ،
چىن دىلدىن كۆيۈشنى بىلمىگەن نادان؟
گەر سۆيسەڭ سۆي دىلدىن بولمىسا مەيلى،
سۆيدۈرۈش سۆيگۈنىڭ مەقسەت-مۇرادى.
كۆيگىن سەن ئوتىدا، ئارمان ئالدىدا،
سۆيگەننى كۆيدۈرۈش ھايات قارارى.
سەن باشتا سۆيمىسەڭ ئارزۇلاپ تۇرۇپ،
كىم ئۇرار ئۆزىنى سەن ياققان ئوتقا.
ئۇ بەلكى جان بېرەر، جاھان ھەم بېرەر،
ئەقىدە ياسىدىن ئۆزۈلگەن ئوقتا.
سەن جانان كۆزىدىن سۆيگۈ ئىزدىسەڭ،
ئۆزەڭنى سۆي يارنى سۆيۈشتىن بۇرۇن.
مەقسەتسىز، مىننەتسىز ئىشق پاكلىقى
جان بېرەر سەن جانىدىن كېچىشتىن بۇرۇن.
سۆيۈلۈش ئۇ باشقا سۆيۈش ئۇ باشقا،
سۆيەلمەي، سۆيۈلمەي ئۆتەر كۆپ ئىنسان.
بىر ئۆمۈر سۆيۈشكەن لەۋلەر ئۇنتۇلۇپ،
ئۇنتۇلماس بەزى ساپ كۆلكىلەر ھامان.
دۇنيادا شۇنداق بىر جانلارمۇ باركى،
بىرىنىمۇ سۆيۈشمەي كېتىدۇ ئۆلۈپ.
بىراق شۇ سۆيۈشنى ئىزدەپ بىر ئۆمۈر،
ياشايدۇ ئالەمچە سۆيگۈگە چۆمۈپ.

## 8

نۇركەبي ئەركىلەپ كىرىپ قەلبىمگە،
يوتتۇڭمۇ بۇلۇتقا بۆلەنگەن ئايدەك.
قېنى ئۇ گۈل-چېچەك ئاچقان يايلىقىم،
قالدىمۇ ئەسىرلەپ مۇڭلانغان سايدەك.
قولۇڭغا چوغ ئېلىپ پۇدەپ ئوينىساڭ،
نېمىشكە سەزمىدىم باللىقىڭنى.
قەلبىمگە مەڭ چەككەن ئاشۇ ئۇچقۇنلار
نەلەرگە يوشۇرغان چاللىقىڭنى.
ئويلىسام ئۆزۈمدىن ئاچچىق كۈلمەن،
مەن ساڭانەسەۋەب ئاشىق بولدۇم، دەپ.
مەيلىتى مەن سېنى يەنە كۆرمىسەم ،
سەن مېنى سۆيمىسەڭ يۈرمەيتتىم غەم يەپ!
بالىنىڭ خىيالى بالىچە چالا،
بولاركەن ئىشقىدىن ھەۋىسى تولا.
مۇھەببەت پىچىدە پىشمىغان ئىشق
بىمەزگىل بولاركەن بېشىڭغا بالا.
كۆتەرمەن ئامرىقىم سەن ھېس قىلغۇچە،
سۆيگۈنە، ھايات نە ھەمدە ئەزىزجان.
ئىشقتا ئەقىل-پەم يار بولسا ھەر ئان،
بۇ سۆيگۈ بىزنىڭكى، بىزنىڭكى جاھان!
ئەگەر مەن پەرۋىشلەپ چوڭ قىلسام سېنى،
ۋايىغا يەتسەڭ ھەم سەمەندەر كەبي؛
چىن دىلدىن ئارزۇلاپ سۆيسەم مەن شۇ چاغ،
پۈتلىشىپ قالارمۇ چاچلىرىم ئېقى!؟...
مەيلىلا ئازاب چەكسەم مەنلا چېكەي،
مالامەت كۆرمە سەن ھاياتلىق شامىم.
مەن سېنى كۆرمىسەم يەنە مەيلىتى،
سەن مېنى سۆيمىسەڭ يوق تەندە جانىم..

## 9

جاھاندا يول تولا، مەسلەك ھەم تولا،
ھەركىمنىڭ نىيىتى ئۆزىگە سۇلتان.
ئىش قىلماق بەك ئاسان ھۆددە بولمىسا،
ھەر كۆڭۈلنىڭ دەردى بار ياپساڭمۇ چاپان.
سەن ئاشىق يولىنى ئاللىغان بولساڭ،
سۆيسەڭمۇ چىن دىلدىن سۆي بىلىپ تۇرۇپ.
بۇ ئويۇن ئەمەسقۇ - ئىشق پۇشىقى،
كۆيسەڭمۇ دوزاختا كۆي بىلىپ تۇرۇپ.
جەننەتكە باشلىسا كىرمە بىلمىسەڭ،
كىرمەيلى جەھەننەم بولسا قارايلى.
شۇنداق دۇنيادۇر بۇ چىدىغانغا يار،
ئالتۇندەك كۆرۈنەر سىرىق چىرايلىق.
كەل يارىم مەن ساڭا بىر سوۋغات بېرەي،
ئال، مىنى بىر سۆيۈپ قويمىساڭمۇ ئال.
كۆيگىنىم، سۆيگىنىم سەنلا بوپ قالغىن،
زەر قۇياش يار بولسۇن، ساڭا مەڭگۈ يار...

1999-يىل ئۆكتەبر، بېيجىڭ

---

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى(M2)



# تەپەككۇر دەرىخىدىن مېۋىلەر

— نەسرلەر ۋە ئەدەبىي پارچىلار

▲ بىز كېچىچە ئەتىكى ئىشلارنىڭ پىلانىنى تۈزۈپ چىقىپ ، تاڭغا يېقىن ئۇخلاپ قالدۇق.

— مەھمۇتجان ياناتاق (ئوقۇغۇچى)

▲ سەن ئۆزۈڭنىڭ ئاجىز ئىكەنلىكىڭنى ھېس قىلغان بولساڭ، ئېغىر-بېسىقلىق بىلەن ئازراق سۈكۈت قىل، ئەمما سۈكۈت ئۈزىراپ كەتمىسۇن.

▲ بىزنىڭ سۆزلەشتىن ئەڭ قورقىدىغان نەرسىلىرىمىز، دەل بىزنىڭ سۆزلەش ئەڭ زۆرۈر بولغان ئېھتىياجلىق نەرسىلىرىمىزدۇر.

▲ كۆپىنچە ئىشلار تەسەۋۋۇرىمىزدىكىدىن باشقىچە ھەم بالدۇر بولۇپ ئۆتسە بىز پەقەت ئەپسۇسلۇق ھېس قىلىمىزيۇ، رېئاللىقنى باشقىچە تەسەۋۋۇر قىلىپ باقمايمىز.

— ئابدۇرېھىمجان يۇسۇپ (ئوقۇغۇچى)

▲ ئاللانىڭ ئاشىق-مەشۇقلارنىڭ ئۆمرىنى قىسقا قىلىشى، ئۇلارنىڭ كېيىنكى ئۆمرىدە بىر-بىرىگە ۋاپاسىزلىق قىلغانلىقلىرىنى باشقىلارغا كۆرسەتمەسلىك ئۈچۈنمىدۇ؟

▲ «ئاياللارنىڭ چېچى ئۇزۇن، ئەقلى قىسقا» دەيدىكەن. لېكىن بۇ گەپكە ئىشەنمەيمەن . ھازىرقى ئاياللارنىڭ چېچى قىسقا ، ئەمما ئۇلار بۇرۇنقى ئۇزۇن، سۇمبۇل چاچلىق قىزلاردەك ئەقىللىق، قەيسەر ھەم باتۇر ئەمەس!

— جاناگۈل قەييۇم (ئوقۇغۇچى)

▲ ھايۋان غالجىرلاشسا ئىگىسىنى چىشلەيدۇ، ئادەم غالجىرلاشسا ئاخىرى ئۆزىنى يەيدۇ.

▲ ئادەمنىڭ قەلبىگە ئىككى نەرسە يوشۇرۇنغان بولىدۇ، بىرى گۈزەللىك، يەنە بىرى رەزىللىك. گۈزەللىك رەزىللىكنى يوشۇرۇپ تۇرۇدىغان نىقاب.

— مۇھەممەت قادىر سەمەت (ئوقۇغۇچى)

▲ تۆھمەت ـ تامغىسى يوق ئوقتۇرۇش.

— ئايۇپ توختى (ئوقۇغۇچى)

▲ قەدىمدىن تا يېقىنقى كۈنلەرگىچە ئەرلەر يېنىغا پىچاق ئېسىشاتتى. بۈگۈن يېنىغا چاقىرغۇ ۋە يان تېلېفون ئاسىدىغان بولۇشتى. مانا بۇ — تەرەققىيات ـ دە! خۇددى «ھارۋىكەش ناخشىسى» نىڭ ئورنىنى «توختاڭ تاكسى» كۈيى ئالغاندەك. . .

— تۇردى نىياز

▲ ئۆزۈڭ ئېرىشمەكچى بولغان نەرسىنى يۈكسەك دەرىجىگە كۆتۈرۈۋەتمە. ئەگەر ئۇنىڭغا ئېرىشەلمەي قالساڭ بەك ئېغىر كېلىدۇ، ئېرىشىپ قالغاندىمۇ ئۇ نەرسە ئۆزۈڭ ئويلىغىنىڭدەك بولماي قالىدۇ.

— روزى راخمان (ئوقۇغۇچى

▲ ئادەملەردە ئىنساپ بولمىغاچقا ھېساب پەيدا بولغان.

— تۇرغۇن مامۇت (ئىشچى)

▲ جاھاننىڭ بىز ئۇخشىيالمىغان تەرەپلىرىنى بىر كۈنى ئاقىۋەتتە يەنە ئۆزى ئوخشايدۇ.

— ئەسقەر سايىم

▲ سىردىشىش كىشىنى گاھىدا گۈزەل تۇيغۇلارغا باشلاپ بارسا، گاھىدا رەزىللىكنىڭ مەنبەسى بولۇپ قالىدۇ. چۈنكى ئادەمنىڭ كۆڭلى مەڭگۈ چۈشىنىپ يەتكىلى بولمايدىغان مۆجىزە.

— ئىلھامزەيدىن مۆمىنكارۋان (ئوقۇغۇچى)

▲ دۇنيانىڭ ھەر قانداق يېرىدە ، مەيلى چۆل، مەيلى باغ، مەيلى قىش بولسۇن، مەيلى زىندان، دار، تۈرمە بولغان تەقدىردىمۇ ھۆر-ئەركىن ، خۇشھال، بەختلىك ياشىغلى بولىدۇ؛ پەقەت سەن ئەزگۈچى ياكى ئېزىلگۈچى بولمىساڭلا.

▲ ھازىرقى زاماندا ئۆز ئارزۇيۇم بويىچە ياشايمەن، دەيدىكەنسەن، ھەرقانداق ئېغىر بەدەلنى ھار ئالماسلىقىڭ كېرەك.

▲ ئەركىنلىك سېنىڭ ئۆز قولۇڭدا ؛ ئەگەر تۇتالىساڭ.

▲ ئۇن-تىنسىز قارشىلىقنى باستۇرغىلى بولمايدۇ.

— زۆھرەگۈل ئەخەت (مۇئەللىمە)

— ھەيكەلتىراش: ئەخمەتجان قاسىم (M1)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 51 يىللىقىغا بېغىشلانغان تەبرىك بەت

## يەتتە مىنۇتلۇق ئويۇن قويۇش ئۇچۇن...

– پايتەختتە دۆلەت بايرىمىنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن ئۆتكۈزۈلگەن بىرلەشمە كۆڭۈل ئېچىش يىغىنىغا قاتناشقان شىنجاڭ ئويۇن قويۇش ئۆمىكى توغرىسىدا

1999-يىل 1-ئۆكتەبىر كەچتە كىشىلەر تيەنئەنمېن مەيدانىدا ئۆتكۈزۈلگەن بىرلەشمە كۆڭۈل ئېچىش كېچىلىكىنىڭ بىۋاستە ئاڭلىتىشىنى تېلېۋىزوردا كۆرگەندە ، مۇنداق بىر كۆرۈنۈشنى كۆردى: ناغرا-سۇنايلار چېلىنغان شادلىق ساداسى ئىچىدە ھېيتلىق پۈرۈر كىيىنگەن 90دىن ئارتۇق ئۇيغۇر قىز-يىگىت جىنشۇ كۆۋرۈكى ئالدىدىكى ئويۇن قويۇش رايونىدا شادىيانىغا ئۇسسۇل ئوينىدى. مانابۇ، شىنجاڭنىڭ بېيجىڭغا بېرىپ ئويۇن قويۇش ئۆمىكى دۆلەت بايرىمى بىرلەشمە كۆڭۈل ئېچىش كېچىلىكىگە تەقدىم قىلغان ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە مىللىي ناخشا-ئۇسسۇل ئىدى. بۇ ناخشا-ئۇسسۇل ئويۇن قويۇش رايونىدا ئاران يەتتە مىنۇتلا داۋام قىلدى. ئويۇن ئالاھىدە مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى. جۇڭگو ئۇسسۇلچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، بىرلەشمە ئويۇن قويۇش كېچىلىكى قوماندانلىق شتابىنىڭ مەسئۇللىرىدىن جاۋ گوڭاڭ نەق مەيداندا باھا بېرىپ مۇنداق دېدى: شىنجاڭلىقلارنىڭ بۇ قېتىم ئوينىغان ئۇسسۇللىرى قىزغىن، جانلىق، نەپىس، ئۆزگىچە بولۇپ، بىرلەشمە كۆڭۈل ئېچىش كېچىلىكىگە ھۆسن قوشتى. مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بۇ ئۇسسۇلنى نەق مەيداندىن بىۋاستە

(مەدەنىيەت - سەنئەت گېزىتى
2000-يىل 1-يانۋار، ئومۇمىي 27-سان)

كۆرسەتتى، مەملىكەت خەلقى ھەتتا دۇنيانىڭ جاي-جايلىرىدىكى كىشىلەرمۇ تېلېۋىزوردىن شىنجاڭنىڭ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە نەپىس ناخشا-ئۇسسۇلىنى كۆردى.

بۇ يەتتە مىنۇتلۇق ئويۇن ئۈچۈن ئالاقىدار رەھبەرلەر ۋە ئىجادىيەتچىلەر، رېژىسسورلار، ئارتىسلار ۋە خوجىلىق خادىملىرى توپتوغرا يەتتە ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت جىددىي تەييارلىق قىلدى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى قەييۇم باھاۋۇدۇن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مەتتىمىن زاكىر ئاقسۇغا بېرىپ سەپەرۋەرلىك خىزمىتى ئىشلىدى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى رەھبەرلىرى ئويۇننىڭ ئومۇمىي لايىھىسىنى قايتا-قايتا مۇزاكىرە قىلىپ بېكىتتى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى سەنئەت باشقارمىسىنىڭ باشلىقى ھاۋاقىز باھاۋۇدۇن ئۈرۈمچى، خوتەن، ئاقسۇ ۋە بېيجىڭغا 20نەچچە قېتىم بېرىپ مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى راۋانلاشتۇردى. ئۇ مۇنداق دېدى: جۇمھۇرىيىتىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50يىللىقىنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن ئۆتكۈزۈلىدىغان بىرلەشمە كۆڭۈل ئېچىش كېچىلىكى ياخشى پۇرسەت بولدى، ئۇنىڭدا ھەم شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتىنى ئىپادىلىيەلىدۇق، ھەم تەڭرىتاغ پەرزەنتلىرىنىڭ روھىي قىياپىتىنى نامايان قىلالىدۇق، ئۇنىڭ ئەھمىيىتى زور.

يەتتە مىنۇتلۇق ئويۇن ئۈچۈن شىنجاڭ ناخشا-ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ ئىجادىيەتچىلىرى، رېژىسسورلىرىدىن سەييارە، سۇڭ پېيلۇ، ۋاڭشاۋيۇنلەر جىددىي تەييارلىق قىلدى. ئۇلار تەرەپ-تەرەپكە بېرىپ تۇرمۇش ئۆگىنىپ ۋە ئويۇن قويۇش لايىھىسىنى قايتا-قايتا ئۆزگەرتىپ مۇكەممەللەشتۈردى. ئارتىسلارنىڭ ھەر بىر ھەرىكەتنى ياخشى ئورۇندىشىغا ياردەم بەردى، ئۇلارغا قاتتىق تەلەپ قويدى، قىلچە بىپەرۋالىق قىلمىدى.

خوتەن «يېڭى قاشتېشى» ناخشا-ئۇسسۇل ئۆمىكى ۋە ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ناخشا-ئۇسسۇل ئۆمىكىدىن كەلگەن 90دىن ئارتۇق ئۇيغۇر ئارتىس يەتتە مىنۇتلۇق ئويۇننى ياخشى قويۇش ئۈچۈن پىژغىرىم ئىسسىققا قارىماي توپ مەيدانى ھەتتا كوچا-رەستىلەردە ھەر كۈنى توققۇز سائەتتىن ئارتۇق رەپىتىس قىلدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى پىرقىراۋەرگەچكە ئايلىنىپ يىقىلىپ چۈشتى، ئېسىگە كەلگەندىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ يەنە رەپىتىس قىلدى. بەزىلىرىنىڭ تىزى ۋە پۇتى سېمونتتا سۈرۈلۈپ كەتكەن بولسىمۇ ھەر بىر ھەرىكەتنى ئۆلچەمگە يەتكۈزۈپ رەپىتىس قىلىۋەردى. توقسۇ ناھىيىسىدىن كەلگەن ئارتىس مەتتىمىنجان ياسىن ئەسلىدە 1-ئۆكتەبىردە توي قىلماقچى ئىدى. ئۇ رەپىتىسكە قاتناشقاندىن كېيىن توي قىلىش ۋاقتىنى كېچىكتۈرۈپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن رەپىتىسكە ئاتلاندى. ئۇ، بولغۇسى لايىقىغا: يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50يىللىقى ھارپىسىدا بېيجىڭغا بېرىپ، تيەنئەنمېن مەيدانىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان بىرلەشمە كۆڭۈل ئېچىش كېچىلىكىگە قاتنىشىش ھاياتىمدىكى بەختلىك ۋە شەرەپلىك ئىش، ئەڭ نەپىس ناخشا-ئۇسسۇللارنى ۋەتەنگە تەقدىم قىلىش ئۈچۈن ھەر قانچە جاپا چەكسەممۇ رازىمەن، دەپ خەت يازدى.

**ئەي مىن**

## جۇمھۇرىيىتىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50يىللىقىنى تەبرىكلەشكە بېغىشلانغان ناخشا-ئۇسسۇل، دراما كۆرىكى داغدۇغىلىق باشلاندى

جۇمھۇرىيىتىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50يىللىقىنى داغدۇغىلىق تەبرىكلەش، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مۇنەۋۋەر سەنئەت مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى نامايان قىلىشنى مۇھىم مەزمۇن قىلغان، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە ئۆتكۈزۈلىدىغان مۇنەۋۋەر ناخشا-ئۇسسۇل، دراما كۆرىكى 1999-يىل 28-سىنتەبىر چۈشتىن كېيىن ئۈرۈمچى «خەلق» تىياتىرخانىسىدا داغدۇغىلىق باشلاندى.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى رەھبەرلىرىدىن خەلچەم ئىسلام، قادىس جانابىل، خوجىخان ھاكىموف، ماۋدېخۇا قاتارلىقلار ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مەتتىمىن زاكىر مۇراسىمدا سۆز قىلىپ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋەكالىتەن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى سەنئەتچىلەر ۋە ئاممىۋى مەدەنىيەت خىزمەتچىلىرىدىن ھال سورىدى ۋە ئۇلارنىڭ بايرىمىنى مۇبارەكلىدى. ئۇ مۇنداق دېدى: جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن بۇيانقى 50يىللىق شانلىق مۇساپە جەريانىدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سەنئەت ئىشلىرىدا زور نەتىجىلەر بارلىققا كەلدى. بولۇپمۇ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغان 20يىلدىن بۇيان شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت

ئەدەبىيات-سەنئەتچىلىرى ئەدەبىيات-سەنئەتنى خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش يۆنىلىشىدە ۋە «بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس-بەستە سايراش» فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن زور بىر تۈركۈم ئېسىل سەنئەت ئەسەرلىرىنى تەقدىم قىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت ئىشلىرىنى زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتۈردى. بۇ قېتىم قويۇلىدىغان ناخشا-ئۇسسۇل ۋە دراممىلار ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولىغا قويۇلغاندىن بۇيان شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىز ئەدەبىيات-سەنئەتچىلىرى ئىجاد قىلغان، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش جەريانىدا قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەرگە تەنتەنە قىلىدىغان ئېسىل سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭ بىر قېتىملىق كۆرەك قىلىنىشىدۇر.

ئۇ مۇنداق دېدى: ئەسىر ئالمىشۋاتقان، پۇرسەت ۋە خىرىس تەڭ مەۋجۇد بولۇۋاتقان پەيتتە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك مەدەنىيەت خىزمىتى تارماقلىرى ۋە ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەردىن دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى تېخىمۇ ئېگىز كۆتۈرۈپ، دەۋر ئېھتىياجىغا ماسلىشىپ، خەلقنىڭ مەنىۋى ئېھتىياجىنى چىقىش قىلىپ، روھنى تېخىمۇ ئۇرغۇتۇپ، بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، جەمئىيەت ۋە ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ، ئېسىل سەنئەت ئەسەرلىرىنى تەقدىم قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

كۆرەكنىڭ قىسقىغىنە ئېچىلغان باشلىنىش مۇراسىمىدىن كېيىن قەشقەر ۋىلايەتلىك ناخشا-ئۇسسۇل ئۆمىكى يېقىندا ئىجاد قىلىپ تەييارلىغان چوڭ تىپتىكى ناخشا-ئۇسسۇل «قەشقەردە باھار» نى ئورۇندىدى. ئىگىلىنىشىچە، بۇ قېتىمقى كۆرەك 1999-يىل 28-سېنتەبىردىن 10-ئۆكتەبىرگىچە ئۆتكۈزۈلىدۇ. كۆرەك جەريانىدا شىنجاڭ ناخشا-ئۇسسۇل ئۆمىكى، شىنجاڭ ئوپېرا ئۆمىكى، شىنجاڭ دراما ئۆمىكى، شىنجاڭ سىرك ئۆمىكى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك سەنئەت ئۆمىكى، قەشقەر ۋىلايەتلىك ناخشا-ئۇسسۇل ئۆمىكى، ئىلى، سانجى، بورتالا ئوبلاستلىق سەنئەت ئۆمەكلىرى، ئالتاي ۋىلايەتلىك ناخشا-ئۇسسۇل ئۆمىكى، شىخەنزە سەنئەت ئۆمىكى قاتارلىق ئۆمەكلەر31مەيدان ئويۇن قويىدۇ.

**مېھرىئاي ياقۇپ**

## جۇمھۇرىيىتىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ50يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن «تەڭرىتاغ ئوغۇل-قىزلىرىنىڭ تىلىكى» ناملىق چوڭ تىپتىكى سەنئەت كېچىلىكى ئۆتكۈزۈلدى

**ۋاڭ لېچۈەن، ئابلەت ئابدۇرېشىت، ھامىدىن نىياز، جانابىل، جاڭ ۋېنيۆ، ئەسقەت كەرىمباي قاتارلىقلار قاتناشتى**

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى 1999-يىل 29-سېنتەبىر كەچ شىنجاڭ «خەلق» سارىيىدا جۇمھۇرىيىتىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن «تەڭرىتاغ ئوغۇل-قىزلىرىنىڭ تىلىكى» ناملىق چوڭ تىپتىكى سەنئەت كېچىلىكى ئۆتكۈزدى.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ۋە شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى رەھبەرلىرىدىن ۋاڭ لېچۈەن، ئابلەت ئابدۇرېشىت، ھامىدىن نىياز، جانابىل، جاڭ ۋېنيۆ، ئەسقەت كەرىمباي، ۋاڭ چۈەنيۈ، ئابدۇرېھىم ھامىد، چېن دېمىن، خۇجيايەن، جاڭ شيۇمىڭ قاتارلىقلار سەنئەت كېچىلىكىنى كۆردى.

«تەڭرىتاغ ئوغۇل-قىزلىرىنىڭ تىلىكى» ئۈچ چوڭ قىسىمغا بۆلۈنگەن بولۇپ، 1-قىسمى «تەڭرىتېغىنىڭ تىلىكى» ناملىق كوللېكتىپ خوردا جۇمھۇرىيىتىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50يىللىقى ھارپىسىدا تەڭرىتاغ ئوغۇل-قىزلىرىنىڭ ياڭراق ساز، ناخشىلىرى ئارقىلىق ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزگە ئورتاق بەخت تىلىگەنلىكى ئوبرازلىق ئىپادىلەپ بېرىلگەن. «قەشقەر سەنىمى»، «ئەڭ گۈزەل جاي بىزنىڭ شىنجاڭ»، «باش شۈجى بىز بىلەن قول تۇتۇشتى»، «تەڭرىتاغدا تەنتەنە» قاتارلىق ناخشا-ئۇسسۇللار ۋە مۇقاملاردىن تاللانغان نومۇرلار سەنئەت كېچىلىكىنى ئەۋجىگە كۆتۈردى.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ بىر قىسىم رەھبەرلىرى، ئاپتونوم رايوننىڭ بۆلۈم، كومىتېت، ئىشخانا، نازارەت، ئىدارىلىرىدىكى ھەر مىللەت خادىملىرى، جۇمھۇرىيىتىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتىگە تەكلىپ بىلەن قاتناشقان ۋەكىللەر، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ رەھبەرلىرى، ھەر ساھە زاتلىرىدىن بولۇپ 3000كىشى سەنئەت كېچىلىكىنى كۆردى. ئويۇن

ئاياغلاشقاندىن كېيىن ۋاڭ لېچۈەن قاتارلىق رەھبەرلەر سەھنىگە چىقىپ ئارتىسلار بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى.

مېھرىئاي ياقۇپ

## «قەشقەردە باھار» ناملىق ناخشا-ئۇسسۇل، «زەرەپشان ئوغلى» ناملىق دىراما ئوينىلىپ، تاماشىبىنلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى

جۇمھۇرىيىتىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىغا بېغىشلانغان مۇنەۋۋەر ناخشا-ئۇسسۇل، دىراما كۆرىكى جەريانىدا قەشقەر ۋىلايەتلىك ناخشا-ئۇسسۇل ئۆمىكى 1999-يىل 29-، 30-سىنتەبىردە ئۈرۈمچى «خەلق» تىياتىرخانىسىدا «قەشقەردە باھار» ناملىق ناخشا-ئۇسسۇل ۋە «زەرەپشان ئوغلى» ناملىق دىرامىنى ئورۇنداپ، تاماشىبىنلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى.

«قەشقەردە باھار» ناملىق ناخشا-ئۇسسۇل «مۇقەددىمە»، «تاڭ تەشنالىرى»، «مول ھوسۇل مەشرىپى»، «باھار مەشرىپى»، «دوستلۇق مەشرىپى» دىن ئىبارەت تۆت قىسىمدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، بۇ ناخشا-ئۇسسۇلدا قەشقەردىكى باتۇر، ئەمگەكچان ھەر مىللەت خەلقىنىڭ رەئىس ماۋزېدۇڭ ۋە باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ ئۆز قولى بىلەن ئۆزلىرىگە يېزىپ ئەۋەتكەن مۇبارەك خېتىدىن ئىلھام ۋە مەدەت ئېلىپ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى جەريانىدا تېخىمۇ پارلاق مەنزىلنى كۆزلەپ، مەردانە قەدەم بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەۋاتقانلىقىدەك گۈزەل مەنزىرە ناخشا-ئۇسسۇل ئارقىلىق جانلىق، ئوبرازلىق ئىپادىلەپ بېرىلگەن.

بەش كۆرۈنۈشلۈك دراما «زەرەپشان ئوغلى» دا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە كادىرلارنىڭ ئۆگىنىش ئۈلگىسى، مەملىكەت بويىچە ئەمگەك نەمۇنىچىسى ۋە مۇنەۋۋەر يېزا-بازارلىق پارتكوم شۇجىسى ھۈسەيىن يۈسۈپنىڭ بىر قىسىم ئىلغار ئىش-پائالىيەتلىرى تېپىكلەشتۈرۈپ ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولۇپ، قەشقەر ۋىلايىتىدە ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن كېيىن يېزىلاردا بارلىققا كەلگەن چوڭ ئۆزگىرىشلەر ۋە قولغا كەلتۈرۈلگەن زور مۇۋەپپەقىيەتلەر ئوبرازلىق، جانلىق سۈرەتلەپ بېرىلگەن.

مېھرىئاي ياقۇپ

## ئۈرۈمچىدە جۇمھۇرىيىتىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن كاتتا سالىيوت ۋە سەنئەت كېچىلىكى ئۆتكۈزۈلدى

1999-يىل 1-ئۆكتەبر ئۈرۈمچى ۋاقتى كەچ سائەت يەتتىدىن باشلاپ، دەسلەپتە ئېتىلغان 50 پاي ھۆرمەت توپى بىلەن ئۈرۈمچى ئاسمىنى زىلزىلىگە كەلدى. شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئۈرۈمچى شەھىرىدە جۇمھۇرىيىتىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن ئۆتكۈزگەن سالىيوت ۋە سەنئەت كېچىلىكى رەسمىي باشلاندى.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى رەھبەرلىرىدىن ۋاڭ لېچۈەن، ئابلەت ئابدۇرېشىت، ھامىدىن نىياز، جانابىل، جاڭ ۋېنيۆ، ئەسقەت كەرىمباي، ۋاڭ چۈەنيۇ، ئابدۇرېھىم ھامىد، چېن دىمىن، ۋۇدۇنفۇ، خۇجيايەن، جاڭ شيۇمىڭ قاتارلىقلار ۋە پېشقەدەم قىزىل ئارمىيە جەڭچىلىرىنىڭ ۋەكىللىرى، ئەمگەك نەمۇنىچىلىرىنىڭ ۋەكىللىرى، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىنىڭ پېشقەدەم جەڭچىلىرىنىڭ ۋەكىللىرى، مەشھۇر زاتلار جۆرىلىرىنىڭ ۋەكىللىرى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى نەمۇنىچىلىرىنىڭ ۋەكىللىرى، مەشھۇر دىنىي زاتلارنىڭ ۋەكىللىرى، شۇنداقلا خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى، قوراللىق ساقچى قىسىم، ج خ كادىر-ساقچىلىرىنىڭ ۋەكىللىرى ھەر مىللەت ئاممىسى بىلەن بىللە ئۈرۈمچىنىڭ غەربىي چوڭ كۆۋرۈكىدە تۇرۇپ «قىزىلتاغ» باغچىسىدا ئېتىلغان سالىيوتنى كۆردى. بۇ كۈنى كەچتە يەنە، سۇ ئۈستى شادلىق باغچىسى، يامالىق تېغى، يېڭىشەھەر رايونى تۆمۈريول مەدەنىيەت مەركىزى، شىمىگو رايونلۇق پارتكوم، تۇدۇڭخابا رايونى غەربىي ۋوگزال مەدەنىيەت مەيدانى، ئەنىچۈي بازىرى، دۇڭشەن رايونى قاتارلىق يەتتە ئورۇندا بىرلا ۋاقىتتا سالىيوت كېچىلىكى ئۆتكۈزۈلدى. ھەر بىر مەيداندا ئۇنىمگە يىغىلغان ھەر مىللەت ئاممىسى كۆكتە يۇلتۇزلارتۇركۇمىدەك چاقناپ كۆزنى قاماشتۇرۇپ، پورەكلەپ ئېچىلغان رەڭمۇ رەڭ گۈللەردەك كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان سالىيوت چېچەكلىرىنى زوق-شوق بىلەن تاماشا قىلدى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئاساسلىق پائالىيەت مەيدانى بولغان ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ غەربىي چوڭ

www.uyghurkitap.com

كۆۋرۈكىدە شىنجاڭ «ئەيلي» مۇزىكا ئۆمىكى، شىنجاڭ ھەربىي رايون سەنئەت ئۆمىكى، بىڭتۇەن ناخشا-ئۇسسۇل، تىياتىر ئۆمىكى ۋە ئۈرۈمچى شەھەرلىك تىياتىر ئۆمىكى قاتارلىقلاردىن تەشكىللەنگەن ھەيۋەتلىك ئوركېستىر «قىزىل بايراققا مەدھىيە» ناملىق مۇزىكىنى ئورۇندىدى. بۇنىڭ بىلەن، جۇمھۇرىيىتىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن ئۆتكۈزۈلگەن سەنئەت كېچىلىكىمۇ تەنتەنىلىك ھالدا باشلاندى. يۇقىرى ئاۋازلىق ناخشىچى گۈليار ئورۇندىغان «مەن جۇڭگونى سۆيىمەن» قاتارلىق ناخشىلار، زوق-شوق بىلەن ئوينالغان ئۇسسۇل ۋە مەشرەپلەر بۇ سەنئەت كېچىلىكىنىڭ قىزغىن كەيپىياتىنى ئەۋجىگە كۆتۈردى. بۇ شاد-خورام كەيپىيات شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ جۇمھۇرىيىتىمىز قۇرۇلغان 50 يىلدىن بۇيان بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ كۆرەش قىلىپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئالغا ئىلگىرىلىتىۋاتقانلىقىدەك روھىي قىياپىتىنى نامايان قىلىپ بەردى.

غەيرەت ئابدۇللا، مۇھەممەتئىمىن ئوبۇل

## «جۇرئەت» ناملىق دراما تاماشىبىنلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى

جۇمھۇرىيىتىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىغا ئاتاپ تەييارلانغان «جۇرئەت» ناملىق بەش پەردە، ئالتە كۆرۈنۈشلۈك دراما 1999 - يىل 9 - ئۆكتەبر «خەلق» تىياتىرخانىسىدا ئوينىلىپ، تاماشىبىنلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى.

شىنجاڭ ئوپېرا ئۆمىكى ئورۇندىغان بۇ درامىدا مەرىپەتپەرۋەر ياش كارخانىچى نۇرتاي ھاجىمنىڭ ھاياتى، يېتىملەر مەكتىپى قۇرۇش جەريانىدىكى ئىش-ئىزلىرى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنغان بولۇپ، ئارتىسلارنىڭ ئاجايىپ يۇقىرى ماھارەت بىلەن رول ئېلىشى، پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرىنى ئەينەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىشى تاماشىبىنلارنى ئويۇن كۆرۈۋاتقاندەك ئەمەس خۇددى شۇ ئىشلارنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرۈۋاتقاندەك تۇيغۇغا كەلتۈردى. ئويۇن داۋامىدا ھاياجانغا چۆمگەن تاماشىبىنلار ئارقا-ئارقىدىن ئالقىش ياڭرىتىپ، ئارتىسلارنىڭ تالانتىغا ئاپىرىن ئوقۇدى.

ئامىنە ئابدۇرېشىت

## «پەلەك شاھى» ئادىل ھوشۇر «خەلق» تىياتىرخانىسىدا ماھارەت كۆرسەتتى

1999 - يىل 10 - ئۆكتەبر ئۈرۈمچى «خەلق» تىياتىرخانىسى ئالدىدا ناغرا-سۇناي ئاۋازى پەلەككە يېتىپ، زال ئىچى ئادەم دېڭىزىغا ئايلانغانىدى. «پەلەك شاھى» ئادىل ھوشۇرنىڭ ماھارەت كۆرسىتىدىغانلىقىنى ئاڭلىغان تاماشىبىنلار ئىنتايىن ھاياجانلانغانىدى.

پەردە ئېچىلىش بىلەن تەڭ سېرك بىلەن ئۇيغۇر ئۇسسۇلى «تەنتەنە» تاماشىبىنلارنى شادلاندۇردى. گۈلنار قاتارلىقلار ئورۇندىغان «بوشلۇقتىكى ماھارەت»، ئەنۋەر بىلەن غەيرەت ئورۇندىغان «نازىركوم» مۇزىكىسىغا تەڭكەش قىلىنغان «تەخسە ئويۇنى» تاماشىبىنلارنى سۆيۈندۈرۈۋەتتى. قارتا ماھىرى روشەنگۈلنىڭ ئاجايىپ چاققان ھەرىكەتلىرى، ئايگۈل بىلەن گۈلنارنىڭ «چىراغ» ئۇسسۇلى تاماشىبىنلارنى تېخىمۇ قايىل قىلدى.

«پەلەك شاھى» ئادىل ھوشۇرنىڭ كەسپداشلىرى بىلەن ئورۇندىغان، قىيىنلىق دەرىجىسى پەۋقۇلئاددە يۇقىرى بولغان چاققان، چەبدەس ھەرىكەتلىرى، كۆزنى تېڭىپ ئېگىزلىكتىكى ئارغامچىدا خۇددى يەردە ماڭغاندەك مېڭىشى تاماشىبىنلارنى خۇددى چۈش كۆرۈۋاتقاندەك تۇيغۇغا كەلتۈرۈپ قويدى.

شىنجاڭ سېرك ئۆمىكى ھەر بىر نومۇردا ئۆزگىچە يېڭىلىق يارىتىپ، سېرك بىلەن ئۇيغۇر مۇزىكا، ئۇسسۇلىنى ناھايىتى ئەپچىللىك بىلەن بىرلەشتۈرگەنلىكى ئۈچۈن، تاماشىبىنلار گۈزەللىك بىلەن ھەرىكەت زىچ ماسلاشقان نومۇرلاردىن ئۆزگىچە زوق ئالدى.

ئامىنە ئابدۇرېشىت

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن مۇنەۋۋەر ناخشا-ئۇسسۇل، دراما كۆرىكى غەلىبىلىك ئاياغلاشتى

## «ۋۇدېگيۇن» قاتارلىق تۆت دراما 1-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىز جۇمھۇرىيىتىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىغا سوۋغا سۈپىتىدە مەخسۇس ئۆتكۈزگەن مۇنەۋۋەر ناخشا-ئۇسسۇل، دراما كۆرىكى 12 كۈن داۋام قىلىپ، 1999-يىل 10-ئۆكتەبر مۇۋەپپەقىيەتلىك ئاياغلاشتى.

«شادلىق، باياشاتلىق، ئىتتىپاقلىق» نى ئاساسىي تېما قىلغان بۇ سەنئەت كۆرىكىدە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست (شەھەر) لەرنىڭ بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر سەنئەت نومۇرلىرى يەنە بىر قېتىم نامايان قىلىنىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ جۇش ئۇرۇپ گۈللىنىۋاتقان مەدەنىيەت-سەنئىتىنىڭ يېڭى تەرەققىيات يۈزلىنىشى ۋە سەۋىيىسىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بەردى. باھالاش ھەيئىتىنىڭ ئەستايىدىل باھالاپ بېكىتىشى ئارقىلىق «ۋۇ دېگيۇن»، «جۈرئەت» قاتارلىق تۆت دراما ۋە ناخشا-ئۇسسۇل 1-دەرىجىلىك، «قەشقەردە باھار» قاتارلىق سەككىز ناخشا-ئۇسسۇل ۋە دراما 2-دەرىجىلىك، تۆت دراما ۋە ناخشا-ئۇسسۇل ئالاھىدە دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، 91 نومۇر يەككە تۈرلەر بويىچە مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

10-ئۆكتەبر كەچتە ئۈرۈمچى «خەلق» تىياتىرخانىسىدا ئۆتكۈزۈلگەن مەزكۇر كۆرەكنىڭ يېپىلىش مۇراسىمىغا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىز رەھبەرلىرىدىن قەييۇم باھاۋۇدۇن، خەلچەم ئىسلام، مىجىت ناسىر، پاشا ئىشانلار قاتناشتى ھەمدە مۇكاپاتقا ئېرىشكەنلەرگە مۇكاپات تارقىتىپ بەردى.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى قەييۇم باھاۋۇدۇن يېپىلىش مۇراسىمىدا سۆز قىلىپ، ئالدى بىلەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋەكالىتەن بۇ قېتىمقى سەنئەت كۆرىكىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزۈلگەنلىكىنى تەبرىكلىدى.

ئۇ مۇنداق دېدى: ئەدەبىيات-سەنئەت مىللەتنىڭ مەنىۋى بايلىقى، ئۇ، خەلقنى ئالغا بېسىشقا ئۈندەيدىغان مەنىۋى كۈچ. جۇمھۇرىيىتىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىغا سوۋغا سۈپىتىدە ئۆتكۈزۈلگەن بۇ قېتىمقى ناخشا-ئۇسسۇل ۋە دراە كۆرىكى ئىنتايىن مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزۈلۈپ، ھەر مىللەت خەلقىگە نەپىس سەنئەت ئەسەرلىرىنى تەقدىم قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى زور دەرىجىدە بېيىتتى.

مېھرىئاي ياقۇپ

# ئوپېرا «مۇقام ئەجدادلىرى» قاتارلىق نومۇرلار جۇڭگونىڭ نادىر سەنئەت ئەسەرلىرى بولۇپ تاللاندى.

«ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» خەۋىرى: ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى تەشۋىقات بۆلۈمى ۋە مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى قاتارلىق ئالتە ئورۇن رىياسەتچىلىك قىلىپ تۈزۈپ چىققان «يېڭى جۇڭگو سەھنىلىرىدىكى كىنو-تېلېۋىزىيە نادىر سەنئەت نومۇرلىرىدىن تاللانما» ناملىق چاتما لازېر نۇرلۇق پلاستىنكا جۇڭگو ناخشا پلاستىنكىسى باش شىركىتى قاتارلىق 35 نەشرىيات ئورنى تەرىپىدىن 1999-يىلى كۈزدە نەشر قىلىندى. ئۇنىڭغا شىنجاڭنىڭ بىر تۈركۈم ئەسەرلىرى تاللاپ كىرگۈزۈلدى. ئۇلار، ئۇيغۇر ئوپېراسى «مۇقام ئەجدادلىرى» (بۇ ئوپېرا ژۇرنىلىمىزنىڭ 1985-يىل 3-سانىغا بېسىلغان ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئوپېرا ئۆمىكىنىڭ ئىجراسىدا مەملىكەت بويىچە كۆپ تۈردە مۇكاپاتقا ئېرىشكەنىدى. — مۇھەررىردىن)، «بىزنىڭ شىنجاڭ ياخشى جاي»، «يايلاق كېچىسى»، «قاراماي ناخشىسى»، «گۈل نېمىشقا شۇنچە قىزىل»، «تۇرپان ئۈزۈمى پىشتى» قاتارلىق ناخشىلار؛ مۇزىكا «شىنجاڭ باھارى»؛ ئۇسسۇل «ئۈزۈم ئۈزۈش»؛ سېرك «دارۋاز»؛ ھېكايە فىلىم «مۇز تاغقا كەلگەن مېھمان»؛ تېلېۋىزىيە كارتون فىلىمى «نەسىرىددىن ئەپەندى»؛ تېلېۋىزىيە مەخسۇس فىلىمى «يىپەك يولى» قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ئەسەرلەر شىنجاڭدىن ئىبارەت «ناخشا-ئۇسسۇل ماكانى» نىڭ يېرىم ئەسىردىن بۇيانقى قولغا كەلتۈرگەن مول نەتىجىلىرىنى نامايان قىلدى.

# يېڭىدىن سېلىنغان شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كۇتۇپخانا سىرتقا ئېچىۋېتىلدى

باش شۇجى جياڭ زېمىن كۇتۇپخانا نامىنى يېزىپ بەردى
ۋاڭ لېچۈەن، ئابلەت ئابدۇرېشىت قاتارلىقلار كۇتۇپخانا نامىنىڭ يوپۇقىنى ئاچتى

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى كۇتۇپخانا بىناسىنىڭ قۇرۇلۇشى تاماملىنىپ، 1999-يىل 23-ئۆكتەبىردە رەسمىي سىرتقا ئېچىۋېتىلدى ۋە كۇتۇپخانىنىڭ ئېچىلغانلىقىنى تەبرىكلەش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. باش شۇجى جياڭ زېمىن 1999-يىل 18-مارتتا ئۆز قەلىمى بىلەن «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كۇتۇپخانا» دەپ بۇ كۇتۇپخانىغا نام يېزىپ بەرگەنىدى. مۇراسىمدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت كۇتۇپخانا نامىنىڭ يوپۇقىنى ئاچتى.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى رەھبەرلىرىدىن ھامىدىن نىياز، جانابىل، قەييۇم باھاۋۇدۇن، مىجىت ناسىر، ۋاڭ خۇەيىۋ، مەتتىمىن زاكىر، ماۋدېخۋا، پاشا ئىشان قاتارلىقلار كۇتۇپخانىنى ئېچىش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كۇتۇپخانا 70 يىللىق تارىخقا ئىگە چوڭ تىپتىكى ئۇنىۋېرسال ئاممىۋى كۇتۇپخانىدۇر. بۇ كۇتۇپخانىنى كۆچۈرۈپ يېڭىدىن سېلىش قۇرۇلۇشى 1986-يىلى 7-ئايدا باشلانغان. 25 مىڭ كۋادرات مېتىر كۆلەمدە قايتىدىن ياسالغان بۇ كۇتۇپخاناقۇرۇلۇشىغا جەمئىي 48 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. مەملىكەت بويىچە 15 قېرىنداش ئۆلكە، ئاپتونوم رايون ۋە شەھەردىكى 400 دىن ئارتۇق نەشرىيات 170 مىڭ پارچە، 4 مىليون يۈەن قىممىتىدىكى كىتاب تەقدىم قىلىپ، كۇتۇپخانىدا ساقلىنىۋاتقان كىتاب خىللىرى ۋە مىقدارىنى زور دەرىجىدە بېيىتتى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن كۇتۇپخانىنى ئېچىش مۇراسىمىدا سۆز قىلىپ مۇنداق دېدى: كۇتۇپخانا ئىنسانىيەت بىلىمىنىڭ خەزىنىسى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى بىر دۆلەت، بىر رايوننىڭ مەدەنىيلىك دەرىجىسىنىڭ ئۆلچىمى بولۇپ، ئۇ، مائارىپ، ئىلىم-پەن، مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىدۇر. پارتىيىمىز ۋە دۆلىتىمىز ئەزەلدىن كۇتۇپخانا ئىشلىرى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈپ كەلدى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كۇتۇپخانا بىناسىنىڭ قۇرۇلۇشى تاماملىنىپ، ئېچىۋېتىلگەنلىكى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى تەرەققىياتىدىكى بىر شانلىق ئابىدىدۇر.

ۋاڭ لېچۈەن مۇنداق دېدى: باش شۇجى جياڭ زېمىن كۆپ قېتىم قىلغان سۆزىدە ئومۇمىي خەلقنىڭ كىتاب ئوقۇش پائالىيىتىنى تەشەببۇس قىلدى ۋە «جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى، ئىنسانىيەتنىڭ ئالغا بېسىشى ئىلىم-پەندىن ئايرىلالمايدۇ» دەپ ئېنىق كۆرسەتتى. يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان 21-ئەسىر ـ بىلىم ئىگىلىكى ۋە ئۇچۇر دەۋرىدۇر. كۇتۇپخانا مۇھىم ئۇچۇر كەسپىي تارمىقى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىنتايىن زور تەرەققىيات پۇرسىتىگە ۋە خىرىسقا دۇچ كەلمەكتە. دۆلەت پەن-تېخنىكا تەرەققىياتى ۋە ئەقلىي كۈچنى ئېچىشنى ئىستراتېگىيىلىك مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ چىڭ تۇتماقتا. شۇڭا بىز كۇتۇپخانا ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى زور كۈچ بىلەن تېزلىتىپ، كۇتۇپخانا خىزمىتى بىلەن سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى تېخىمۇ زىچ بىرلەشتۈرگەن ھالدا ئېلىپ بېرىپ، پۈتكۈل خەلقنىڭ ئىدىيە، ئەخلاق ساپاسى بىلەن پەن-تېخنىكا، مەدەنىيەت ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، «پەن-تېخنىكا، مائارىپقا تايىنىپ شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيىسى» نى ئىشقا ئاشۇرۇش، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى ئومۇميۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشىمىز لازىم.

مۇراسىمدىن كېيىن ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرى ھەر مىللەت ئاممىسى بىلەن بىرلىكتە كۇتۇپخانىنىڭ ھەرقايسى بۆلۈملىرىنى زىيارەت قىلدى.

مېھرىئاي ياقۇپ

## تەبرىك خەت

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىگە:

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كۇتۇپخانا-
نىڭ پۈتۈپ ئېچىلغانلىقىدىن خۇشاللىق بىلەن خەۋەر

تاپتۇق، ئالاھىدە قىزغىن تەبرىكلەيمىز!

جامائەت كۈتۈپخانىسى - خەلقنىڭ ئۆمۈرلۈك مەكتىپى، جەمئىيەتنىڭ مەدەنىيلىك دەرىجىسىنىڭ مۇھىم بەلگىسى بولۇپ، دۆلەتنىڭ يېتىلىق يارىتىش سىستېمىسى ۋە ئۆمۈرۋايەت ئۆگىنىش سىستېمىسىنى بەرپا قىلىشتا مۇھىم رول ئويناۋاقتا. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كۈتۈپخانىنىڭ پۈتۈپ ئېچىلغانلىقى شىنجاڭدىكى 17مىليون ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنىۋى، مەدەنىي تۇرمۇشىدىكى زور خۇشاللىق ئىش. باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ ئۆز قەلىمى بىلەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كۈتۈپخانىنىڭ نامىنى يېزىپ بەرگەنلىكى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ چېگرا رايوندىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ مەدەنىيەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا سەمىمىي غەمخورلۇق قىلغانلىقى ۋە پۈتكۈل مىللەتنىڭ ئەدەبىيە، ئەخلاق ساپاسى، پەن-مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈشكە يۈكسەك ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىپلا قالماي، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى تىرىشىپ ئۆگىنىش يېڭى دولقۇنىنى قوزغاپ، بىلىم ئىگىلىكىنىڭ خىرىسىنى كۈتۈۋېلىپ، شىنجاڭنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىنىڭ گۈللىنىشى ۋە راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلىشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كۈتۈپخانىدىكى بارلىق خادىملارنىڭ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سەمىمىي غەمخورلۇقى ۋە ئۈمىدىنى يەردە قويماي، باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ «پۈتكۈل جەمئىيەتتە تىرىشىپ ئۆگىنىش كەيپىياتىنى كەڭ ئەۋج ئالدۇرۇش» توغرىسىدىكى يوليورۇقىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، جاسارەت بىلەن يۈكسەك ئۆرلەپ، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كۈتۈپخانىنى زامانىۋى كۈتۈپخانا قىلىپ قۇرۇپ چىقىپ، گۈللەنگەن، باي، مەدەنىيەتلىك شىنجاڭ قۇرۇشقا تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى

1999-يىل 22-ئۆكتەبر

# تىرىشىپ ئۆگىنىش كەيپىياتىنى كەڭ ئەۋج ئالدۇرايلى

«شىنجاڭ گېزىتى» ئوبزورچىسى

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كۈتۈپخانا 14يىللىق بوران-چاپقۇننى باشتىن كەچۈرۈش ئارقىلىق ئاخىرى - 1999-يىل 23-ئۆكتەبردە داغدۇغىلىق ئېچىلدى. بۇ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇشىدىكى چوڭ ئىش، خۇشاللىنارلىق ئىش.

جامائەت كۈتۈپخانىسى ئىنسانلارنىڭ بىلىم خەزىنىسى بولۇپلا قالماستىن، بىر دۆلەت ۋە رايوننىڭ مەدەنىيلىك دەرىجىسىنىڭمۇ بەلگىسى. پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت كۈتۈپخانا قۇرۇلۇشىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. باش شۇجى جياڭ زېمىن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كۈتۈپخانىنىڭ نامىنى يېزىپ بەردى. بۇ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن غايەت زور ئىلھام ۋە تۈرتكە. مەركەزگە قاراشلىق ئالاقىدار تارماقلار ۋە پۈتكۈل مەملىكەتتىكى ھەر قايسى ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايونلار بۇ كۈتۈپخانا قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن قوللاپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە ۋەتەن چوڭ ئائىلىسىنىڭ ئىللىقلىقىنى ھەقىقىي ھېس قىلدۇردى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان باش شۇجى جياڭ زېمىن ئومۇمىي خەلقنىڭ كىتاب ئوقۇش پائالىيىتىنى كۆپ قېتىم تەشەببۇس قىلدى. باش شۇجى جياڭ زېمىن 1998-يىلى 22-دېكابىردا دۆلەت كۈتۈپخانىسىنى كۆزدىن كەچۈرگەندە: «جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى، ئىنسانلارنىڭ ئالغا بېسىشى بىلىمدىن ئايرىلالمايدۇ. بىز پۈتكۈل جەمئىيەتتە كىشىلەرنىڭ كۆپرەك كىتاب ئوقۇشىنى تەشەببۇس قىلىپ، تىرىشىپ ئۆگىنىش كەيپىياتىنى كەڭ ئەۋج ئالدۇرۇشىمىز كېرەك. ئەگەر 1مىليارد 200مىليون خەلق ئىچىدە كىتاب ئوقۇيدىغانلار بارغانسېرى كۆپەيسە، كۆپچىلىكنىڭ بىلىم سەۋىيىسى ئۆسسە قۇدرەتلىك ماددىي كۈچكە ئايلىنىدۇ. دۆلەتنىڭ قۇدرەت تېپىشى، مىللەتنىڭ گۈللىنىشىدىن زور ئۈمىد تۇغۇلىدۇ» دەپ تەكىتلىدى. جامائەت كۈتۈپخانىسى خەلقنىڭ ئۆمۈرلۈك مەكتىپى بولۇپ قالدى. باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ چاقىرىقىغا زور كۈچ بىلەن ئاۋاز قوشۇپ، ئومۇمىي خەلقنىڭ كىتاب ئوقۇش پائالىيىتىنى تەشۋىق قىلىش، ئۇيۇشتۇرۇش، مۇلازىملىق قىلىش جەريانىدا ئىجابىي رول ئويناپ، ئۆزىمىزنىڭ تىرىشچانلىقى ئارقىلىق بارغانسېرى كۆپلىگەن كىشىلەرنى كىتابنى قىزغىن سۆيۈشكە، كىتابنى كۆپرەك ئوقۇشقا، كىتابنى ياخشى ئوقۇشقا جەلپ قىلىپ، پۈتكۈل جەمئىيەتتە ئىلىم-پەننى، مەدەنىيلىكنى سۆيىدىغان كەيپىياتنى تۇرغۇزۇپ، جەمئىيەتنىڭ مەدەنىي بولۇشىغا ۋە ئالغا بېسىشىغا تۈرتكە بولۇشىمىز كېرەك.

## 7-نۆۋەتلىك جۇڭگو ۋۇچياۋ خەلقئارا سېرك بايرىمى ئاياغلاشتى

### شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سېرك ئۆمىكى «ئالتۇن شىر مۇكاپاتى»غا ئېرىشتى

«ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» خەۋىرى: سەككىز كۈن داۋاملاشقان 7-نۆۋەتلىك جۇڭگو ۋۇچياۋ خەلقئارا سېرك بايرىمى 1999-يىل 8-نويابر كەچ خېبېي سەنئەت مەركىزىدە ئاياغلاشتى.

مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى بىلەن خېبېي ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى بىرلىكتە ئۇيۇشتۇرغان بۇ قېتىمقى سېرك بايرىمىدا ، مەملىكەت ئىچى ۋە روسىيە، ئەنگلىيە، ئامېرىكا قاتارلىق دۆلەتلەردىن كەلگەن 23ئۆمەكنىڭ 30نومۇرى ئورۇندالدى. باھالىغۇچىلارنىڭ ئەستايىدىل باھالىشى ئارقىلىق ئۈچ نومۇر «ئالتۇن شىر مۇكاپاتى»غا، يەتتە نومۇر «كۈمۈش شىر مۇكاپاتى»غا، سەككىز نومۇر «مىس شىر مۇكاپاتى»غا ئېرىشتى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سېرك ئۆمىكىنىڭ «كۆكتىكى پولات ئارغامچىدا مېڭىش» سېرك نومۇرى قىيىنلىق دەرىجىسى يۇقىرى، رەڭدار بولۇش، ئورۇنداش خەتەرلىك بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن باھالىغۇچىلار ۋە تاماشىبىنلارنى قايىل قىلىپ، بۇ قېتىمقى سەنئەت بايرىمىنىڭ ئەڭ ئالىي مۇكاپاتى - «ئالتۇن شىر مۇكاپاتى»غا ئېرىشىپ، دۆلىتىمىز مۇسابىقىغە قاتناشتۇرغان نومۇرلار ئىچىدە «ئالتۇن شىر مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن بىردىنبىر نومۇر بولۇپ قالدى. قالغان ئىككى «ئالتۇن شىر مۇكاپاتى»نى چاۋشيەن پيۇڭياڭ سېرك ئۆمىكى بىلەن روسىيە دۆلەتلىك سېرك ئۆمىكى ئالدى.

1999-يىل 12-نويابر ئەتىگەندە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مەتتىمىن زاكىر ھەمدە مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ مەسئۇللىرى ئۈرۈمچى ۋوگزالىغا بېرىپ، زەپەر قۇچۇپ قايتىپ كەلگەن سېرك ماھىرلىرىنى قارشى ئالدى. «پەلەك شاھى» ئادىل ھوشۇرنىڭ قىزى دادىسىغا گۈلدەستە تەقدىم قىلىپ كۈتۈۋالدى. مەتتىمىن زاكىر ئارتىسلارنىڭ ۋەتەنگە ، شىنجاڭ خەلقىغە شان-شەرەپ كەلتۈرگەنلىكىنى ، دۇنيادىكى ھەر قايسى ئەل خەلقلىرىگە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سېرك سەنئىتىنى تېخىمۇ چوڭقۇر تونۇتقانلىقىنى مەدھىيىلىدى.

## تەڭرىتاغقا ھۆسن قوشقان ھەرمىللەت ئاممىۋى مەدەنىيىتى

### - شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئاممىۋى مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ 50يىللىقى

ۋەن يۇڭ، بەي جيەنياۋ

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان 50يىلدىن بۇيان ، بولۇپمۇ ئىسلاھات ، ئېچىۋېتىشتىن بۇيانقى 20يىلدىن بۇيان شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئاممىۋى مەدەنىيەت ئىشلىرى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنىۋى تەلىپىنى قاندۇرۇپ كەلدى. ھازىر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئاممىۋى مەدەنىيەت تورى ئاساسىي جەھەتتىن شەكىللەندى، مەدەنىيەت ئەسلىھەلىرى قۇرۇلۇشىمۇ بەلگىلىك كۆلەمگە ئىگە بولدى، ئاممىۋى مەدەنىيەت پائالىيەتلىرى كۆپخىللاشتى، ئاممىۋى مەدەنىيەت خىزمەتلىرىمۇ كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشتى.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇش ھارپىسىدا شىنجاڭدا پەقەت بىرلا ئۆلكە دەرىجىلىك كۇتۇپخانا بولۇپ، 10مىڭدەك كىتاب ساقلانغانىدى. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن ، بولۇپمۇ ئىسلاھات ، ئېچىۋېتىشتىن كېيىن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئاممىۋى كۇتۇپخانا قۇرۇلۇشى تېز راۋاجلاندى. 1965-يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا 83مەدەنىيەت ئورگىنى، 5كۇتۇپخانا قۇرۇلدى، 1998-يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى ھەر دەرىجىلىك مەدەنىيەت ئورگىنى 1001گە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاممىۋى سەنئەت يۇرتىدىن 16 (ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك 1، ئوبلاست، شەھەر دەرىجىلىك 15) ، ناھىيە (شەھەر) دەرىجىلىك مەدەنىيەت يۇرتىدىن 92، يېزا-بازار مەدەنىيەت پونكىتىدىن 893، كەنت مەدەنىيەت ئۆيىدىن 5037سى قۇرۇلدى. 74كۇتۇپخانا قۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىكتىن 1، ۋىلايەت ، ئوبلاست ، شەھەر دەرىجىلىكتىن 16، ناھىيە (شەھەر) دەرىجىلىكتىن 57سى بار، ساقلانغان تۈرلۈك كىتاب 5مىليون 460مىڭ 700پارچىغا

يەتتى. باش شۇجى جياڭ زېمىن كۇتۇپخانا نامىنى يېزىپ بەرگەن «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كۇتۇپخانا» يېقىندا رەسمىي ئېچىۋېتىلدى، بۇ كۇتۇپخانىغا 48 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى. قۇرۇلۇش كۆلىمى 20 مىڭ 400 كۋادرات مېتىر بولۇپ، 3 مىليون پارچىدىن ئارتۇق كىتاب ساقلىغىلى بولىدۇ.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا چېگرا رايون مەدەنىيەت كارىدورى، مەدەنىيەتتە ئىلغار ناھىيە بەرپا قىلىش، بىلىم قۇرۇلۇشى قاتارلىق مەدەنىيەت قۇرۇلۇشلىرى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرۈلدى. يېقىنقى 15 يىلدىن بۇيان شىنجاڭ بويىچە جەمئىي 200 مىليون 400 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ 80 مەدەنىيەت يۇرتى، كۇتۇپخانا، مۇزېي سېلىنىپ، ئومۇمىي قۇرۇلۇش كۆلىمى 200 مىڭ 800 كۋادرات مېتىرغا يەتكۈزۈلدى. ھازىرغا قەدەر شىنجاڭ بويىچە 18 ناھىيە (شەھەر، رايون) ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار ناھىيە (شەھەر، رايون)» بولۇپ باھالاندى. 30 ئوبلاست، ۋىلايەت، شەھەر، ناھىيە (شەھەر) ياكى ئورۇن، ئىدارە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى يىپەك يولى چېگرا رايون مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى كارىدورى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى تەرىپىدىن «چېگرا رايون مەدەنىيەت كارىدورى قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار ئورۇن» دېگەن نامغا ئېرىشتى. 8 ناھىيە (شەھەر، رايون) «مەملىكەت بويىچە ئىلغار، مەدەنىيەتلىك ناھىيە» قاتارىغا كىردى. 10 ئوبلاست، ۋىلايەت، شەھەر، ناھىيە (شەھەر، رايون) «مەملىكەت بويىچە چېگرا رايون مەدەنىيەت كارىدورى قۇرۇلۇشىدا كۆرۈنەرلىك نەتىجىگە ئېرىشكەن ئورۇن» دېگەن نامغا ئېرىشتى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا يەنە «بىلىم قۇرۇلۇشى»، «كۇتۇپخانا مۇلازىملىق تەشۋىقات ھەپتىلىكى» پائالىيىتى، «10 مىڭ كەنتتە كىتاب ئامبىرى بولۇش» قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىلدى ياكى قانات يايدۇرۇلدى، بۇنىڭ تۈرتكىسىدە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا يېزا، كەنت مەدەنىيەت ئۆيى كىتاب ئامبىرىدىن 600 دىن كۆپرەكى قۇرۇلۇپ، دېھقان — چارۋىچىلار ئارىسىدا كىتاب ئوقۇش، كىتابتىن پايدىلىنىش قىزغىنلىقى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

شىنجاڭنىڭ ئاممىۋى مەدەنىيەت پائالىيىتى روشەن مىللىي ۋە يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە، ئۇ، سودا، ساياھەت، تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئىشلار تەشۋىقاتى قاتارلىق پائالىيەتلەر بىلەن زىچ بىرلىشىپ ناھايىتى ياخشى ئىجتىمائىي ئۈنۈم ياراتتى. ئۇيغۇرلارنىڭ «مەشرەپ»، قازاقلارنىڭ «ئاقىنلار ئېيتىشىشى»، موڭغۇللارنىڭ «نادام يىغىلىشى» ۋە «جاڭغىر ناخشا كېچىلىكى»، قىرغىزلارنىڭ «ماناس ناخشا كېچىلىكى»، «قومۇز ناخشا كېچىلىكى»، خۇيزۇلارنىڭ «گۈل ناخشا كېچىلىكى»، شىبەلەرنىڭ «غەربكە كۆچۈش بايرىمى» قاتارلىق قويۇق مىللىي تۈسكە ئىگە پائالىيەتلەر شىنجاڭنىڭ مىللىي مەدەنىيىتىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈردى. ھېيت – بايرام، خاتىرە كۈنلىرى، دەم ئېلىش كۈنلىرى شەھەردىن يېزا-كەنتلەرگىچە ھەر مىللەت خەلقى مول، رەڭگارەڭ ئاممىۋى مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىگە ئاكتىپ قاتنىشىپ، «بىر يېزىدا بىر تۈر بولۇش، بىر جايدا بىرخىل ئالاھىدىلىك بولۇش، ھەر ئايدا پائالىيەت بولۇش» ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ھەر دەرىجىلىك مەدەنىيەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئورۇنلىرى مەدەنىيەتنى يېزىلارغا يەتكۈزۈش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. ستاتىستىكىغا قارىغاندا يېقىنقى يىللاردىن بۇيان شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يېزا-قىشلاقلىرىدا 10 مىڭ مەيدان ئويۇن، 15 مىڭ مەيدان كىنو قويۇلغان. يېزىلارغا يەتكۈزۈپ بېرىلگەن كىتاب 100 مىڭ پارچىغا يەتكەن. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ئىشتىن سىرتقى سەنئەت كۆرىكى، كىتاب، رەسىم كۆرگەزمىسى، ئۆسمۈرلەر سەنئەت كۆرىكى، ئىشچى-خىزمەتچىلەر خور مۇسابىقىسى قاتارلىق پائالىيەتلەر ئارقا-ئارقىدىن ئۆتكۈزۈلۈپ شىنجاڭنىڭ ئاممىۋى مەدەنىيەت ئىشلىرىنى يېڭى تەرەققىياتلارغا ئېرىشتۈردى. مەدەنىيەت مىننىستىرلىكى ئۇيۇشتۇرغان كۆپ قېتىملىق مۇسابىقىلەردە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئىشتىن سىرتقى سەنئەت ھەۋەسكارلىرى 1 ئالتۇن مېدال، 4 كۈمۈش مېدال، 6 مىس مېدالغا ئېرىشتى. مەكىت ناھىيىسىدىكى دېھقانلار سىزغان رەسىملەر 1997-يىلى ئۈرۈمچى، بېيجىڭلاردا كۆرگەزمە قىلىنىپ، زور تەسىر قوزغىدى. شىنجاڭ پولات-تۆمۈر گۇرۇھى باش شىركىتى ئىشچى-خىزمەتچىلەر خور ئۆمىكى، شىنجاڭ «ئاقتېرەك كۆچىتى» ئۆسمۈرلەر سەنئەت ئۆمىكى مەملىكەت ئىچى ۋە خەلقئارالىق سەنئەت مۇسابىقىلىرىگە قاتنىشىپ ياخشى نەتىجىگە ئېرىشتى. قۇمۇل شەھەرئىچى يېزىسى، مەكىت ناھىيىسىنىڭ قۇمقىسار يېزىسى ۋە يانتاق يېزىسى مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن «جۇڭگودىكى خەلق سەنئىتى يېزىسى» دېگەن نامغا ئېرىشتى.

1999-يىل سىنتەبىر

سادىق ئۆمەر فوتوسى(M2)



## ئاۋمېنغا بېغىشلانغان تەبرىك بەت

# ئاۋمېنلىقلار شىنجاڭ ئارتىسلىرىنى كۈتمەكتە

شىنخۇا ئاگېنتلىقى ئاۋمېن شۆبىسىنىڭ تەكلىپ قىلىشى بىلەن شىنجاڭ ناخشا-ئۇسسۇل ئۆمىكى ئارتىسلىرى ئاۋمېننى ئۆتكۈزۈپ بېرىش-ئۆتكۈزۈۋېلىش مۇراسىمىنىڭ ئالدى-كەينىدىكى پائالىيەتلەردە ئاۋمېن خەلقىگە ئويۇن قويىدۇ. بۇ ئۇچۇرنى شىنخۇا ئاگېنتلىقى ئاۋمېن شۆبىسى تەشۋىقات-مەدەنىيەت بۆلۈمىنىڭ باشلىقى جاڭ چيەن 1999-يىل 26-نويابىردا شىنجاڭ ئاخباراتچىلىرى ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكىلەر بىلەن كۆرۈشكەندە ئۇمەكتىكىلەرگە يەتكۈزدى.

جاڭ چيەن مۇنداق دېدى: بىر يىلدىن بۇيان مەملىكەت ئىچىدىكى ئون نەچچە سەنئەت ئۆمىكى ئاۋمېننى قايتۇرۇۋېلىش پائالىيىتىگە قاتنىشىشنى ئىلتىماس قىلغانىدى. بىز كۆپ ئويلانغاندىن كېيىن بىرلا ئۆمەكنى يەنى شىنجاڭ ناخشا-ئۇسسۇل ئۆمىكىنى تاللىدۇق. چۈنكى بۇ ئۆمەكنىڭ نومۇرلىرى ئېسىل، ئارتىسلىرىنىڭ ئورۇنداش ماھارىتى يۇقىرى بولۇپ، مەملىكەت ئىچى ۋە چەت ئەللەردە ئابرويى بار. بىزنىڭ شىنجاڭ ناخشا-ئۇسسۇل ئۆمىكىنى تەكلىپ قىلىشىمىز شىنخۇا ئاگېنتلىقى ئاۋمېن شۆبىسى تارىخىدىكى تۇنجى قېتىملىق ئىش. بۇ بىزنىڭ شىنجاڭنى قوللىغانلىقىمىزنىڭ ئىپادىسى، بۇنىڭدىن ئاۋمېن خەلقى خۇشال بولدى.

دەرۋەقە، مۇخبىر كوچىدا بىر نەچچە ئاۋمېن پۇقراسى بىلەن كۆرۈشكەندە، ئۇلار شىنجاڭ ناخشا-ئۇسسۇللىرىنى چوقۇم نەق مەيداندىن كۆرگۈسى بارلىقىنى ئېيتىشتى. شۇ كۈنى چۈشتە ئۆمەكتىكىلەر كوچىدىكى بىر ئاشخانىدا تاماق يەۋاتقاندا، ئاشخانىنىڭ بىر كۈتكۈچىسى مۇخبىرغا شىنجاڭ ناخشا-ئۇسسۇل ئۆمىكىدىكىلەرنى تاماق بىلەن كۈتۈۋېلىش مۇشۇ ئاشخانىغا ھاۋالە قىلىنغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۇنىڭدىن مۇسۇلمانلارنىڭ قانداق تۈردىكى تاماقلارنى، يېيدىغانلىقىنى، نېمىلەرگە دىققەت قىلىش لازىملىقىنى سورىدى. ئاشخانىدىكىلەر شىنجاڭ ئارتىسلىرىنى كۈتۈۋالىدىغانلىقىدىن ئىپتىخارلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

ھەسەن ئەلى

## تەڭرىتاغنىڭ تىلىكى

### — شىنجاڭ ناخشا-ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ ئاۋمېندا ئويۇن قويغانلىقى توغرىسىدا

1999-يىل 19-دېكابر ئاۋمېن بايرام كەيپىياتىغا چۆمگەنىدى، چوڭ-كىچىك ئىمارەتلەر يېڭى تۈسكە

كىرگەن بولۇپ، رەڭگارەڭ بايراقلار مەيىن شامالدا لەپىلدەپ تۇراتتى. شەھەر ئاھالىلىرى كەچ كىرىشى بىلەن كوچا ـ رەستىلەرگە چىقىپ تەنتەنە قىلىشتى، پۈتكۈل شەھەردە رەڭگارەڭ چىراغ-پانۇسلار يارقىن چاقنىدى.

ئاۋمېننىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتۇرۇپ كېلىنگەنلىكىنى تەبرىكلەش كومىتېتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن شىنجاڭ ناخشا-ئۇسسۇل ئۆمىكى ئاۋمېننىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتۇرۇپ كېلىنگەنلىكىنى تەبرىكلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلىدىغان ئاۋمېن شەھەر مەمۇرىيىتى مەيدانى، داسەن باپەيفاڭ، يۇخەنشىن كوچىلىرىدىكى ئاساسلىق ئۈچ مەيدانغا بېرىپ، ئاۋمېندىكى ھەر قايسى ساھەلەر، ئاممىۋى تەشكىلاتلار ئۇيۇشتۇرغان «ھەممەيلەن ئاۋمېننىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كەلگەنلىكىگە تەنتەنە قىلايلى» ناملىق تەبرىكلەش پائالىيىتىگە قاتناشتى.

كەچ سائەت ئالتىدە تەبرىكلەش 1-شۆبە ئەترىتى ئاۋمېن شەھەر مەمۇرىيىتى بىناسى ئالدىدىكى مەيدانغا كەلدى. بۇ يەردە جۇڭگو، پورتۇگالىيىنىڭ دۆلەت بايراقلىرى ۋە ئاۋمېن ئالاھىدە مەمۇرىي رايونىنىڭ رايون بايرىقى لەپىلدەپ تۇراتتى. ۋاقىتلىق ياسالغان چوڭ سەھنىنىڭ ئەتراپى تەبەسسۇم ئىلىكىگە چۆمگەن ئاۋمېن ئاھالىلىرى ۋە چەت ئەللىك ساياھەتچىلەر بىلەن تولغانىدى. بۇ قېتىمقى كەچكى كۆڭۈل ئېچىش كېچىلىكىنى ئاۋمېن جۇڭخۇا مائارىپ كومىتېتى، ئاۋمېن ئائىلىلەر بىرلەشمىسى، ئاۋمېن جۇڭخۇا ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسى باش جەمئىيىتى ئۇيۇشتۇرغان. شىنجاڭ ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكىدىكىلەر ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان ئەزىز مېھمان سۈپىتىدە «ئەڭ گۈزەل جاي يەنىلا بىزنىڭ شىنجاڭ»، «نازىركوم» قاتارلىق ناخشا-ئۇسسۇللارنى ئورۇندىدى. ئاۋمېن جۇڭخۇا مائارىپ كومىتېتىنىڭ ئەزاسى ۋۇباۋياۋ مۇنداق دېدى: «شىنجاڭ ناخشا-ئۇسسۇللىرىنىڭ رىتىمى شوخ ھەم چاققان ئىكەن، ئارتىسلارنىڭ كىيىم-كېچەكلىرى يارىشىملىق، كۆركەم بولۇپ، بۈگۈنكى بۇ سەنئەت كېچىلىكىنىڭ كەيپىياتىغا تولىمۇ باپ كېلىدىكەن. شىنجاڭغا بېرىپ، ئۇيەرنىڭ گۈزەل مەنزىرىلىرىنى قانغۇچە تاماشا قىلغۇم بار».

ئارتىسلار «ۋەتىنىمىزنى كۈيلەيمىز» دېگەن ناخشىنى ئېيتقاندا ھەممە كىشى دۆلەت بايرىقى، ئاۋمېننىڭ رايون بايرىقىنى پۇلاڭلىتىپ ئۇلارغا جور بولدى. ئويۇن ئاياغلاشقاندىن كېيىن ئارتىسلار ئاۋمېندىكى بۇ ئەڭ ئاۋات مەركىزىي رايوندىن داسەن باپەيفاڭ دېگەن جايغا كېلىپ، بۇ يەردىكى تەبرىكلەش كېچىلىكىگە قاتناشتى. بۇ يەردىكى كەچكى كۆڭۈل ئېچىشنى ئاۋمېن خرىستىئان دىنىي جەمئىيىتى ئاۋمېننىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتۇرۇپ كېلىنگەنلىكىنى تەبرىكلەش كومىتېتى ئۆتكۈزگەن. سەھنىدە سۇناي ۋە داپلارنىڭ ئاۋازى ياڭرىغاندا، مەيدان ئىچى ـ سىرتىدىكى تاماشىبىنلار گۈلدۈراس ئالقىش ياڭراتتى. ئاۋمېن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ 2-يىللىق ئوقۇغۇچىسى گەن شاۋچىن: مەن ئىلگىرى شىنجاڭغا ئالاقىدار تونۇشتۇرۇشلارنى كىتابتىنلا ئوقۇغان، بۈگۈن شىنجاڭلىقلارنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. سىلەرنىڭ ناخشا-ئۇسسۇللىرىڭلاردىن شىنجاڭنىڭ ئىنتايىن گۈزەل جاي ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىۋاتىمەن! دېدى-دە، ساۋاقداشلىرى بىلەن ئارتىسلارنى ئورىۋېلىپ، خاتىرە ئۈچۈن سۈرەتكە چۈشتى.

داڭلىق ناخشا چولپىنى شى شۈلەن خانىمۇ شىنجاڭلىق سەنئەتكارلار بىللە نومۇر كۆرسەتتى. ئۇ، ئۇسسۇلچى دىلنار ئابدۇللانىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ: بۇ يەردە سىلەرنى ئۇچرىتىشىمنى زادىلا ئويلىماپتىكەنمەن، بۇ ھەقىقەتەن ھەممىمىز ئۈچۈن خۇشاللىق كۈن، دېدى.

ئاۋمېن ھاكىمىيىتىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش-ئۆتكۈزۈۋېلىش مۇراسىمىنىڭ ۋاقتى تەتۈر ساناق باسقۇچىغا كىرگەندە، ئارتىسلار ھەر قايسى ئويۇن قويۇش مەيدانلىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان چوڭ ئېكراندىن كۆزنى ئۈزمەي ئۇزاقتىن بۇيان كۈتۈپ كەلگەن بۇ پەيتنىڭ يېتىپ كېلىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتتى. دۆلەت بايرىقى، رايون بايرىقى چىقىرىلغاندا ئارتىسلار مىڭلىغان-ئونمىڭلىغان ئاۋمېنلىق بىلەن بىرلىكتە تەنتەنە قىلىشىپ، ئاۋمېننىڭ كەلگۈسىنىڭ تېخىمۇ گۈزەل بولۇشىنى تىلىدى.

20-دېكابىر سەھەردە ئارتىسلار بايراملىق كىيىملىرىنى كىيىپ، ئاۋمېنلىقلارنىڭ جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ ئاۋمېندا تۇرۇشلۇق قوشۇنلىرىنى قارشى ئېلىش سېپىگە قاتناشتى. ئاۋمېندا تۇرۇشلۇق قىسمىمىزنىڭ كوماندىر-جەڭچىلىرى ھەيۋەتلىك، مەدەنىيەتلىك، جەسۇرانە قىياپەتتە ئاپتوموبىللار بىلەن ئۆتكەندە ، ئارتىسلار ئاۋمېننىڭ يېڭى پورتىدىكى «دوستلۇق» يولىدا ئۇسسۇل ئويناپ قارشى ئالدى. قارشى ئېلىش مۇراسىمى ئاياغلاشقاندىن كېيىن ئارتىسلار يەنە «گۈزەل ئەتىگە يۈرۈش قىلايلى» ناملىق تەبرىكلەش پائالىيىتىگە قاتناشتى. رەڭگارەڭ بېزەلگەن ئاپتوموبىللار ۋە چاسا شەكىل ھاسىل قىلغان پىيادىلەر سېپى يولدىن ئۆتكەندە ، شىنجاڭ ناخشا-ئۇسسۇل ئۆمىكىدىكىلەر ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپ، يول بويىدىكى نەچچە ئون مىڭ ئاۋمېنلىقنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى.

(M2)چېن يەن

www.uyghurkitap.com



ئابدۇراخمانغا

بېغىشلانغان

تەبرىك بەت

ئاسىيا بوكس چېمپىيونلۇق مۇسابىقىسىدىن خۇش خەۋەر

# ئابدۇراخمان ئابلىكىم سىدنېي ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە قاتنىشىش سالاھىيىتىگە ئېرىشتى

جۇڭگو دۆلەت بوكس كوماندىسىغا ۋاكالىتەن ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ پايتەختى تاشكەنتتە ئۆتكۈزۈلگەن 20-نۆۋەتلىك ئاسىيا بوكس چېمپىيونلۇق مۇسابىقىسى ۋە 2000-يىللىق سىدنېي ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ ئاسىيا رايونىدىكى تاللاش مۇسابىقىسىگە قاتناشقان شىنجاڭلىق بوكس ماھىرى، 21ياشلىق ئابدۇراخمان ئابلىكىم رەقىبلىرىنى يېڭىپ چېمپىيونلۇققا ئېرىشتى ۋە 2000-يىلى ئاۋستىرالىيىنىڭ سىدنېي شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلىدىغان ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ بوكس مۇسابىقىسىگە قاتنىشىش سالاھىيىتىگە ئېرىشتى.

بۇ قېتىمقى مۇسابىقە 1999-يىلى 28-ئۆكتەبىردىن ئېتىبارەن ئۆتكۈزۈلۈشكە باشلىغان بولۇپ، جۇڭگودىن 12بوكس ماھىرى مۇسابىقىگە قاتناشتى، بۇنىڭ ئىچىدە شىنجاڭلىق ئابدۇراخمان ئابلىكىم بىلەن ئابدۇشۈكۈر مىجىتمۇ بار. مۇسابىقە ناھايىتى جىددىي ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ، 75كىلوگراملىقلار بويىچە مۇسابىقىگە قاتناشقان ئابدۇراخمان ئابلىكىم ھىندىستان ماھىرىنى 3كە قارشى 5نومۇر بىلەن، كورېيە ماھىرىنى 6گە قارشى 10نومۇر بىلەن، قىرغىزىستان ماھىرىنى (رۇس) 7گە

ئابدۇراخمانغا شان-شەرەپ

قارشى 12 نومۇر بىلەن يېڭىش ئارقىلىق 1-لىكنى قولغا كەلتۈرۈپ، مۇسابىقىگە قاتناشقان جۇڭگولۇق ماھىرلار ئىچىدە ئولىمپىك مۇسابىقىسىنىڭ بوكس مۇسابىقىسىغا قاتنىشىش سالاھىيىتىگە ئېرىشكەن بىردىنبىر ماھىر ۋە تارىختا ئۇيغۇرلاردىن ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىغا قاتنىشىدىغان تۇنجى تەنھەرىكەتچى بولدى. يەنە بىر جۇڭگو ماھىرى 3-لىككە ئېرىشتى.

ئىلھام ئىمىن

## بوكس ماھىرى ئابدۇراخمان ئابلىكىم قايتىپ كەلدى

1999-يىلى 28-ئۆكتەبردىن 30-ئۆكتەبرگىچە ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ پايتەختى تاشكەنتتە ئۆتكۈزۈلگەن ئاسىيا بوكس لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسىدە چېمپىيونلۇققا ئېرىشىپ، 2000-يىللىق سىدنېي ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىغا قاتنىشىش سالاھىيىتىنى تۇنجى بولۇپ قولغا كەلتۈرگەن شىنجاڭ بوكس كوماندىسىنىڭ ماھىرى ئابدۇراخمان ئابلىكىم 1999-يىلى 8-نويابىر سەھەردە ئالمۇتىدىن ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلدى.

كۈتۈۋېلىشقا چىققان كىشىلەر بوكس كوماندىسىنىڭ ترېنېرى ئابلىكىم ئابدۇرېشىت ۋە بوكس چولپىنى ئابدۇراخماننى گۈل-چېچەككە پۈركىۋەتتى. ترېنېر ئابلىكىم ئابدۇرېشىت مۇخبىرغا مۇنداق دېدى: بوكس ماھىرىمىز ئابدۇراخمان تاشكەنتتە ئۆتكۈزۈلگەن بۇ مۇسابىقىدە 75كىلوگىراملىقلار بويىچە ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىگە قاتنىشىپ ھىندىستان ماھىرىنى 3كە قارشى 5نومۇر، كورېيە ماھىرىنى 6گە قارشى 10نومۇر، قىرغىزىستان ماھىرىنى 7گە قارشى 12 نومۇر بىلەن يېڭىپ چېمپىيونلۇققا ئېرىشتى.

ئابدۇراخمان ئابلىكىم مۇنداق دېدى: مەن جۇڭگو بويىچە ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە قاتنىشىدىغان تۇنجى بوكس ماھىرى بولغانلىقىمدىن ئىنتايىن خۇش بولدۇم. مەن ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە ياخشى نەتىجىگە ئېرىشىپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ جاسارىتىنى خەلقئارالىق بوكس سەھنىسىدە نامايان قىلىمەن.

ئەنۋەر ئەزىزى

## قەييۇم باھاۋۇدۇن بوكس ماھىرى ئابدۇراخمان ئابلىكىم بىلەن كۆرۈشتى

«ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» خەۋىرى: 1999-يىلى 12-نويابىردا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى قەييۇم باھاۋۇدۇن «كوئىنلون» مېھمانخانىسىدا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بوكس ماھىرى ئابدۇراخمان ئابلىكىم، شۇنىڭدەك ئاپتونوم رايونىمىز بوكس كوماندىسىنىڭ ترېنېرى ئابلىكىم ئابدۇرېشىت ۋە كوماندا ئەزالىرى بىلەن كۆرۈشتى.

ئابدۇراخمان ئابلىكىم ئۆزبېكىستاننىڭ پايتەختى تاشكەنتتە ئۆتكۈزۈلگەن 20-نۆۋەتلىك ئاسىيا بوكس لەۋھە تالىشىش ۋە ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىغا ماھىر تاللاش مۇسابىقىسىدا بارلىق رەقىبلىرىنى يېڭىپ، 75 كىلوگىراملىقلار بويىچە چېمپىيونلۇققا ئېرىشىپ، مەملىكىتىمىزدىن تۇنجى بولۇپ ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە قاتنىشىش سالاھىيىتىگە ئېرىشىپ، يېقىندا شەرەپ بىلەن قايتىپ كەلگەنىدى. قەييۇم باھاۋۇدۇن ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكەندە مۇنداق دېدى: بوكس شىنجاڭدا كېيىن تەرەققىي قىلغان تەنھەرىكەت تۈرلىرىنىڭ بىرى، بىرنەچچە يىلدىن بۇيان ئۈزلۈكسىز تىرىشىش ئارقىلىق مۇشۇنداق ياخشى نەتىجە قولغا كەلتۈرۈلدى. مەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋاكالىتەن سىزلەرگە مىننەتدارلىق بىلدۈرىمەن ۋە تەبرىكلەيمەن.

## ئاسىيا بوكس چېمپىيونى ئابدۇراخمان ئابلىكىمگە تون كىيگۈزۈلدى

1999-يىل 15-دېكابىر كەچتە ئۈرۈمچىدىكى «ئاشىن ئالماس» رېستورانى قاينام تاشقىنلىققا چۆمدى. ئۆزبېكىستان پايتەختى تاشكەنتتە ئۆتكۈزۈلگەن 20-نۆۋەتلىك ئاسىيا بوكس چېمپىيونلۇق مۇسابىقىسىدە چېمپىيونلۇققا ئېرىشىپ، 2000-يىلىدىكى سىدنېي ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە قاتنىشىش سالاھىيىتىگە ئېرىشكەن ئابدۇراخمان ئابلىكىمگە تون كىيگۈزۈش مۇراسىمى مۇشۇ يەردە ئۆتكۈزۈلدى.

تون كىيگۈزۈش مۇراسىمىنى «ئاشىن ئالماس» رېستورانىنىڭ باش دىرېكتورى قۇربانجان بىلەن ئۈرۈمچىدە تىجارەت قىلىۋاتقان بىر قىسىم ئالتايلىق تىجارەتچىلەر بىرلىكتە ئۇيۇشتۇرغان. مۇراسىمغا ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن مىجىت ناسىر، قادىس جانابىل، خوجىخان ھاكىموف، يۈسۈپ ئەيسا، ئابدۇراخماننىڭ ئاتا-ئانىسى، ئۇرۇق-تۇغقان، دوست-بۇرادەرلىرى بولۇپ 200دىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى. ئابدۇراخمان ئابلىكىم شەلپەر تاقاپ ترېنېرى ئابلىكىم ئابدۇرېشىت بىلەن بىللە سەھنىگە چىققاندا گۈلدۈراس ئالقىش سادالىرى مەيداننى بىر

www.uyghurkitap.com

ئالدى. سوۋغات قىلىنغان دەستە-دەستە گۈللەر ئۇلارنىڭ قۇچىقىغا پاتماي قالدى. ئارقىدىن رەھبەرلەر سەھنىگە چىقىپ ئابدۇزراخمان ئابلىكىم ۋە ئۇنىڭ تىرېنېرلىرى ئابلىكىم، دامىر، ئەخەتلەرگە تون كىيگۈزدى. يولداش مىجىت ناسىر بىلەن خوجىخان ھاكىموف قىزغىن سۆز قىلدى.

ئىلھام ئىمىن

# سىدنېيغا تىكىلگەن كۆز

ئىمىنجان ئۆمەر مۇھەممىدى

ئۆزبېكىستاندىكى بوكس مەيدانىدىن 9مىليون 600مىڭ كۋادرات كىلومېتىر جۇڭگو زېمىنىغا بىر خۇش خەۋەر تارالدى: «جۇڭگو دۆلەت كوماندىسىغا ۋاكالىتەن ئۆزبېكىستاننىڭ پايتەختى تاشكەنتتە ئۆتكۈزۈلگەن 20-نۆۋەتلىك ئاسىيا بوكس چېمپىيونلۇق مۇسابىقىسى ۋە 2000-يىللىق سىدنېي ئولىمپىك مۇسابىقىسىنىڭ ئاسىيا رايونىدىكى تاللاش مۇسابىقىسىگە قاتناشقان شىنجاڭلىق بوكس ماھىرى ئابدۇراخمان ئابلىكىم رەقىبلىرىنى يېڭىپ چېمپىيونلۇققا ئېرىشتى ھەم 2000-يىلى ئاۋستىرالىيىنىڭ سىدنېي شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلىدىغان ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ بوكس مۇسابىقىسىگە قاتنىشىش سالاھىيىتىگە ئېرىشتى».

ئۇنداقتا ئابدۇراخمان ئابلىكىم كىم؟

گۈزەل ئالتاي شەھىرىدە تۇغۇلغان ئابدۇراخمان تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 1-يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان چېغىدىلا شىنجاڭ بوكس كوماندىسىغا قوبۇل قىلىنغان، شۇ چاغدا ئۇ ئەمدىلا 16ياشلىق ئۆسمۈر ئىدى. ئۇنىڭ ئۆز يېشىدىن ھالقىغان بوي ئېگىزلىكى، قاۋۇل بەستىگە قاراپلا تىرېنېر ئابلىكىم ئابدۇرېشىتتا كەلگۈسىگە بولغان ئۈمىد ئۇچقۇنلىرى پەيدا بولغانىدى، كۆڭلىدە بولسا ئابدۇراخماننى قانداق ئۇسۇل بىلەن تەربىيىلەشنىڭ پىلانىنى تۈزۈشكە كىرىشكەنىدى.

ئابدۇراخمان جىمغۇر بولۇپ ناھايىتى ئاز سۆزلەيتتى (ئۇنىڭ بۇ مىجەزى ئۇنى زىيارەت قىلغان ۋاقتىمدىمۇ ئېنىق ئىپادىلەندى). ئابدۇراخماننىڭ بۇ خىل پىسخىكىسىغا قارىتا تىرېنېر ئابلىكىم ئابدۇرېشىت كۆپ سۆزلەش بىلەن ھەرىكەت ئۇسۇللىرىنى كۆرسىتىپ تەربىيىلەش ئۇسۇلىنى قوللاندى. تىرېنېر قانچە كۆپ سۆزلىسىمۇ ئابدۇراخمان «ماقۇل، ھەئە» دىن باشقا جاۋاب بەرمەيتتى. ئۇنىڭ ئۆزلىكىدىن سوئال سورايدىغان چاغلىرى يوق دېيەرلىك ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ تىرېنېر ئابلىكىم ئۇنىڭ بۇخىل مىجەزىدىن زېرىكمىدى، ئەكسىچە ياقتۇرۇپ قالدى. چۈنكى ئابدۇراخمان سوراشنىڭ ئورنىغا مەشىق قىلاتتى. شۇنداق قىلىپ ئابدۇراخماننىڭ ھەر بىر ئاتقان مۇشتى تىرېنېر ئابلىكىمنىڭ ئۈمىد ئۇچقۇنلىرىنى ۋۇلقانغا ئايلاندۇرماقتا ئىدى.

تىرېنېر ئابلىكىمنىڭ ئۈمىد - ئىشەنچىسى ئاخىرى رېئاللىققا ئايلاندى. 1996-يىلى مەملىكەتلىك ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەر بوكس مۇسابىقىسىدە ئابدۇراخمان 3-لىككە ئېرىشتى. 1997-يىلى ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك 8- نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت يىغىنىدا ئابدۇراخمان ئۆز رەقىبلىرىنى يېڭىپ ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىگە قاتنىشىش سالاھىيىتىگە ئېرىشكەندە، ئۇنىڭ تىرېنېرى ئابدۇراخماننىڭ كەلگۈسىگە تولۇق ئىشەنچ بىلەن قارىدى. 1998-يىلى ئاپرېلدا ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك ماھىرلار مۇسابىقىسىدە ئابدۇراخمان يەنە 1-لىككە ئېرىشتى. شۇ يىلى ئىيۇندا شاڭخەيدە ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسىدە ئۇ 2-لىككە ئېرىشتى.

قىسقىسى ئابدۇراخمان 1996-يىلى رەسمىي مۇسابىقىگە قاتنىشىشقا باشلىغاندىن تارتىپ 1998-يىلىغىچە بولغان ئۈچ يىل ئىچىدە ئۆتكۈزۈلگەن بىر قانچە قېتىملىق چوڭ مۇسابىقىلەردە 3-لىكتىن 1-بولۇشقا ئىلگىرىلەپ، مەملىكىتىمىزنىڭ بوكسچىلىق ئىشلىرىنىڭ كەلگۈسىدىكى ئۈمىدلىك بوكسچىسىغا ئايلاندى. 1999-يىلى ئابدۇراخمان ئۇچۇن ماھارىتىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈش، تەجرىبە توپلاش يىلى، شۇنداقلا مۆجىزە يارىتىش يىلى بولدى. 1999-يىلى ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك ماھىرلار مۇسابىقىسى ۋە مەملىكەتلىك لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسىدە ئابدۇراخمان گەرچە 3-لىككە ئېرىشكەن بولسىمۇ، بۇ ئۇنىڭ ئۇچۇن ماھارەت ئۆگىنىش، تەجرىبە توپلاش بولۇپ قالدى. بىراق، ئابدۇراخمان دەل شۇيىلى ئۆزىنىڭ بەش يىللىق بوكسچىلىق ھاياتىدىكى مۆجىزە خاراكتېرلىك نەتىجىنى ياراتتى. ئاسىيا قىتئەسى ئۆزىمۇ تويمىغان ھالدا بۇ رېئاللىققا تەن بەردى. بۇ رېئاللىقنى نەق مەيداندا سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۆزبېك مىللىتىدىن بولغان بوكس چېمپىيونى ئۇنىڭغا مېدال، لەۋھە ۋە بىر دەستە خۇشپۇراق گۈل تەقدىم قىلىپ دۇنياغا جاكارلىدى.

1999-يىلى 28-ئۆكتەبىردىن 30-ئۆكتەبىرگىچە تاشكەنت شەھىرىدە 20-نۆۋەتلىك ئاسىيا بوكس چېمپىيونلۇقىنى تالىشىش مۇسابىقىسى ھەم 2000-يىللىق سىدنېي ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنىنىڭ ئاسىيا رايونى تاللاش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى. بۇ مۇسابىقىگە ئاسىيا رايونىدىن 23دۆلەت قاتناشقان بولۇپ، جۇڭگو بوكس كوماندىسىدىن 12ماھىر بۇ قېتىمقى تاللاش مۇسابىقىسىگە كەلگەنىدى. بۇ 12ماھىر ئىچىدە شىنجاڭلىق ئابدۇراخمان ئابلىكىم بىلەن ئابدۇشۈكۈر مىجىتمۇ بار ئىدى. ئابدۇراخمان 75كىلوگىراملىقلار دەرىجىسىدە ھىندىستان، كورىيە، قىرغىزىستان ماھىرلىرى بىلەن ئېلىشىپ 5 : 3، 10 : 6، 12 : 7نومۇر ئېلىشتەك يۇقىرى پەرق بىلەن ئۆز رەقىبلىرىنى يېڭىپ، 1-لىكنى قولغا كەلتۈرۈپ، 2000-يىللىق سىدنېي

ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنىغا قاتنىشىش سالاھىيىتىگە ئېرىشتى. بۇ، ئابدۇراخماننىڭ بەش يىللىق بوكسچىلىق ھاياتىدا تۇنجى قېتىم خەلقئارالىق مۇسابىقىگە قاتنىشىشى. ئۇ مانا مۇشۇنداق خەلقئارا رىقابەت سەھنىسىگە تاشلىغان تۇنجى قەدىمىدىلا زور مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىپ ۋەتىنىگە، خەلقىگە شەرەپ كەلتۈردى ۋە 20-نۆۋەتلىك ئاسىيا بوكس مۇسابىقىسىدىن قايتىپ كېلىپلا 26-نويابىر گۈيياڭ شەھىرىدە ئاياغلاشقان مەملىكەتلىك بوكس مۇسابىقىسىدە يەنە چېمپىيون بولدى.

مۇشۇ دەقىقىلەردە ئۇ ئەمدىلا ئۆز ھاياتىدىكى 21-باھارنى كۈتۈۋالغانىدى. بىراق ئۇ ئۆز ھاياتىدىكى ئاشۇ 21-باھاردا ئۆچمەس ئابىدە تىكلىدى.

ئالتاي تاغلىرىغا جايلاشقان ئېسىل تاش چىقىدىغان بىر كاندا ئىشلەيدىغان ئابلىكىم ئاكا ئۆز ۋۇجۇدىدىن قازغان 2دانە گۆھەرنىڭ بىرىنى يەنى ئوغلى ئابدۇراخماننى شىنجاڭ بوكس كوماندىسىنىڭ ترېنېرى ئابلىكىمگە تاپشۇرغاندا: «ئوغلۇمنى سىزگە تاپشۇردۇم، ئۇنىڭ كەلگۈسىگە سىز ئىگە» دېگەنىدى. شۇنداق، ھەر بىر ئاتا-ئانا ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ كەلگۈسىدىن غەم يېمەي قالمايدۇ. بۇ نۇقتىنى چۈشەنگەن ترېنېر ئابلىكىم ئالدى بىلەن ئابدۇراخماننى شىنجاڭ تەنھەرىكەت مەكتىپىگە ئوقۇشقا كىرگۈزدى. بۇنىڭ بىلەن ئابدۇراخمان بەلگىلىك ئوقۇش تارىخىغا ئىگە بولۇپ، كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۆز كەسپىگە لايىق خىزمەت قىلىش كاپالىتىگە ئىگە بولدى. ئاندىن ترېنېر ئابلىكىم ئۇنى مەكتەپتىن كوماندىغا ئەكىلىپ جاپالىق مەشىق قىلدۇردى.

— سىز قانداق قىلىپ بۇ خەتەرلىك كەسىپكە قىزىقىپ قالدىڭىز؟ — دېگەن سوئالىمغا ئابدۇراخمان مۇنداق دەپ جاۋاب بەردى: «مەن كىنو-تېلېۋىزورلاردىن دائىم بوكسقا ئائىت مۇسابىقىلەرنى قىزىقىپ كۆرەتتىم. بۇ مەندە بوكسقا بولغان قىزىقىشنى قوزغاتتى. بىراق مەن ئوقۇغان مەكتەپتە مەشىق قىلىش ئەسلىھەلىرى يوق ئىدى. مەن شۇ بىر جۈپ پەلەيگە تايىنىپ تامغا، دەرەخلەرگە ئۇرۇپ مەشىق قىلدىم. يەنە ئالتاي ۋىلايىتى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن بىر قېتىملىق بوكس مۇسابىقىسىدە 1-لىككە ئېرىشتىم. بۇ نەتىجە مېنىڭ بوكسقا بولغان قىزىقىشىمنى تېخىمۇ كۈچەيتتى».

2000-يىلى يېتىپ كېلىدىغانغا يەنە بىر ئايلا ۋاقىت قالدى. 2000-يىللىق سىدنېي ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنىنىڭ ئېچىلىشىغىمۇ يەنە بىر قانچە ئايلا بار. سىدنېي مۇسابىقە مەيدانىدا ئابدۇراخمان قانداق نەتىجىگە ئېرىشىدۇ؟ جۇڭگو خەلقى سىدنېي رىقابەت مەيدانىغا — تەڭرىتاغنىڭ بۇ باتۇر ئوغلانىغا كۆز تىكمەكتە!

1999-يىل نويابىر

## ئاسىيادىن ھالقىغان «مۇشت»

ئەنۋەر ئەزىزى

1999-يىل 30-ئۆكتەبىر كەچ ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ پايتەختى تاشكەنتتىن يېتىپ كەلگەن خۇش خەۋەر بىر- ئىككى كۈن ئىچىدىلا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرىغىچە تارالدى:

— ئابدۇراخمان ئاسىيا بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن بوكس چېمپىيونلۇق مۇسابىقىسىدە چېمپىيون بوپتۇ. ..

— ئابدۇراخمان سىدنېي ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنىغا قاتنىشىش ھوقۇقىغا ئېرىشىپتۇ...

دېگەندەك پاراڭلار كىشىلەرنىڭ سۆھبىتىدە كەم بولسا بولمايدىغان تېمىغا ئايلاندى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغانلىكى كىشىلەر بۇ ئۇيغۇر يىگىتىنىڭ جاسارىتىگە بارىكاللا ئوقۇپ، ئۇنىڭدىن سۆيۈندى. ئۆزلىرىمۇ روھلىنىپ قالغاندەك ھېس قىلىشتى...

شىنجاڭ بوكس كوماندىسىنىڭ ترېنېرى ئابلىكىم ئابدۇرېشىت 30-ئۆكتەبىر ئاياغلاشقان 20-نۆۋەتلىك ئاسىيا بوكس چېمپىيونلۇق مۇسابىقىسى ھەمدە ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنىغا تاللىنىش مۇسابىقىسىنىڭ ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىسىنى ئەسلەپ مۇنداق دېدى:

— ئابدۇراخمان 3كە قارشى 5نومۇر بىلەن ھىندىستان ماھىرىنى، 6گە قارشى 10نومۇر بىلەن كورېيە ماھىرىنى يېڭىپ، ئالدىنقى ئىككى ماھىر قاتارىدىن ئورۇن ئالغان بولغاچقا، 2000-يىل سىدنېي ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنىغا قاتنىشىش سالاھىيىتىگە ئېرىشىپ بولغانىدى. شۇڭا ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىدە بەك كۈچەپ كېتىشىنىڭمۇ زۆرۈرىيىتى يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئابدۇراخماننىڭ ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىدىكى رەقىبى ئاسىيا تەنھەرىكەت يىغىنىدا 75كىلوگىراملىقلار ئايرىمىسى بويىچە چېمپىيونلۇققا ئېرىشكەن ئۆزبېكىستان ماھىرىنى يېڭىۋالغان قىرغىزىستانلىق رۇس ماھىر ئىدى. ئۇنىڭ ئەمەلىي كۈچىگىمۇ سەل قاراشقا بولمايتتى. شۇڭا دەسلەپتە ئابدۇراخماننىڭ مۇداپىئەنى ئاساس قىلىشىنى تەكىتلىدۇق. بىراق ئالدىنقى ئىككى قېتىملىق ئېلىشىشتا قارشى تەرەپنىڭ ھۇجۇمى بىز ئويلىغاندەك كۈچلۈك بولمىدى. بۇنىڭ بىلەن ئابدۇراخماندا ئۆزىگە بولغان ئىشەنچ تېخىمۇ ئاشتى-دە، 3-، 4- قېتىملىق ئېلىشىشتا ئۈستۈنلۈكنى قولغا كەلتۈرۈپ، رەقىبىنى گاڭگىرىتىپ قويدى، نەتىجىدە ئابدۇراخمان شىددەتلىك ھۇجۇم قىلىش ئارقىلىق 7گە قارشى 12بولۇشتەك نومۇر پەرقى بىلەن رەقىبى ئۈستىدىن غالىب كەلدى.

بىر كېچىدىلا پۈتكۈل جۇڭگوغا ۋە ئاسىيا ئەللىرىگە تونۇلغان بۇ ئوغلان 1978-يىلى مارتتا ئالتاي شەھىرى ئەتراپىدىكى قورۇمتى كان رايونىدا تۇغۇلغان. ئۇنىڭ دادىسى ئابلىكىم بۇ ئارزۇلۇق پەرزەنتىنىڭ ئۆزىگە ئوخشاش جاپاكەش بولۇپ

www.uyghurkitap.com

قالماسلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئوغلى مەكتەپ يېشىغا توشقان هامان ئائىلىسى بويىچە ئالتاي شەھىرىگە كۆچۈپ كەلگەن. ئابدۇراخمان باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققاندا، بىردىنلا بوكسقا قىزىقىپ قالغان. ئۇ، بۇ قىزىقىشى ھېچكىممۇ توسۇۋالالمايدىغان دەرىجىگە يەتكەندە، ئۆزلىكىدىن بوكس كۇرسىغا قاتنىشىپ، ئۈچ ئاي مەشىق قىلىپلا تېخنىكا جەھەتتە پىشىپ يېتىلگەن ھەمدە 1994-يىلى ئالتاي ۋىلايىتى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن بوكس مۇسابىقىسىگە تۇنجى قېتىم قاتنىشىپ چېمپىيون بولغان.

بۇ نەتىجە ئالتاي ۋىلايىتىدىكى بوكس ترېنېرلىرىنى ھەيران قالدۇرغان. ئۇلار ئابدۇراخماندىكى بەدەن، كۈچ ۋە تېخنىكا جەھەتتىكى ئارتۇقچىلىقنى تونۇپ يېتىپ، دەرھال شىنجاڭ بوكس كوماندىسىنىڭ ترېنېرى ئابلىكىم ئابدۇرېشىتقا تونۇشتۇرغان. ئابلىكىم ئابدۇرېشىتمۇ بۇ ئىشقا جىددىي پوزىتسىيە تۇتقان، ئابدۇراخمان شىنجاڭ بوكس كوماندىسىنىڭ رەسمىي ئەزالىقىغا قوبۇل قىلىنغان.

ئىشلىرىنىڭ شۇنچىلىك ئوڭغا تارتىۋاتقىنىغا ئۆزىنىڭمۇ ئىشەنگۈسى كەلمىگەن ئابدۇراخمان ئىرادە بىلەن تىرىشچانلىق بىرلەشسىلا گۈزەل غايىنىڭ ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى. نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان بوكسيورلۇق ئۇنىڭ قىزىقىشى بولغان بولسا، ئەمدىلىكتە ئۇنىڭ كەسپىگە ئايلاندى. ئۇ، بۇ پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويۇشنى خالىمىدى. چۈنكى ئۇ بىر ئىشنى قىلغانىكەن، باشقا ئېلىپ چىقمىغىچە بوشاشمايدىغان جىگەرلىك يىگىت ئىدى.

ئۇ، بۇ كوماندىغا كەلگەندىن كېيىن ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ مەشىقنى كۈچەيتتى. نەتىجىدە شۇ يىلى دېكابىردا ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلگەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە 8-نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت يىغىنىنىڭ بوكس تۈرىدە چېمپىيونلۇققا ئېرىشتى. شۇ يىلى قازاقىستاندا ئۆتكۈزۈلگەن ئاسىيا ياشلار بوكس مۇسابىقىسىدا ۋە 1996-يىلى ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك ياشلار بوكس مۇسابىقىسىدە ئوخشاشلا 3-لىككە ئېرىشتى. 1998-يىلى ئاپرېلدا شىنياڭ شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك بوكس مۇسابىقىسىنىڭ 75 كىلوگراملىقلار ئايرىمىسى بويىچە چېمپىيونلۇققا ئېرىشتى. شۇ يىلى ئىيۇلدا ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك تەنھەرىكەت يىغىنىنىڭ بوكس مۇسابىقىسىدە كۈمۈش مېدالغا ئېرىشتى. 1999-يىلى 26-نويابىر گۇيياڭ شەھىرىدە ئاياغلاشقان مەملىكەتلىك چېمپىيونلۇقنى تالىشىش مۇسابىقىسىدە چېمپىيون بولدى.

ئابدۇراخمان ئادەتتە گىتار چېلىشقا، مۇزىكا ئاڭلاشقا ئامراق بولۇپ، كەمسۆز، تارتىنچاق يىگىت.

ئۇ مۇنداق دەيدۇ:

– مېنىڭ بۇ نەتىجەم ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى، ئۇستازلىرىمنىڭ ئەجىر قىلىشى ئارقىسىدا بارلىققا كەلگەن. شۇڭا مەن ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنىدا ياخشى نەتىجە يارىتىپ، ئۇستازلىرىمنىڭ، خەلقىمنىڭ مەندىن كۈتكەن ئۈمىدىنى ئاقلايمەن.

شۇنداق، بوكس شاھى ئابدۇشۈكۈر مىجىت، ئەكرەم، ئابدۇراخمان ئابلىكىم قاتارلىق ئەزىمەتلەرنىڭ مەملىكىتىمىز ئىچى ۋە چەت ئەللەردە شۆھرەت قازىنىشىنى رەھبەرلىكنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى، ئابلىكىم ئابدۇرېشىت قاتارلىق ترېنېرلارنىڭ ئەجىر قىلىشىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

نۆۋەتتە، شىنجاڭ بوكسچىلىقى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ماھارەت تەنتەربىيىسى تۈرلىرى ئىچىدە «مۇشت» رولىنى ئۆتەپ كەلمەكتە. شىنجاڭ بوكسچىلىقى مەملىكىتىمىز ئىچىدە ئۇستۇنلۇككە ئېرىشتى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن مەملىكەتلىك بوكسچىلار بىرلەشمىسى ئالاھىدە ئېتىبار قىلىپ، 2000-يىلى ئۆكتەبىردىكى مەملىكەتلىك چېمپىيونلار مۇسابىقىسىنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈشكە قوشۇلدى. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، شىنجاڭ بوكس ئىشلىرىنى باشقۇرۇش مەركىزىنىڭ ۋە بوكس ئەزىمەتلىرىنىڭ كەلگۈسى زور ۋە پارلاق.

1999-يىل 5-دېكابىر

## دۆملەنگەن روھ ۋە پۇرسەت

ئابلەت ئابدۇرېشىت بەرقىي

– 21 يېشىدا 21-ئەسىرگە كىرگەن ئاسىيا بوكس چېمپىيونى، خەلقىمىزنىڭ پەخىرلىك ئوغلانى ئابدۇراخمان ئابلىكىم ھەققىدە ئويلىغانلىرىم

1

يېڭى ئەسىر ۋە يېڭى ئېرا بىر مىللەت ھاياتى ئۈچۈن قانچىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە دېگەن سوئالغا ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ بېرىدىغان جاۋابى ئوخشاش بولماسلىقى مۇمكىن. ھايات بىلەن ۋاقىتنىڭ دىئالېكتىك مۇناسىۋىتىنى چىن مەنىسىدىن چۈشىنىپ يەتكەن ، دەۋر تەرەققىياتىنىڭ يۈنىلىشىدىكى ماھىيەتنى پەلسەپىۋى كۆز بىلەن كۆزىتىپ باققان مىللەتلەرنىڭ جاۋابى چوقۇم ئەڭ توغرا، ھاكىم ئورۇندىكى جاۋاب بولىدۇ. چۈنكى ئۇلار كېلىۋاتقان يېڭى خىرىس ۋە پۇرسەتنىڭ ماھىيەتلىك مەنىسىنى ئالدىنقاچان چۈشىنىپ بولغان، ھەرقاچان تەييارلىق ھالىتىدە تۇرغان سوغۇققان مىللەتلەردۇر.

يېڭى ئەسىر بىلەن يېڭى ئېرانىڭ خاسىيەتلىك.

قەدەملىرىنىڭ بارغانسېرى يېقىنلاپ كېلىشى 20-ئەسىرنىڭ ئاخىرقى ئون نەچچە يىلىدا پۈتكۈل دۇنيادا مۇھاكىمە دولقۇنى قوزغىغانىدى. دۇنيادىكى كۆپلىگەن ئەللەرنىڭ ئالىملىرى چىقىش ئالدىدا تۇرغان 20-ئەسىرنى خۇلاسىلەش بىلەن بىرگە كېلىۋاتقان يېڭى ئەسىر ۋە يېڭى ئېرانىڭ خۇسۇسىيىتى ھەققىدە نۇرغۇن ئىلمىي پەرەزلەرنى ئىلمىي فانتازىيىلىك ئەدەبىي ئەسەرلەرگە ئوخشاش تەسۋىرلەپ چىقىشتى. ئىنسانلارنى يېڭى ئەسىرنىڭ كەلتۈرمىشلىرىدىن ئاگاھلاندۇرۇپ، پۇرسەتلەردىن خەۋەرلەندۈردى. ئىنسانىيەتنىڭ 20-ئەسىردە قولغا كەلتۈرگەن ئىلىم-پەن مۇۋەپپەقىيەتلىرى كەلگۈسى ھەققىدىكى بۇ پەرەزلەرنى ئىلمىي ھۆكۈم دەرىجىسىگە كۆتۈرگەنىدى.

بۇ ئون نەچچە يىلمۇ ئۆتۈپ كەتتى. ياۋروپا - ئاسىيا قۇرۇقلۇقىنىڭ ئوتتۇرىسىنى ھاياتلىق سەھنىسى قىلىپ تاللىۋالغان بىر مىللەتنىڭ ئوغلى بولۇش سۈپىتىم بىلەن ئون نەچچە يىل جەريانىدا ئىمكانىيىتىم يەتكەن دائىرىدە ئۇچۇرلارنى يىغىپ، يېڭى ئەسىر ۋە يېڭى ئېرا ھەققىدىكى نۇرغۇن بىلىملەردىن ئوزۇقلاندىم. تەرەققىيات ئەڭ ئۈستۈن ئەللەردىكى يېڭى ئەسىر مۇھاكىمىسى ئەڭ كۈچلۈك، ئۇلار ھېس قىلغان كىرىزىس تۇيغۇسىمۇ شۇنچە ئېغىر ئىدى. تەرەققىياتى ئارقىدا قالغان مىللەتلەردە ئەھۋال ئەكسىچە ئىدى. 1978-يىلىدىن كېيىنكى ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش سىياسىتىنىڭ شاراپىتىدە دۇنيا يېڭىلىقلىرىدىن خەۋەردار بولۇش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن، تارىخ جەھەتتە ئىنتايىن قېرى، ھازىرقى زامان تەرەققىياتى جەھەتتە تولىمۇ گۆدەك بولغان ئۇيغۇر مىللىتىدىچۇ؟

گەرچە بىز (ئۇيغۇرلار) تارىختا «كۈننىڭ ئىشى سەھەردىن، يىلنىڭ ئىشى باھاردىن» دېگەن ھېكمەت بىلەن ۋاقىت تەرتىپىنىڭ كىشىلىك ھاياتتىكى مەنىسىنى بەكمۇ مېغىزلىق شەرھىيلەپ چىققان، ئەنئەنىۋى يېڭى يىل بايرىمى بولغان نەۋرۇزنى ئالاھىدە بايرام تۈسىگە ئىگە قىلىپ، ئاجايىپ تەنتەنە بىلەن ئۆتكۈزۈپ ئادەتلەنگەن مىللەت بولساقمۇ، ئىنسانىيەت تارىخىدىكى مەنە قاتلىمى ئاجايىپ مۇرەككەپ بولغان، بىزنىڭ تارىخىي مەۋجۇدلۇقىمىزنىڭ ئاچقۇچىنى ئۆز ھالقىلىرىغا يوشۇرۇپ تۇرغان يېڭى ئەسىر ۋە يېڭى ئېرا ھەققىدىكى مۇھاكىمىمىز تولىمۇ يۈزە ۋە كۈچسىز ئىدى. بۇ ئون نەچچە يىل جەريانىدا مىللىتىمىزنىڭ يۈرەك ساداسىنى ئاڭلاشقا ئالاھىدە كۈچ سەرپ قىلدىم. قەلبىم جەمئىيەتتىن يېڭى ئەسىر، يېڭى ئېرا ھەققىدىكى ئاجايىپ يالقۇنلۇق نىدالارنى تەمە قىلاتتى، كۆزۈم خەلقىمنىڭ قولىدىن يېڭى ئەسىر ۋە يېڭى ئېرا ئۈچۈن تەييارلانغان ئېسىل سوۋغىلارنى ئىزدەيتتى.

يېڭى ئەسىر ۋە يېڭى ئېرا ئۇيغۇرلارنىڭ ئىستىقبالى ئۈچۈن قانچىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە؟ بۇ سوئالغا ئۇيغۇرلارنىڭ بېرىدىغان ئارتۇق جاۋابى يوق. يېڭى ئەسىر ئۇيغۇرلارنىڭ تەرەققىياتىنىڭ ئەمەس، بەلكى رەھىمسىز رىقابەتتىكى مەۋجۇدلۇقىنىڭ ئىمتىھان مەيدانى.

## 2

مىللىي روھنىڭ ماھىيىتى ھەققىدە نۇرغۇن ئويلىنىش، ئادەملەرنىڭ خاراكتېرى ھەققىدە تالاي قېتىم مۇھاكىمە قىلىش نەتىجىسىدە كۆزۈمگە ئەڭ كۆپ چېلىققىنى چۈشكۈنلۈك بولدى. كېيىن سالقىنقانلىق بىلەن ئويلىنىش ئارقىلىق چۈشكۈنلۈك تەقدىرنىڭ بىر مىللەت ياكى ئادەمگە بەرگەن جازاسى ئەمەس، پۇرسىتى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. ئەسلىدە ئەڭ ئەقىللىق، تەپەككۇرى ئۇچۇق مىللەتلەرنىڭ چۈشكۈنلۈكى شۇنچە ئازابلىق بولىدىكەن. ئۇلارنىڭ چۈشكۈنلۈكى كالۋالىق تۈپەيلىدىن ئەمەس، ئەقلىي ئەۋزەللىك تۈپەيلىدىن پارتلاپ چىقىدىكەن. چۈشكۈنلۈك تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي مۇھىت ياكى تاشقى سەۋەب كەلتۈرۈپ چىقارغان تەرەققىيات توسقۇنلۇقىنىڭ، بۇ توسقۇنلۇق نەتىجىسىدە مىللىي ۋۇجۇد ياكى شەخس ۋۇجۇدىدىكى ھاياتلىقنىڭ ئەڭ ئىلغار ئامىللىرىنىڭ بېسىمغا ئۇچرىشىنىڭ نەتىجىسى ئىكەن. چۈشكۈنلۈك يەنە روھنىڭ تاشقى سەۋەب تۈپەيلىدىن ئۇزاق مەزگىل دۇملىنىپ قېلىشىنىڭ مەھسۇلى ئىكەن. ناۋادا ئۇ مەلۇم تاشقى سەۋەب ياكى ئىچكى سەۋەب تۈپەيلىدىن ئېغىز ئېلىش پۇرسىتىگە ئېرىشسە، مىللىي تەرەققىياتنىڭ پارتلاپ تۇرغان تۈرتكىلىك كۈچىگە ئايلىنىدىكەن. ھاياتنى مەنىسىز ھېس قىلىپ زەھەر چەككەنلەر، ئەقلىي ئىقتىدارى ئۇرغۇپ تۇرغان ئاجايىپ تەسەۋۋۇرغا ئىگە جىنايەتچىلەرمۇ بۇ قاراشنى ئىسپاتلايدۇ. شۇڭلاشقا، ئالىملار جىنايى تەپەككۇردىكى تەرەققىياتتىن بىر جەمئىيەت تەرەققىياتى سەۋىيىسىنىڭ قانچىلىكلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ، دەپ ھۆكۈم چىقارغان.

1978-يىلىدىن كېيىنكى 20 نەچچە يىللىق تەرەققىيات ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە ئىدىيە ئازادلىقى ۋە تەرەققىيات پۇرسىتىنى، شۇ قاتاردا بۈگۈنكى دۇنيادىكى نۇرغۇن يېڭىلىقلارنى جۈملىدىن خىروئىن، ئەيدىز كېسىلى قاتارلىق سەلبىيەتلىكلەرنىمۇ ئېلىپ كەلدى. لېكىن تەربىيىلىنىشتىكى ئاجىزلىق، ئۇنىۋېرسال رىقابەت ئىقتىدارىنىڭ تۆۋەنلىكى ئىسلاھاتنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، مىللەتنىڭ چۈشكۈنلۈكىنىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇۋەتتى. رەھىمسىز ھاياتلىق رىقابىتى روھىمىزغا كەلكۈندەك بېسىپ كىردى.

بىزدە ئۇنىۋېرسال رىقابەت ئىقتىدارى ئەزەلدىن شۇنداق تۆۋەنمىدى؟ ھاياتلىق ئىقتىدارى شۇنداق زەئىپمىدى؟ ياق! 20 نەچچە يىللىق ئىسلاھات جەريانى، 1990-يىللاردا يۈز بەرگەن ئۆزگىچە قايتا باھا بېرىشتىن كېيىنكى چۈشكۈنلۈك تۇيغۇسى ئىچىدە ئايان بولغان بىر ھەقىقەت بىزنى سەگىتتى: بىزدە پەقەت پۇرسەت يوق ئىدى!

ئەجدادلىرىمىز تارىختا پۇرسەتنىڭ ئىنسان ھاياتىدىكى ھەل قىلغۇچ رولى ھەققىدە كۆپ توختالغان. ئۇلار پۇرسەتنىڭ سىرى ئۈستىدە ئىزدىنىپ، پۇرسەتنى قانداق يارىتىش، ئېرىشىش، تۇتۇشنىڭ يوللىرىنى ئۆزلىرىنىڭ ھېكمەتلىرىدە بايان قىلغان. ئۆزلىرىمۇ تارىخىي پۇرسەتلەردىن ئاجايىپ

ئۇستىلىق بىلەن پايدىلانغان.

شەخسنىڭ پۇرستى ئادەتتە جەمئىيەتنىڭ پۇرستى ئىچىدە بولۇپ، كۆپىنچە ھاللاردا جەمئىيەتنىڭ پۇرستى شەخسىي پۇرسەتنى بەلگىلەپ قويىدۇ. بىر جەمئىيەت تۈزۈلمىسىدىكى ئىلغارلىق جەمئىيەتنى نۇرغۇن ئېسىل پۇرسەتلەر بىلەن تەمىنلىسە، قالاق تۈزۈلمە جەمئىيەتتە ئەزەلدىن بار بولغان پۇرسەتلەرنىمۇ بوغۇپ قويىدۇ. جەمئىيەتتىكى چۈشكۈنلۈكمۇ بوغۇلغان پۇرسەتلەر تۈپەيلىدىن تالانتنىڭ ياۋۇزلۇقتا، ئىگىسىنى زەھەرلەيدىغان ئۆسمىگە ئايلىنىش جەريانىدۇر.

تالانتلىق ئوبزورچى يالقۇن روزى «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 1997-يىل 4-سانىغا بېسىلغان «ئويغىنىۋاتقان ئەجداد روھى» دېگەن ماقالىسىدە بۇ ھەقتە توختىلىپ: «پۇرسەت ۋە تاللاش ئىمكانىيىتى بولمىغان مۇھىتتا، ئالەمشۇمۇل تالانت ئىگىلىرىمۇ ئادەتتىكى كىشىلەردىن پەرقلەنمىگەن ھالدا ئادەتتىكىچە ياشاپ توپا ئاستىغا كىرىپ كېتىدۇ»، «ئۇرۇش بولمىسا، سۇلتان ساتۇق بۇغراخانىنىڭكىدەك ئارغىماق بولسىمۇ سۆرەمگە سالىدىغان، ئوغۇزخانىنىڭكىدەك ئۆتكۈر نەيزە بولسىمۇ تونۇرغا كۆسەي قىلىدىغان، چىنتۆمۈر باتۇرنىڭكىدەك بىسران قىلىچ بولسىمۇ، چامغۇر ئاقلاشقا ئىشلىتىدىغان گەپ» دەپ پۇرسەتنىڭ رولىنى تولىمۇ ئوبرازلىق ھالدا شەرھىلەيدۇ. شۇنداق، چاڭجاڭ دەرياسىنىڭ سەنشيا بوغۇزىدا دۇنياغا مەشھۇر سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى - سەنشيا قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىلمىغان، كوچرەين بوغۇز ئارىلىقىغا سىم تارتىپ بوغۇزدىن ئۆتۈش خىيالىغا كەلمىگەن ۋە جېنىس دۇنيا رېكورتى ياراتمىغان بولسا، بەلكى ئادىل ھوشۇر دارۋازلىقنى قىلىپ يۈرۈۋەرگەن، كوچرەينىگە جەڭ ئېلان قىلمىغان ۋە دۇنيا يېڭى جېنىس رېكورتىنى ياراتمىغان، شۇنداقلا « پەلەك شاھى» دېگەن بۈيۈك نامىمۇ نېسىپ بولمىغان بولاتتى. دېمەك، گېزى كەلگەندە تۇتالىسا پۇرسەت بىر ئادەمنىڭ ھەتتا كەڭ مەنىدىن ئېيتقاندا، بىر دۆلەت، بىر مىللەتنىڭمۇ تەقدىرىنى ئۆزگەرتىپ تاشلايدىكەن!

پۇرسەت ئۆزلىكىدىن «دوقا ماڭلايغا كېلىدىغان تەلەي» ۋە ياكى كۈتمىگەندە ئۇچراپ قالىدىغان «غايىب خەزىنە» ئەمەس، ئۇ پەقەت بەل باغلىغان كىشىلەرلا چۈشەلەيدىغان چېلىش ياكى بەيگە! (مۇھەررىردىن). كىمكى ئۇنىڭغا ئېرىشىش ئۈچۈن سەزگۈر، ئاقىل، چاققان، ئالدىن كۆرەر بولسا، سەئىي - ئىجتىھات قىلسا، قان-تەر تۆكۈش ھەتتا قۇربان بېرىشتىن ئايانمىسا، قولغا كەلگەندە پايدىلىنىشقا ماھىر بولسا، ئۇ شۇنىڭ قولىدىكى تەڭداشسىز قورالغا ئايلىنىدۇ.

3

يېڭى ئەسىرگە ئاز قالغانسىرى كۆڭلۈم شۇنچە يېرىم بولىدىغان بولۇپ قالدى. ھايات بارغانچە مەززىسىزلىشىۋاتقاندەك، ئادەملەر بىر-بىرىگە يالغان كۈلۈپ يۈرگەندەك تۇيۇلاتتى. كۆڭلۈمدىكى بۇ تۇيغۇ خۇددى ھېيت يېقىنلاشقانسېرى ئاتا-ئانا، ئۇرۇق-تۇغقان، يېقىن-يورۇقلىرىدىن ھېيتلىق كۈتۈپ، ئۈچۈق بىر نەرسە دېيىشكە پېتىنالماي جىلى بولۇپ كېتىۋاتقان كىچىك بالىنىڭ تۇيغۇسىغا بەكمۇ ئوخشايتتى. تۇساتتىن تارالغان بىر خەۋەر كۆڭلۈمنى بەكمۇ خۇش قىلىۋەتتى: 21 ياشلىق بوكس ماھىرى ئابدۇراخمان ئابلىكىم ئاسىيا بوكس چېمپىيونى بولۇپ، جۇڭگو تارىخىدا تۇنجى بولۇپ بوكس تۈرىدە ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنىغا قاتنىشىش - 2000-يىلى ئاۋستىرالىيىنىڭ سىدنېي شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلىدىغان ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنىدا بوكسچىلارنىڭ 75 كىلوگىراملىقلار بويىچە دۇنيا چېمپىيونلۇقىنى تالىشىش ھوقۇقىغا، ياق، پۇرسىتىگە ئېرىشتى. خەۋەردىكى «تۇنجى» سۆزى ئادەمنى خۇشال قىلاتتى ھەم ئەپسۇسلاندۇراتتى. خۇش قىلىدىغان يېرى «تۇنجى» دېگەن سۆز بىلەن يېڭى بىر ئۇلۇغ باشلىنىشنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكى، بىر ئۇيغۇر يىگىتىنىڭ 1 مىليارد 200 مىليون جۇڭگولۇققا ۋەكالىتەن بىر خەلقئارالىق تەنھەرىكەت يىغىنىغا قاتنىشىش ھوقۇقىنى ئۆز جاسارىتى ۋە ماھارىتىگە تايىنىپ قولغا كەلتۈرگەنلىكى، ئەپسۇسلاندۇرىدىغان تەرىپى، دۇنيادىكى ئەڭ قەدىمىي، دۇنيا ئاھالىسىنىڭ تۆتتىن بىرىنى ئىگىلەيدىغان بىر دۆلەتنىڭ ئولىمپىك تارىخىدىكى مۇشۇ تۈردە ئاق تۇرۇپ كەلگەنلىكى ئىدى.

بىر مىللەتنىڭ تارىخىدا دۇنياۋى قەھرىمانلارنىڭ پات-پات چىقىپ تۇرۇشى ئۇنىڭ قېنىنى يېڭىلىغانلىق بىلەن باراۋەر. چۈنكى مىللىي قەھرىماننىڭ ۋۇجۇدىدىكى قەھرىمانلىق كۈچى چۈشكۈنلۈك ئازابىدا تۇنجۇقۇپ، چىقىش يولى تاپالماي تۇرغان تالاي ئادەمنىڭ قەلبىنى يورىتىدۇ، ئىرادىسى ئاجىزلىشىپ ئىجتىمائىي ئەخلەتلەر قاتارىغا قوشۇلۇپ قېلىش ئالدىدا تۇرغانلارغا جاسارەت ئاتا قىلىدۇ. قەھرىماندىكى جاسارەت ماھىيەتتە مىللەتنىڭ جاسارىتىدۇر. ئابدۇراخماننىڭ ۋۇجۇدىدىن پارتلاپ چىققان كۈچ مىللەتنىڭ ۋۇجۇدىدىن پارتلاپ چىققان كۈچتۇر. گەرچە باتۇر ئوغلانىمىز ئابدۇراخمان بوكس مەيدانىدا رەقىبىنى يەڭگەن بولسىمۇ، ماھىيەتتە مەۋجۇدلۇق مەيدانىدا ئۇيغۇر مىللىتى ئۆزى ئۈستىدىن غالىب كەلدى - ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى يەڭدى. ئابدۇراخماننىڭ غەلىبىسى مىليونلىغان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ روھىنى كۆتۈرۈپ، سوۋۇغان قانلىرىنى قايناتتى.

ئابدۇراخماننىڭ غەلىبە يولىمۇ پۇرسەت ھەققىدىكى بايانلىرىمىزنى ئىسپاتلىدى. پەخىرلىك، باتۇر ئوغلانلىرىمىزدىن ئابدۇشۈكۈر مىجىت «بوكس شاھى» بولغاندا، ئەكرەم مەملىكەتلىك مۇسابىقىلەردە ئەڭ ياخشى نەتىجىگە ئېرىشكەندە ئابدۇراخمان تېخى ئانچە نامى چىقمىغان بالا ئىدى. لېكىن ئۇ ئۆزبېكىستاندىكى خەلقئارا سەھنىدە بىردىنلا نام چىقاردى. بىردىن چولپانغا، خەلقىمىز قەلبىدىكى چىراغقا ئايلاندى. پۇرسەت ۋە خىرىسقا تولغان ئەي 21-ئەسىر، مانابۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ ساڭا تەييارلىغان سوۋغىتى، دەرۋازاڭنى قاقىدىغان سىمۋوللۇق مەنىگە ئىگە پولاتتەك مۇشتى!

1999-يىل 20-دېكابر

ئابدۇرېھىم توختى فوتوسى(M2)

# نەسىھەتى ئامما



ئابدۇقادىر داموللا ئىبنى ئابدۇۋارىس كاشغەرىي

## تەقرىز

«ئابدۇقادىر داموللا ئىبنى ئابدۇۋارىس كاشغەرىي (1924 ـ 1862) 20.ئەسىر مۇقەددىمىسىدىكى مەشھۇر ئۇيغۇر ۋەتەنپەرۋەرى، تەرەققىيپەرۋەرى ۋە مەرىپەتچىسى، مۇتەپەككۇر ئالىم ـ شائىرى ئىدى. ئۇنى رەشكچى بايلار بىلەن ئۆلىمالار شىۋىت دىن تارقاتقۇچىلىرى بىلەن مىلىتارىست ئەمەلدارلارنى قۇترىتىپ، 1924.يىلى ئەمەت (تاز) مەزىنىنىڭ قولى بىلەن ئۆلتۈرۈۋېتىشتى. بۇ سۇيىقەستكە ئەينى زامان ۋە ئىلگىرىكى زامانىنىڭ بەدنىيەت جاسۇسلىرىدىن تەركىب تاپقان بىر گۇرۇھ 〈مىللەتپەرۋەر ئۆلىما〉 قىياپىتىگە كىرىۋالغان كەسپىي تۆھمەتخورلارمۇ پائال قاتناشتى. بۇ رەشك ـ ھەسەت پاجىئەسىدىن زارلانغان خەلق:

〈داموللام شېھىت بولدى،
ياتار جايى بېھىش بولدى.
داموللامغا قەشقەرلىق
كۆپ يىغلاپ بىھوش بولدى〉

دەپ قوشاق قاتتى. مانا بۇ ئەل قەلبىدىكى بېھىش ئىدى.

ئۇيغۇر دېموكراتىزملىق ئەدەبىياتىنىڭ ۋەكىللىرىدىن مەمتىلى ئەپەندى (تەۋپىق)، قۇتلۇق شەۋقى قاتارلىق مەرىپەتپەرۋەر شائىرلار مەرسىيە يېزىشىپ ئۇنى ھىدايەت كانى، ئالىي ھىممەتلىك ئۇستاز، خەلق غەمگۇزارى، ئالىي تەپەككۇر ئىگىسى، ھەقىقىي ئىسلاھاتچى ئالىم، دەپ ئۇنىڭ كۆز يۇمغانلىقىغا نادامەت قىلىشتى.

ئۇنىڭ سۆزلىرى مىللەتنىڭ روناق تېپىشى بىلەن نادانلىق ۋە ھەسەتخورلۇقنىڭ ئوت بىلەن سۇدەك زىددىيىتىنى ئېچىپ بەردى. ئۇ، 〈ئاقائىد زەرۇرىيە〉 ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازغانىدى:

ـ مىللەتنىڭ خار ۋە زەبۇن بولمىقىغا سەۋەب نېمىدۇر؟

ـ ئىككى نەرسىدۇر: بىرى جاھالەت ۋە نادانلىق، ئىككىنچىسى، تەپرىقە ۋە ئىختىلاپتۇر.

ـ ئىززەت-ئابروي، كۈچ-قۇۋۋەت نېمە بىلەن ھاسىل بولۇر؟

ـ ئىلىم-مەرىپەت ۋە ئىتتىپاقلىق بىلەن ھاسىل بولۇر» ①

مۆھتەرەم ئوقۇرمەنلىرىمىزنى ئۇلۇغ ۋەتەنپەرۋەر ئالىم، يېتۈك ئۇستاز، جاھالەتكە قارشى بايراقدار، يېقىنقى زامان مەدەنىيەت تارىخىمىزنىڭ پەخرى ئابدۇقادىر داموللا ئىبنى ئابدۇۋارىس كاشغەرىينىڭ تەپەككۇر خەزىنىسىدىكى دۇردانىلەردىن بەھرىلەندۈرۈش ئارزۇسى خۇسۇسىدىن ئۇنىڭ يەنە بىر مۇبارەك ئەسىرى ـ «نەسىھەتى ئامما»نى ئېلان قىلدۇق.

1915.يىلى يېزىلغان بۇ ئەسەردە ئەڭ ئەھمىيەتلىك بولغىنى، ئالىم ئىسلام ئەقىداتىدىكى ياخشى ئەمەلنىڭ ئىپادىسى بولغان ئىتتىپاقلىق، دوستلۇق، ئۇيۇشقاقلىق، ئۆزئارا ياردەم، بىر-بىرىگە كۆيۈنۈش، يېڭىلىققا ئىنتىلىش، ئىلىم-مەرىپەت ئۆگىنىش، ئىنساب، ئادالەت،

① ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «ھەسەتخورلۇق ھەققىدە ھەسرەتلىك خىياللار»، ژۇرنىلىمىزنىڭ 1989.يىل 6.سانى.

دانالار خەزىنىسى

www.uyghurkitap.com

سېخىيلىك، چىداملىق، ئېغىر-بېسىقلىقتا ئوخشاش ئېسىل پەزىلەتلەرنى تەشۋىق قىلىش ئارقىلىق ئىسلام ئەقىدىلىرىغا مۇخالىپ كېلىدىغان بارلىق ھادىسىلەرنى چەكلەش، جەمئىيەت بۇزۇقچىلىقلىرىنى تۈزىتىش، خوراپىي جەمئىيەتنى يېڭىلاشتەك ئىسلاھاتچىلىق ئىدىيىسى ئىلگىرى سۈرۈلگەن. بۇ نۇقتىلار ئالىمنىڭ تەرەققىيپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنى چۈشىنىشتىلا ئەمەس، بەلكى 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىشتىمۇ بەلگىلىك رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

ۋاھالەنكى، مەزكۇر رىسالىدە يۇقىرىقىدەك بىر قاتار ئىلغار قاراشلار گەۋدىلەنگەن بولسىمۇ، بەزىبىر دىنىي ۋە تەسكىرىي قاراشلاردىن خالىي بولالمىغان. بۇ نۇقتىنا ئوقۇرمەنلىرىمىزگىمۇ ئايانكى، ئۇ ئاساسەن دەۋر چەكلىمىسىدىن ھاسىل بولغاندۇر. گەرچە ماكان-زاماننى تولۇق نەزەرگە ئالغان ئالىم ئۆز قاراشلىرىنى شەرھىيلىگەندە ئىسلام ئەقىدىلىرىدىن قىلچە چەتنىمىگەن ھالدا، ئۇنىڭ قائىدە-پرىنسىپلىرىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ، شۇنچە ئېھتىياتچان بول تۇتقان بولسىمۇ، ئەپسۇسكى، ئاشۇ قاراشلىرىنىڭمۇ قارشىلىققا ئۇچراپ، مۇيىقەست-بىلەن شۈبھەت قىلىنىغىنىغا قارىغاندا، ئالىم ياشىغان دەۋردىكى جاھالەتچىلىكنىڭ نەقەدەر ئېغىرلىقىنى روشەن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ئەنئەنىۋى مىللىي مەدەنىيەت مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلىش، ئۇنى ئەينەك قىلىشتا «مېغىزىنى ئېلىپ شاكىلىنى تاشلاش»، «قەدىمكىنى بۈگۈنكى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش»، «كونىلىرى ئاساسىدا يېڭىلىرىنى يارىتىش» پرىنسىپى بويىچە، مۆھتەرەم ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ ئۇشبۇ ئەسەردىن «تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىش» ئاساسىدا پايدىلىنىدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز.

- مۇھەررىردىن

* * *

بىسمىللاھىرر رەھمانىر رەھىم
(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان
ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

ئىسلامىيەت ئالىمىنىڭ دانىشمەنلىرى، دىيانەت دۇنياسىنىڭ ئىخلاسمەنلىرىگە روشەن ۋە ئوچۇق بولسۇنكى، ھازىرھەم كەلگۈسىنىڭ بەخت-سائادىتى، شاراپىتى (شان-شەرىپى) ئىمان (نىيەت) ۋە ياخشى ئەمەل (ياخشى ئىش) لارنى قىلىش بىلەن مەيدانغا چىقىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس قانۇنى بولغان «قۇرئان كەرىم» نىڭ بىر قانچە يېرىدە ئىمان (نىيەت) نى ياخشى ئەمەل (ياخشى ئىش) بىلەن بىرلەشتۈرۈش ھەققىدە، يەنى نەزەرىيىنى پايدىلىق ئەمەلىيەت بىلەن بىرلەشتۈرۈش توغرىسىدا ئالاھىدە ئايەتلەر كەلتۈرۈلگەن.

ھەرقانداق بىر ئەمەل (ئىش) ياخشى نىيەت بىلەن بولمىسا، ئۇ قىلچە پايدا بەرمەيلا قالماستىن، بەلكى يامان ئاقىۋەتكە گىرىپتار قىلىدۇ. ئىمان (نىيەت) قانچە ياخشى بولغان بىلەن، ئۇ، پايدىلىق ئەمەلىيەت بىلەن بىرلەشتۈرۈلمىسە، كامالەتكە يېتەلمەيدۇ.

بۇ سىرلاردىن مۆتىۋەر پېشقەدەملىرىمىز ۋە بۇرۇنقى ئالىملىرىمىزمۇ خەۋەردار بولۇپ، پۈتۈن غەيرەت-شىجائىتىنى ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا، ئۇنى باشقىلارغا بىلدۈرۈپ، ئاللانىڭ سۆزلىرىنى ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇشقا، ئىسلام ھەقىقىتىنى تەشۋىق قىلىشقا ۋە ئىسلامىيەتنىڭ چاقىرىقلىرىنى تونۇشتۇرۇشقا سەرپ قىلىشتى.

ئەنە شۇنداق ئۇلۇغلىرىمىزنىڭ كۆرسەتكەن غەيرەت-شىجائەتلىرى نەتىجىسىدە مۇقەددەس ئىسلام دىنى پۈتكۈل ئالەمگە نۇر چېچىپ، ھەقنى ناھەقتىن ۋە ناھەقنى ھەقتىن ئايرىپ، ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى تامامى ئالەمگە ئاشكارا قىلدى.

ئىتتىپاقلىق، ئىلىم-مەرىپەت، ئىنساب ۋە ئادالەت ئۆز قۇدرىتىنى كۆرسىتىپ جەبر-زۇلۇم، ئىختىلاپ، ئىككىيۈزلىمىلىك ۋە ئىلىمسىزلىك (جاھالەتلەر) زاۋاللىققا يۈز تۇتتى. ئىسلامنىڭ ئابرويى ۋە ھەيۋىتىدىن ئۇنىڭغا خىلاپ ئىش قىلغۇچىلارمۇ ھەيرانلىق ھەم غەم-ئەندىشە ئىچىدە قالدى. بۇ بولسىمۇ «قۇرئان كەرىم» دە كۆرسىتىلگەن، پەيغەمبىرىمىز ئەينەن يەتكۈزگەن ياخشى ئەمەللەرنىڭ نەتىجىسى ھەم خاسىيىتىدىندۇر. بىز نۆۋەتتە بۇ ياخشى ئەمەللەرنىڭ يوللىرىنى بايان قىلىشنى توغرا تاپتۇق. دىنى ئىسلامنىڭ يولباشچىسى - «قۇرئان كەرىم» دە.كۆرسىتىلگەن ياخشى ئەمەللەر مۇنۇلار: «ئىخلاس (ھەر ئىشنى جان-دىل بىلەن ئورۇنداش)، تازىلىقتا رىئايە قىلىش، ئىبادەت (ھەققە بويسۇنۇش)، ئىتتىپاقلىق، ئۇيۇشقاقلىق، نەسىھەت (ئەلگە مەرىپەت قىلماق)، دوستلۇق، ئىنساب ۋە ئادالەت، كەچۈرۈش، دىلنى خىيانەت ۋە ئاداۋەتتىن پاك قىلىش، سېخىيلىق، ئىسلاھ قىلىش (يېڭىلىققا يۈزلىنىش) روھىي بولۇش، چىداملىق ۋە ئېغىر-بېسىق بولۇش، گۈزەل ئەخلاقىي پەزىلەتكە ئىگە بولۇش، ئۆز ئارا كۆيۈنۈش ۋە ياردەم بېرىش، ياخشى ئىشلارغا ئىنتىلىش، ئېھتىياتچان ۋە ئىشەنچلىك بولۇش، ئىلىم ئۆگىنىش ۋە باشقىلارغا ئۆگىتىش، ئىنسانىي مۇناسىۋەتنى بىلدۈرۈش، باشقىلارغا مەنپەئەت يەتكۈزۈش، كۆيۈمچانلىق، ساداقەت، كەڭ قوللۇق، ساخاۋەت، ياخشىلىق، تەدبىرچانلىق، راستچىللىق، ھەر ئىشنى توغرا يوليورۇقتا بىنائەن قىلىش، ياخشى يولغا مېڭىش، يامان يولدىن قايتىش قاتارلىقلار ئىسلامىيەتتە بۇيرۇلغان ياخشى ئەمەللەردۇر. ئۆتكەندە يۇقىرىدا ئېيتىلغان ياخشى ئەمەللەر بارلىق ئەھلى ئىسلامغا ئۆزلىشىپ، ھەممە كىشى ئۇنى ئۆزىنىڭ ئۆلچىمى قىلغان. ئىشلار بولسا «قۇرئان كەرىم»، «ھەدىس شەرىف» ۋە مۆتىۋەر پېشقەدەملەرنىڭ كۆرسەتمىسى ھەم يوليورۇقى بويىچە بولغانىدى. غەلىبە ۋە يېتەكچىلىكمۇ ئەھلى ئىسلامنىڭ مەخسۇس نېسىۋىسى بولۇپ، «ئىززەت-ھۆرمەت ئاللاغا، پەيغەمبەرگە ۋە مۇئمىنلەرگە خاستۇر» دېگەن ئايەتنىڭ ھۆكمىگە مۇۋاپىق ئىش بولغانىدى.

قاچانكى ئەھلى ئىسلامنىڭ ئەخلاقى بۇزۇلۇپ، ياخشى ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىشقا نۇقسان يەتتى، ئىتتىپاقلىق يوقالدى، ھورۇنلۇق ۋە بىكارچىلىق، زۇلۇم ۋە خىيانەتچىلىكلەر مەيدانغا چىقتى. ئىلىم-مەرىپەت كېمەيدى. پۈتكۈل ئەھلى ئىسلامنىڭ شۆھرىتى يوقىلىپ، خار-زارلىققا يۈزلەندى.

پېشۋالىرىمىزنىڭ ئەخلاقى ۋە ئەسەرلىرى ئۇنتۇلۇپ، خۇراپاتلىق (ئىلىمگە خىلاپ بۇزۇق ئىشلار) باش كۆتۈردى. ئىززەت-ئابرۇيلار قولدىن كەتتى. ئەجنەبىيلەر ۋەتىنىمىزگە قول ئۇزاتتى. «ھەرقانداق ئەل ئۆز ئابرويىنى ئۆزى يوقاتمىغىچە ئاللا ئۇنى يوقاتمايدۇ» دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى ئەمەلىيەتتە ئىسپاتلاندى. ئىنساب بىلەن ياخشى مۇلاھىزە قىلساق، بۇنداق يامان ئاقىۋەتكە ئۆز قىلمىش-ئەتمىشلىرىمىز ۋە ئىسلامىيەتنىڭ يولىيورۇقلىرىغا ئەمەل قىلالمىغانلىقىمىز سەۋەبچىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بۈگۈن بىز پەرىشانلىق ۋە خار-زارلىقتا، ئازاب-كۈلپەت، غەم-ئەندىشىگە گىرىپتار بولۇپ، پۇشايمان ۋە ھەسرەت-نادامەت چەكمەكتىمىز. (ھازىر) زىرائەت (دېھقانچىلىق)، سودا-سانائەت جەھەتلەردە باشقا مىللەتلەردىن تۆۋەن تۇرماقتىمىز. كېلىڭ ئەي قېرىنداشلار! ئۇ دۇنيا، بۇ دۇنيالىق بۇرادەرلەر! ئىسلامنىڭ ئىلگىرىكى تەرەققىياتىنىڭ سەۋەبلىرىنى تەتقىق قىلايلى. ھازىرقى تۆۋەنلىكىمىزنىڭ ئۆزىمىزدىكى ئۈمىدسىزلىك، ھورۇنلۇق ۋە جۈرئەتسىزلىكتىن كېلىپ چىققانلىقىنى تونۇپ يېتىپ، ناچار ئەخلاقتىن يېنىپ، دىنى ئىسلامنىڭ يولىيورۇقى بويىچە ئىش قىلايلى. «قۇرئان كەرىم» ۋە پەيغەمبىرىمىزنىڭ كۆرسەتمىسىنى خالايىققا ئەينەن يەتكۈزىدىغان ئالىملىرىمىزنىڭ پېشىگە ئېسىلىپ، ئۇلارغا ئۈمىد باغلايلى. ئالىملىرىمىزمۇ زىممىسىدىكى ۋەزىپىسىنىڭ ئېغىرلىقىنى تونۇپ يەتسۇن. ئۇلۇغ پېشۋالىرىمىزنىڭ تەلىماتلىرىنى ھەر مەجلىس ۋە سورۇنلاردا بايان قىلسۇن. خەلق ئاممىسىغا ياخشى-يامانني چۈشەندۇرۇپ، ئەخلاقىي، ئەقلىي تەربىيە بەرگەندىن تاشقىرى، زامانىۋى يېڭى يوللارنى كۆرسەتسۇن. چۈنكى ئالىملار پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىزباسارلىرىدۇر. شۇنىڭ بىلەن خەلقىمىز يېتىم-يېسىر، غېرىب-غۇرۋالارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش ئۈچۈن ئۆشرە-زاكات، سەدىقە-ئېھسان ۋە ماددىي ياردەملىرىنى ئاجرىتىپ، قولىدىكى ئىقتىسادىنىڭ سەرپىياتىنى توغرا باشقۇرسۇن. خەلق ۋە مىللەتكە شۇنداقلا ئەلگە خىزمەت قىلسۇن.

ئەرۋەئاياللارغا ئىلىم ئۆگىنىشنىڭ پەرزلىكىنى مۇلاھىزە قىلىپ، ئۇنىڭغا دىققەت - ئېتىبارىمىزنى قوزغىشىمىز، خوتۇن-قىزلار ئۈچۈن مەخسۇس مەكتەپلەرنى ئېچىشىمىز لازىم. چۈنكى كىچىك باللار نادان ئانىسىنىڭ تەربىيىسىدىكى چاغدا يامان ئىللەت ۋە بىلىمسىزلىككە گىرىپتار بولسا، كىچىكلىكىدە ئادەتلەنگەن ئۇ ئىشتىن قۇتۇلۇش ناھايىتى جاپالىقتۇر. ئەگەر ئانىسى بىلىملىك ۋە قابىلىيەتلىك بولسا، پەرزەنتىنى ياخشى ئەخلاق بىلەن تەربىيە قىلىدۇ. بۇنداق باللارنىڭ چوڭ بولغاندا كامالەتكە يېتىشىمۇ ئاسان بولىدۇ. ھەدىستىمۇ «ھەر بىر پەرزەنت تۇغۇلۇشتا ئەيىبسىز، لېكىن ئۇنىڭ ياخشى-يامان بولۇشى ئاتا-ئانىسىنىڭ تەربىيىسىگە باغلىق» دېگەن مەزمۇن بار. ھەممىمىز ئۆزىمىزنى تونۇيلى، كەلگۈسى ئىستىقبالنى ئويلايلى، بارلىق چارە-تەدبىرلەرنى قوللىنىپ خەلقىمىزنى ۋە مىللىتىمىزنى زاۋاللىقتىن قۇتۇلدۇرۇۋالايلى.

كۆپلىگەن يوقسۇل ۋە ئىگە چاقىسىز باللار ئاش-نان ۋە تۇرمۇشنى دەپ ئىلاجىسىزلىقتىن، دىن ئەقىدىسى بۇزۇلۇپ كېتىشىدىن خەۋىرى يوق، ئەجنەبىيلەرنىڭ مەكتەپلىرىدە (ئەينى يىللاردىكى قەشقەردىكى چەت ئەللىك دىن تارقاتقۇچىلارنىڭ مەكتەپلىرىنى دېمەكچى. - مۇھەررىردىن) ئوقۇپ، يامان ئاقىۋەتكە يولۇقماقتا. بىز ئىنسانلىق ۋە مۇسۇلمانلىق بۇرچىمىزنى ئادا قىلىش ئۈچۈن غەيرەتكە كېلىپ، ئۇلارنى قۇتۇلدۇرۇش چارىسىنى ئىزدەيلى! بۇ زامان غەپلەت ۋە بىپەرۋالىق زامانى ئەمەس، ئويغىنىش ۋە سەزگۈرلۈك زامانىدۇر! جاھىللىق ۋە نادانلىق دەۋرى ئەمەس، ئىلىم-مەرىپەت دەۋرىدۇر. سۇسلۇق ۋە بىكارلىق ۋاقتى ئەمەس، تىرىشىش ۋە غەيرەت ۋاقتىدۇر. باشقا مىللەتلەر ئىلىم-مەرىپەت ساھەسىدە ھاۋادا ئۇچۇپ پەرۋاز قىلماقتا، سۇ ئاستىدا بولسا خۇددى قۇرۇقلۇقتا يۈرگەندەك ئەركىن ئۈزۈشمەكتە. بىز تېخى غەپلەت ئۇيقۇسىدا ياتماقتىمىز. ئۇيقۇ ئۆلۈمنىڭ بۇرادىرى ۋە مۇقەددىمىسىدۇر. بۇ ھالەتتە دائىم ئۇخلىماق يوقىلىش ۋە ئۆلۈم يولىدۇر! ھېلىھەم ۋاقىت ۋە پۇرسەت بار. جانابىي ئاللانىڭ رەھمەت ۋە ئىنايەت خەزىنىسىنىڭ ئىشىكى دائىم ئوچۇقتۇر. دۇنيا ئۈمىدسىزلىك بىلەن ياشاش توغرا ئەمەس. ئىنسان كىچىكلىكىدىن تارتىپ ئىلىم ئۆگىنىشى ۋە كەسىپ (ھۈنەر-سانائەت) بىلەن شۇغۇللىنىشى كېرەككى، ھەر قانداق ئىشنى ئۆزلۈكىدىن مەيدانغا چىقىرىشنى ئاللا ئادەت قىلمىغاندۇر. بەلكى ھەر بىر ئىش تىرىشچانلىق ۋە ئىجتىھات بىلەن بەرپا بولىدۇ. ھەممە ئىشقا تىرىشچانلىق ۋە پىداكارلىق كۆرسىتىش ئاللانىڭ يوليورۇقىدۇر. «ئىنساننىڭ تىرىشچانلىقىغا لايىق نەتىجە باردۇر» دېگەن ئايەت بۇنىڭغا گۇۋاھ-ئىسپاتتۇر.

سالام، ياخشى يولغا ماڭغان كىشىلەرگە!

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئۆمەرجان ئوسمان شىپاھىي(M1

بېكىتكۈچى: ھاجى خوجائابدۇللا ئوسمان(ئالىي مۇھەررىر،تەكلىپ قىلىنغان)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# «يېمەك-ئىچمەك مەدەنىيىتى» دىكى بەدىئىيلىك

توختى باقى(ئارتىشى)

ئىلاۋە: بۇماقالە پەقىر قەلەم ئىگىسى ئارتىشنىڭ ئىجادىي ئەسىرى ئەمەس، دۆلەت ئىچىدىكى بىر تۇتاش نەشر نومۇرى CN13_0034، پوچتا نومۇرى 10-17، چەت ئەللەرگە تارقىتىش نومۇرى WTCN13_0034 بولغان، خېبېي ئۆلكىسىنىڭ شىجاجۇاڭ شەھىرىدىن چىقىدىغان «زاۋىنباۋ» ( «فىلىيەتون گېزىتى» ) نىڭ 1999-يىل 23-فېۋرالدىكى سانىدىن تەرجىمە قىلىنغان ئەسەر. ئەسلى ئاپتورى لۇيۇەنشۇ. ژۇرنالغا بېرىشتە مەزكۇر ماقالە چەكلىك دەرىجىدە قىسقارتىلىپ، ئۆزلەشتۈرۈپ تەرجىمە قىلىندى. لېكىن ئەسلى پىكىر، مەناغا قىلچە تەسىر يەتكۈزۈلمىدى. ئوقۇپ قويۇڭ، ئاغلىق ياشاش ئۈچۈن پىكىرنى

سادا

ئېچىشقا ياردىمى تېگەر.

* * *

بۇنىڭدىن بىر قانچە كۈن ئىلگىرى ئىككى خىزمەتدىشىم بىلەن يېمەك-ئىچمەك توغرىسىدا پاراڭلىشىپ قالدۇق. نېمە ئۈچۈندۇر ، پاراڭ بېرىپ-بېرىپ مۈشۈك ئۈستىدە توختىلىپ قالدى. نەنجىڭدا مۈشۈك گۆشىدە تاماق ئېتىپ ساتىدىغان رېستوران بار ئىكەن، تاپاۋىتى ناھايىتى ياخشى ئىكەن. بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ شۈركىنىپ كەتتىم. مەن ئەزەلدىن مۈشۈككە ئامراق ئىدىم. باققان مۈشۈكۈمنى خۇددى ئارزۇلۇق بالامدەك ياخشى كۆرەتتىم؛ قايەرگە باراي مۈشۈكنى كۆرۈپ قالسام گويا بالام بار يەسلىدىكى ئوماق بالىلارنى كۆرگەندەك بولاتتىم. مۈشۈك باقمىغان ئادەمدە بۇنداق ھېسسىيات بولماسلىقى مۇمكىن. قانداقلا بولمىسۇن، مۈشۈك ھەر ھالدا بىز ئىنسانلارغا پايدىلىق. قورساقنى بىرۋاخ مەززە قىلىپ تويغۇزۇش ئۈچۈن پايدىلىق ئىرمەكنىڭ - دوستىنىڭ جېنىغا زامىن بولۇپ، ئۇنى بوغۇزلىسا

، تولىمۇ رەھىمسىزلىك ـ ئىنسابسىزلىق بولماسمۇ؟ ! مۇھىتنى ئاسرايلى، جان-جانىۋارلارنى ئاسرايلى، دەپ ئەتىدىن كەچكىچە توۋلايمىزيۇ، ئۆز ئۆيىمىزدە بېقىلىۋاتقان مۈشۈكنىمۇ ھام قىلىپ يەۋەتسەك ، ئەلۋەتتە مېھرىمىز چۈشمىگەن ، ئىرمەك بولمىغان مەخلۇقلارنى ئاسرايلى دېگىنىمىز قۇرۇق گەپ ئەمەسمۇ؟ ئۆزىنىڭ ئىجىل ـ ئىرمەك بولۇپ تۇرغان دوستىغا زىيانكەشلىك قىلغان ئادەمدىن يات ئادەمگە ياردەم بېرىدۇ دەپ ئۈمىد كۈتكىلى بولارمۇ؟

يىلان گۆشىنى يېيىش ئادەت بولۇپ كەتكەنگە ئوخشاش ،مۈشۈك گۆشىنى يەيدىغان قەبىھ ئادەتمۇ يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان گۇاڭدۇڭدا كەڭ ئومۇملىشىۋاتقان «يېمەك-ئىچمەك مەدەنىيىتى» بولۇپ قالدى. گەپ توغرا كېلىپ قالغاچقا ،بۇ يەردە مۇنداق بىر ئىشنى قىستۇرۇپ ئۆتكۈم كەلدى. بۇنىڭدىن تەخمىنەن يېرىم يىل ئىلگىرى مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ «دىققەت مەركىزى توغرىسىدا سۆھبەت» پروگراممىسىدا گۇاڭجۇدا يۈز بەرگەن چاشقان دورىسىنى يەپ سېلىش بىلەن ئادەم ئۆلگەنلىكى توغرىسىدا خەۋەر بېرىلدى. گۇاڭجۇدا چاشقان مىغىلداپ كېتىپتۇ، ئادەتتىكى چاشقان دورىلىرى ھەرقانداق زەھەردىن قورقماس بولۇپ كەتكەن چاشقانغا كارقىلماپتۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن چاشقان دورىسى ياسايدىغان بەزى زاۋۇتلار زەھىرى كۈچلۈكرەك چاشقان دورىسى ياساپتۇ. ئۇلار چاشقان تادانلىق قىلىپ يېمەي قويارمىكىن، دەپ چاشقان دورىسىنى قەن-گېزەككە ئوخشاش ناھايىتى تاتلىق قىلىپ ياساپتۇ، نەتىجىدە چاشقانلار ئۇۋۇلىشىپ يېگىچە، كىچىك باللار تاتلىق كەمپىت ئىكەن، دەپ يەۋاپتۇ. تېلېۋىزور ئېكرانىدا ئارزۇلۇق پەرزەنتىدىن ئايرىلىپ قالغان ئەر-خوتۇن ئىچ ئاغرىقىدا يىغلاپ تۈگىشىپ كەتتى. تېلېۋىزوردىن كۆرۈپ ئولتۇرۇپ، ئېكراندىكى پروگراممىا مەسئۇلى گەپنى چالا قىلدى، دەپ ئويلاپ قالدىم. گۇاڭدۇڭدىكى چاشقان ئاپىتىنىڭ زادى قانداقلىقىنى بىلمەيمەن، ئۇ يەرگە بېرىپ كۆرگىنىم يوق. تېلېۋىزوردىكى كۆرۈنۈشلەردىن قارىغاندا، «يامراپ -مىغىلداپ» كەتتى دېگەن سۆز بىلەن تەسۋىرلىمەي بولمايدىغان دەرىجىگە يەتكەندەك تۇرىدۇ. ئۇنداق بولمىسا، ئادەتتىكى تاختا مۈشۈك ياكى ئادەتتىكى چاشقان دورىسى كارغا كەلگەن بولاتتى. شۇنچە ئاۋارە بولۇپ باش قاتۇرۇپ، تاتلىق چاشقان دورىسى ياساشقا ھاجەت قالماس ئىدى.

گەپ شۇ يەردە: چاشقان نېمە ئۈچۈن شۇنچە يامراپ كېتىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن شۇنچە نەسىللەپ ئاۋۇپ كېتىدۇ؟ مېنىڭچە بۇنىڭ سەۋەبى مۇنداق بولسا كېرەك؛ گۇاڭجۇدا ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇق بۇزۇلغان، ئۇ يەردە چاشقاننىڭ كۈشەندىسى قالمىغان، شۇڭا چاشقانلار غەم-ئەندىشىسىز ياشىغان ھەمدە پۇشتىنى بىخارامان كۆپەيتكەن. چاشقاننىڭ كۈشەندىسى نېمە؟ بۇ سوئالغا جاۋاب بېرەلمەيدىغان ئادەم بولمىسا كېرەك: مۈشۈك، يىلان، قۇش (ئاساسەن مۈشۈكياپىلاق) . قۇشلارتاغدا، ئورمانلىقتا ياشايدۇ. گۇاڭدۇڭدا ئورمان ئانچە زىچ بولماسلىقى مۇمكىن، شۇنىڭ ئۈچۈن قۇش كۆپ بولمىسا كېرەك؛ لېكىن مۈشۈك ۋە يىلان كۆپ ئىكەن. ئۇنداق بولسا، چاشقاننىڭ بۇ ئىككى خىل كۈشەندىسى نېمە ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ تەبىئىي بۇرچىنى ئادا قىلمايدۇ؟ ھەقىقەتەن ئۇلارنىڭ ئۆز بۇرچىنى ئادا قىلغۇسى بار، بىراق ئۇلار چاشقاننى تۇتقۇچە ئۆزلىرى گۇاڭدۇڭلۇقلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ ئۆلتۈرۈلۈپ ئۇلارنىڭ داستىخاندىكى مەززىلىك تائامىغا ئايلىنىپ كېتىدىكەن. گۇاڭدۇڭنىڭ مۈشۈكلىرىنى ، يىلانلىرىنى گۇاڭدۇڭلۇقلار يەپ كېتىۋاتسا، گۇاڭدۇڭنىڭ چاشقانلىرى بولىشىچە كۆپەيمەي، ئۆز مەيلىچە زىيان سالماي قالارمۇ؟ گۇاڭدۇڭلۇقلار چاشقانلار قوشۇنىنىڭ زورىيىشىغا پانا بولغانىكەن، ئۆزلىرى چاشقان ئاپىتىنىڭ دەردىنى تارتىشى تەبىئىي. شۇنىڭ ئۈچۈن چاشقان دورىسى ئۈستىدە باش قاتۇرۇپ، قىلمىغانلىرى قالمىغان. ئاخىر پېشكەللىك يۈز بەرگەن. يېڭى دۇنياغا ئەمدىلا قەدەم باسقان بىغۇبار نارەسىدە بالا چاشقان دورىسىدا ئەجەلسىز ئۆلگەن. ئىست! لېكىن گۇاڭدۇڭلۇقلار شۇنداق پېشكەللىكلەرگە ئۇچراپمۇ ( تېلېۋىزوردىكى پروگراممىغا قارىغاندا بۇنداق ھادىسە بىر قانچە قېتىم يۈز بەرگەن . تېلېۋىزوردىكى پاجىئەلىك ئۆلگەن بالا شۇنداق ئۆلگەنلەرنىڭ بىرىنچىسى ئەمەس ئىكەن) ھوشىنى تېپىش، يامان ئادىتىنى ئۆزگەرتىش بۇياقتا تۇرسۇن، « مۈشۈك، يىلان يېيىش مەدەنىيىتى» نى داۋاملىق نۇرلاندۇرماقتا، ئومۇملاشتۇرماقتا. جەنۇبتىن تەرەپ بۇ «مەدەنىيەت» نى مەملىكەت سىرتىغ كېڭەيتمەكتە. ۋېيتنامدا چاشقان ئاپىتى خەلق ئىگىلىكىگە ئېغىر زىيان سالغان، بۇنىڭ مۇھىم سەۋەبلىرىدىن بىرى ئۇ يەردىكى مۈشۈك ۋە يىلانلارنى شۇ يەردىكى گۇاڭدۇڭلۇق جۇڭگو مۇھاجىرلىرى يەپ كەتكەن ياكى ئۇلار تۇتۇپ گۇاڭدۇڭغا ئەكىلىپ گۇاڭدۇڭلۇقلارغا يېمەك قىلىپ ساتقان. گۇاڭدۇڭلۇقلارنىڭ بۇ «مەدەنىيەت» نى قەيەرلەرگىچە كېڭەيتكەنلىكى پېقىرگە نامەلۇم، لېكىن يۇرتىمىز نەنجىڭدا مۈشۈك گۆشى رېستورانلىرى پەيدا بولۇپ قالدى.

نەنجىڭلىقلارمۇ پاتئارىدا گۇاڭدۇڭلۇقلارغا ئوخشاش كۈنگە قالارمۇ؟ ئەتىدىن كەچكىچە چاشقان بىلەن ھەمراھ بولۇپ، غەم-قايغۇغا چۆكەرمۇ؟ ئېھتىيات قىلمىسا ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرى شېكەردەك تاتلىق چاشقان دورىسىنى ئاغزىغا سېلىۋالارمۇ؟ ئۇنداق كۈنگە قېلىشنى خالىمىسا، شۇنداق بەدبۇي «يېمەك-ئىچمەك مەدەنىيىتى» نى نېمىشقا قەتئىي توسۇمايدۇ؟ نېمىشقا ئىجىل-ئىرمەك دوستىمىزنى قىرىپ تاشلايدىغان مۈشۈك گۆشى رېستورانلىرىنى پاتراق تاقاتقۇزمايدۇ؟ !

---

توختى باقى (ئارتىشى) : ئاتاقلىق تەرجىمىشۇناس، شىنجاڭ لۇشۇن تەتقىقاتى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى(M1)

ئۇيغۇر كىتابخۇمار
www.uyghurkitap.com



# داۋام قىلىۋاتقان تراگېدىيە

ئابدۇخالىق ئابدۇروسۇل

مەلۇمكى، بىر مىللەتنىڭ ئۆزى بىلەن بىر زېمىندا ياشاۋاتقان باشقا مىللەتلەر بىلەن تەڭ-باراۋەر ئورۇندا تۇرۇپ، ئورتاق گۈللەپ-ياشناپ، ئۆز ئۆرپ-ئادىتى، مىللىي غۇرۇرى، مەدەنىيىتى، زېمىن پۈتۈنلۈكىنى مۇكەممەل ساقلاپ تارىخ سەھنىسىدە تەڭ مەۋجۇد بولۇپ تۇرالىشى ئۈچۈن شۇ مىللەتنىڭ مۇكەممەل، سىستېمىلىق تارىخنامىلىرى، شۇنىڭغا مۇناسىپ تارىخىي ۋە ئىلمىي قىممەتكە ئىگە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى يېتەرلىك بولۇشى تولىمۇ زۆرۈر. بولمىسا مەزكۇر مىللەتنىڭ تارىخى ھەرگىزمۇ ئاغزىغا كەلگەننى بىلجىرلايدىغان تېتىقسىز نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

ئۇيغۇرلار تارىختىن بۇيان ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشاپ كەلگەن مىللەتلەر ئارىسىدا ھەممىدىن بۇرۇن مەدەنىيەت دەۋرىگە كىرگەن قەدىمىي شۆھرەتلىك خەلقتۇر. ئەجدادلىرىمىز مىڭ يىللار بۇرۇنلا ئالەمگە مەشھۇر، قۇدرەتلىك خانلىقلارنى قۇرغان ۋە يۇرتىمىزنى دۇنيامەدەنىيىتىنىڭ مەركەزلىرىدىن بىرىگە ئايلاندۇرۇپ، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى ئۈچۈن بىقىياس-كاتتا تۆھپىلەرنى قوشقانىدى. ئەپسۇسكى، يېقىنقى ئون ئەسىردىن بۇيانقى ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدا يۈز بەرگەن بىر قانچە قېتىملىق تراگېدىيىلەر خاس ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتىگىلا ئەمەس، بەلكى ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگىمۇ پاجىئەلىك ۋەيرانچىلىقلارنى ئېلىپ كەلدى.

1. ئۇيغۇرلار ئۆز تارىخىدا شامان دىنى، مانى دىنى، ئاتەش دىنى، بۇددا دىنى، ئاخىرىدا ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلدى. ئۇيغۇرلار بۇددا دىنىدىن ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىن، بۇددا دىنىنىڭ تەسىرىنى زېمىندىن ھەم ئادەملەر قەلبىدىن پاك-پاكىز ئادالاش ئۈچۈن، خەلقىمىزنىڭ يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە كامالەتكە يەتكەن ئەقىل ئىدرىكى بىلەن تەمىر قىلغان بۇددا ئىبادەتخانىلىرى ۋە ئالەمگە مەشھۇر گۈزەل سەنئەت سارايلىرى بولمىش مىڭئۆيلەر رەھىمسىزلەرچە ۋەيران قىلىندى؛ بىھېساب ئىلمىي، تارىخىي، ئەدەبىي كىتابلار كۆيدۈرۈلدى. گەرچە بۇ پاجىئەلەر ھەققىدە ئېنىق سانلىق مەلۇماتلار بولمىسىمۇ، قەدىم تارىختىن ھازىرغىچە دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ شۆھرەتلىك گۈلتاجلىرى ۋە نامايەندىلىرى بولۇپ كېلىۋاتقان «بېزەكلىك مىڭئۆي»، «قىزىل مىڭئۆي»، «قۇمتۇرا مىڭئۆي»، «سىم-سىم مىڭئۆي» لەرگە ئوخشاش مۆجىزىلىك مىڭئۆيلەرنى بەرپا قىلغان بىر مىللەتنىڭ بۇددىزم ھەم بۇددىزمدىن بۇرۇنقى

ئەسەرلىرى يالغۇز «ئوغۇزنامە»، «تۇرپان شېئىر-قوشاقلىرى»، «مايترى سىمىت»، «چاشتانى ئىلىك بەگ»، «ئالتۇن يارۇغ»، «ئىككى تېكىننىڭ ھېكايىسى» قاتارلىق بىرقانچە ئەسەر بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدىغانلىقىغا ئىشەنچىم كامىل.

ئۇيغۇرلارنىڭ بۇددا دىنىدىن ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشقا ئۆتۈشى دىنىي ئېتىقادنى يېڭىلاش ۋە ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى گۈللەندۈرۈشتە غايەت زور دەۋر بۆلگۈچ رول ئوينىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇيغۇرلارنىڭ بۇددىزىم دەۋرىدە كامالەتكە يېتىپ، دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ ئالدىنقى قاتارىدىن ئورۇن ئالغان رەسساملىق، ھەيكەلتىراشلىق ھۈنەر-سەنئىتىنىڭ زور دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىشى ۋە ھالاكەتكە سەۋەبچى بولدى. بۇددا دىنىدىن ئىسلام دىنىغا يېڭىلا ئۆتكەن ئۇيغۇرلارنىڭ نەزىرىدە رەسىم سىزىش، ھەيكەل ياساشلار بۇددا مەدەنىيىتى ھېسابلانغانلىقى ئۈچۈن ، بۇ سەنئەتلەر ئىسلام ئېتىقادىنىڭ كۈچلۈك چەكلىمىسى نەتىجىسىدە تەدرىجىي قالدى.

بۇددىزىم دەۋرىدە ئۇيغۇرلاردىن ۋايساباجىنا، ۋايسا ئىراساتكا، ساۋجوڭدا، دىھارماچىنلاردەك ئۆز دەۋرلىرىدە دۇنياغا تونۇلغان مەشھۇر رەسساملار يېتىلىپ چىققانىدى. ئۇلار قوشنا ئەللەر پادىشاھلىرىنىڭ ئالاھىدە تەكلىپ قىلىشى بىلەن ئۇلارنىڭ خاس ئىبادەتخانىلىرى ۋە ئوردىلىرىغا ئاجايىپ نەپىس - گۈزەل رەسىملەرنى سىزىپ بېرىپ ۋە ئۇ ئەللەردە قانچىلىغان ماھىر شاگىرتلارنى تەربىيىلەپ قالتىس ھۆرمەت-ئېتىبارغا، كاتتا نام-نىشانغا مۇشەررەپ بولغان ياكى ھازىرقى مودا تىلىمىز بويىچە تەرىپلىگەندە ئاشۇ دەۋرلەردىكى «دۇنيا رەسىم پادىشاھى» بولغانىدى. ئەگەردە ئۇيغۇرلارنىڭ رەسساملىق، ھەيكەلتىراشلىق ئىلىملىرى كېيىنمۇ بۇددىزىم دەۋرىدىكىدەك توسالغۇسىز - ئەركىن تەرەققىي تاپقان بولسا ئىدى، ھازىر دۇنياغا مەشھۇر بولۇپ كېلىۋاتقان لىئوناردوداۋىنچ، ۋانگوكلارنى بېسىپ چۈشكۈدەك داڭلىق رەسساملار 15-ئەسىردىن بۇرۇنلا ئۇيغۇرلار-دىن تۈركۈملەپ يېتىشىپ چىقىپ، دۇنيا بويىچە ئالدىنقى قاتارنى ھېچكىمگە بەرمەسلىكى شەكسىز ئىدى.

ئەپسۇسكى، مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە بولغان مىڭ يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە دۇنيا ئېتىراپ قىلغۇدەك بىرەر داڭلىق ئۇيغۇر رەسسام ياكى ھەيكەلتىراشنىڭ چىقماسلىقى بىز ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى ئەجدادلىرىمىز ئەقىل-پاراسىتىنىڭ جەۋھەرلىرى بولغان مىڭئۆيلەردىكى گۈزەل، جانلىق، مول مەزمۇنلۇق تام رەسىملىرى، سەنئەت تۇسىگە باي بەستلىك، نازاكەتلىك كۆركەم ھەيكەللەر ھەم بۇلارنى ياراتقان ماھىر ، قولى گۈل، ئەقىل-پاراسەتلىك ئەجدادلار ئۈچۈنمۇ نومۇس!

2. 1514-يىلى قۇرۇلغان سەئىدىيە خانلىقى 1679-يىلى ئىسلامىيەتنىڭ ئەشەددىي ئاسىيسى ئافاق خوجا ۋاستىچىلىقىدىكى جۇڭغار ھەربىي فېئودال خانلىقىنىڭ خانى غالدان قونتەيجى قىسىملىرى تەرىپىدىن قانغا پاتۇرۇلغاندىن كېيىن، ئافاق خوجىچىلار پۈتكۈل خانلىق تەۋەسىدە مەدەنىيەت، مائارىپ، ئەدەبىيات-سەنئەت، مۇزىكا، ناخشا-ئۇس-سۇل، گۈزەل سەنئەت، تىياتىر، سىركچىلىك، تىبابەتچىلىك، مەتبەئەچىلىك، تەرجىمە، خەتتاتلىق. . . تەك بارلىق ئىلمىي پائالىيەتلەرنىڭ ھەممىسىنى قەتئىي مەنئىي قىلدى. پۈتكۈل جەمئىيەتتە «قۇرئان» ۋە «ھەپتىيەك» تىن باشقا بارلىق يېزىلما ئەسەرلەر - ئاسترونومىيە، ماتېماتىكا، پەلسەپە، تىبابەتچىلىك، ئەدەبىيات، تارىخقائائىت ئەسەر - كىتابلار كۆيدۈرۈۋېتىلدى، يوق قىلىپ تاشلاندى، ئىلىم -مەرىپەت ئورۇنلىرى بۇزۇۋېتىلدى ۋە چەكلەندى. ئالىم، ئەدىب، سەنئەتكارلار ۋەھشىيلەر-چە قىرغىن قىلىندى. نەتىجىدە، كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىرلەر ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە بالايى-ئاپەت ئېلىپ كەلگەن ئۈچ ئەسىرگە سوزۇلغان خوجا-ئىشانلار جاھالەتچىلىكى ھۆكۈم سۈردى.

3. 1840-يىلىدىن 1949-يىلىغىچە بولغان بىر ئەسىردە گېرمانىيە، ھونگىرىيە، رۇسىيە، ئامېرىكا، ياپونىيە، فرانسىيىلەرنىڭ ئېكسپېدىتسىيىچىلىرى تۇرپان، قۇمۇل، ئاقسۇ، كۇچا، قەشقەر، خوتەن، لوپنۇرلاردەك ئۇزۇن تارىخقا ئىگە مەدەنىيەتلىك يۇرتلىرىمىزدا كەڭ كۆلەملىك قىدىرىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشتى؛ مىڭئۆيلەرۋە تەكلىماكاندىكى چەكسىز قۇم بارخانلىرى ئاستىدا كۆمۈلۈپ ياتقان قەدىمىي شەھەر خارابىلىرىدە ساقلىنىۋاتقان بىباھا ئاسار-ئەتىقە، يادىكارلىقلارنى، قىممەتلىك قولىيازما، تارىخىي ھۆججەتلەرنى، پۈختا-ئەينەن ساقلانغان گۈزەل، نەپىس تام رەسىملىرى ۋە بۇددا ھەيكەللىرىنى ئوغرىلاپ، ھېچبىر توسالغۇسىزلا ئۆز دۆلەتلىرىگە ئېلىپ چىقىپ كېتىشتى. ئۇلار يارغول، ئىدىقۇت، كىرورەن، نىيا، قاراخوجا، بەشبالىق قاتارلىق نەچچە ئون داڭلىق قەدىمىي شەھەرلەرنىڭ خارابىلىرىنى ئالا قويماي قىدىرىپ، قولىغا چىققانلىكى يادىكارلىقنى ئېلىپ قۇرۇغداپ قويغاننى ئاز دەپ، قىزىل، سىم-سىم، قۇمتۇرا، بېزەكلىك. . . مىڭئۆيلىرىدىكى تام رەسىملىرىنىمۇ ئەڭ ئېسىللىرىنى تاملاردىن قومۇرۇۋېلىشتى. نەتىجىدە بىر پارچىسىنى قومۇرۇۋېلىش ئۈچۈن بىرنەچچە پارچىسىنى بۇزۇپ ۋەيران قىلىشتى. بۇددا ھەيكەللىرىنىمۇ ئېلىپ كېتىشكە مۇمكىن بولغانلىرىنى ئېلىپ، ئېلىپ

www.uyghurkitap.com

كېتەلمىگەنلىرىنىڭ بېشىنى كېسىۋېلىشتى. مەدەنىيەت قاراقچىلىقىنىڭ گۇۋاھسى سۈپىتىدە بۇنىڭ دەلىللىرى ھېلىمۇ مىڭۈيلىرىمىزدە ساقلىنىپ تۇرماقتا. بۇ يىللاردا چېرىكلەشكەن ۋە قىلىچىدىن قان تامغان مۇستەبىت ھۆكۈمرانلار بۇ مەدەنىيەت قاراقچىلىرىنى چەكلەش تۇگۇل ئۇلاردىن پارا يەپ، ئۇلارغا يول قويۇپ، بىھېساب مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىمىزنى چېگرىدىن بىمالال ئاچىقىپ كېتىشكە بىۋاستە ياردەمدە بولغانلىقى، ئېغىر مىللىي زۇلۇم ۋە ئاچ-يالىڭاچلىق دەستىدە ۋەتەن تۇيغۇسى ئۆلگەن بەزى نادان، نامرات، بىقۇۋۇل كىشىلىرىمىزنىڭ بىر بۇردانان، بىر قانچە يارماق پۇل ئۈچۈن ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئۇلارغا يول باشلاپ، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قېزىپ تېپىپ، بۇ كەلگىندىلەرنىڭ ئالقانلىرىغا سېلىپ بەرگەنلىكى مۆھتىرەم ئوقۇرمەنلىرىمىزگە سىر ئەمەس، ئەلۋەتتە.

4. 1966-يىلى پۇتكۇل جۇڭگو زېمىنىدا باشلانغان مەدەنىيەتكە قارشى قاباھەت تەلۋىلىك - «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا تارىختىكى ئۈچ قېتىملىق مەدەنىيەت پاجىئەسىدىن ئامان قالغان گۆھەرلەر - بارلىق قەدىمكى كىتاب - ئەسەرلەر، جۈملىدىن «قۇرئان كەرىم» ۋە ئىسلام مەدەنىيىتىگە ئائىت نۇرغۇن نادىر كىتاب - يازمىلار، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ نەمۇنىلىرى «تۆت كوننى يوقىتىش» نامى ئاستىدا ۋەھشىيلەرچە كۆيدۈرۈپ تاشلاندى.

مەن مەرھۇم دادامدىن 1966-يىلى يۈز بەرگەن مۇنداق بىر پاجىئەنى ئاڭلىغانىدىم:

قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ يامانيار يېزىسىغا چۈشكەن خىزمەت ئەترىتى شۇ يېزىدىكى بىر دېھقاننىڭ ئۆيىدە نۇرغۇن قەدىمىي كىتابلارنىڭ بارلىقىنى سېزىپ قالغان. ئۇلار دېھقانغا سىيلىق-سىپايە گەپلەر بىلەن نەسىھەت قىلىپ، كىتابلارنى ئۆز ئىختىيارى بىلەن خىزمەت ئەترىتىگە تاپشۇرۇپ بېرىشكە كۆندۈرەلمىگەندىن كېيىن، قول چوماقچىلىرىنى ئىشقا سېلىپ بىرەر يۈز پارچىغا يېقىن تۇرلۇك قەدىمىي كىتابنى بۇلاپ ئاچىقىپ، كىتاب ساقلىغۇچى دېھقاننىڭ كۆز ئالدىدا كۆيدۈرۈۋەتكەندىن سىرت، بۇ كىتابلارنى ساقلىغان «گۇناھى» ئۈچۈن ئاما ئالدىدا كۆرەشكە تارتىپ، تىللاپ دۇمبالىغان. چېكىدىن ئاشقان ساراڭلارچە تەتۈر سىياسەت ھەم بۇ سىياسەتنى ئىجرا قىلغۇچى ئازغۇن، ئۆپكىسى يوق سىياسىي غالچىلارنىڭ قاتتىق بېسىمى ئاستىدا ئاتا-بوۋىلىرىدىن تارتىپ ئەۋلادتىن ئەۋلادقا قالدۇرۇپ، ئەتىۋارلاپ ساقلاپ كېلىۋاتقان قىممەتلىك كىتابلارنى قوغداپ قېلىشقا ھېچ چارىسىز قالغان 65ياشلىق بۇ ۋىجدانلىق بوۋاي شۇ كېچىسى سىرتماقا ئېسىلىپ ئۆلۈۋېلىش ئارقىلىق تەلۋىلىك، نادانلىق ۋە قاباھەت تەتۈر قىسمەتكە بولغان غەزەپ-نەپرىتىنى بىلدۈرگەن.

مەن يەنە 1994-يىلى سىنتەبىردە ئاتۇشتىكى بىر دوستۇمدىن ئاتۇش-ئۇرۇمچى تاشيولىنىڭ شىمالىي تاغ باغرىدىكى بىر كىچىك ئۆڭكۈردە بىر تۈركۈم قەدىمىي كىتابلارنىڭ بارلىقىدىن خەۋەر تېپىپ ئۇ يەرگە بارغانىدىم. قارىسام، كىتاب يوشۇرۇلغان بىر يېرىم كۋادىرات مېتىر چوڭلۇقتىكى بۇ ئۆڭكۈر بىر تاقىر تاغنىڭ يان باغرىغا جايلاشقان بولۇپ، ئىچى كونا كىتابلارنىڭ شىغىل توپىغا ئارىلىشىپ كەتكەن ئۇششاق پارچىلىرى بىلەن توشۇپ كەتكەنىكەن. خېلىلا ئىنچىكىلەپ قېزىپ باققان بولسامۇ، بىرەر ۋاراق ساق بەتنى تاپالمىدىم. كىتاب پارچىلىرىدىن قارىغاندا، بۇ جايغا ئون پارچىدىن كۆپرەك كىتاب يوشۇرۇلغان بولۇپ بىر پارچە رۇبائىيلار توپلىمى، بىر پارچە مېھمان كۈتۈش ئادەتلىرى توغرىسىدىكى كىتاب، بىر پارچە شېئىرلار توپلىمى، يەنە بىرسى جەڭنامە، قالغانلىرى «قۇرئان كەرىم» دەك قىلاتتى. قارىشىمچە، بۇ كىتابلارنىڭ ئىگىسى بۇ گۆھەرلەرنى 1966-يىلىدىكى ئاشۇ سىياسىي قارا قۇيۇندىن ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن سولىياۋغا پۇختا ئورىغاندىن كېيىن تاغ باغرىدىن ئۆڭكۈر قېزىپ يوشۇرۇپ، ئېغىزىنى ئېتىۋەتكەندەك قىلاتتى. ئەمما كېيىن كىتاب يوشۇرغۇچى كىتابلىرىنى ئېلىپ كېتىشكە ئۈلگۈرمىگەن بولسا كېرەك. بۇنىڭ ھىدىنى ئېلىپ قالغان باشقا بىرسى بۇ ئۆڭكۈردىن ئالتۇن-تىللا تېپىش نىيىتىدە ئۆڭكۈر ئاغزىنى ئېچىپ، كىتابلارنى پۈتۈنلەي قالايمىقان قىلىۋەتكەن. ئۆڭكۈر ئاغزىنىمۇ ئوچۇق قويۇپ كېتىپ قالغان. بۇ بايلىق ئوغرىسى تاپمەن دېسىلا قاچانلا بولمىسۇن تاپقىلى بولىدىغان بايلىقنى تاپقان بولۇشى مۇمكىن، ئەمما ئۇ نىيەت قىلىپمۇ تاپقىلى بولمايدىغان ھەقىقىي بىباھا بايلىقنى بولسا، كوچىدىكى ئەخلەتتەك پەرۋاسىزلارچە تاشلاپ كەتكەن. نەتىجىدە تاغ ئۈستىدىن چۈشكەن يامغۇر سۇلىرى ئۆڭكۈر ئىچىگە توشۇپ كىتابلارنى پۈتۈنلەي چىرىتىۋەتكەن. بۇمۇ ئاز كەلگەندەك، تاغقا ئوينىغىلى چىققان ئۇششاق باللارمۇ بۇ يەرنى قالايمىقان كولاپ ئوينىغان. كىتابلارنىڭ ھەممىسى قولىيازما بولۇپ، سېرىق خوتەن قەغىزىگە چىغىتاي، پارس، ئەرەب يېزىقلىرىدا يېزىلغان. كىتابلار نەچچە ئون يىلدىن بېرى قار-يامغۇر سۇلىرىغا نەچچە يۈز قېتىملاپ چىلىنىپ، ئېزىلىپ كەتكەن بولسىمۇ، خەت يېزىش ئۈچۈن ئىشلەتكەن سىيا پەقەتلا بۇزۇلمىغان. رەڭ تۇزىغان، تاراپ كەتكەن يەرلەرنى ھەرگىز تاپقىلى بولمايدۇ. خەت ناھايىتى ئۇششاق يېزىلغان بولسىمۇ، بەكمۇ كۆركەم ھەم چىرايلىق.

ئەمدى ئەسلى گېپىمىزگە كەلسەك، ئۇيغۇر

مەدەنىيەت تارىخىدا تەكرار يۈز بەرگەن مانا مۇشۇنداق ئېچىنىشلىق تراگېدىيىلەر تۈپەيلىدىن، تارىختا سەلتەنەتلىك خانلىقلارنى قۇرۇپ ئىنسانىيەت تەرەققىياتىغا كاتتا تۆھپىلەرنى قوشقان بىر مىللەت تارىخىنىڭ نۇرغۇن بەتلىرى ئاق قالدى. بۇنداق ئەھۋالدا بۇ ئاق بەتلەرگە مەيلى كىم قانداق تارىخنى يازسا بىمالال توقۇپ يېزىشى، ھەتتا ئالىم - ئەدىبلىرىمىز ۋە ئۇلار ياراتقان مۆجىزاتلارنىمۇ ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىشى تۇرغان گەپ.

قىسقىسى، ئۆزىنىڭ تارىخى تەرەققىيات جەريانى ئېنىق بولمىغان بىر مىللەتنىڭ تەقدىرى ئوۋچىلىق رايونىدىكى تىپىك ئوۋ ئوبيېكتى بولۇپ قالغان ياۋايى ھايۋانلارنىڭ تەقدىرى بىلەن پۈتۈنلەي ئوخشاش! خوش، بىز مەدەنىيەت تارىخىمىزدىكى يۇقىرىقى تراگېدىيىلەرنىڭ قىلىچىدىن قان تامغان فېئودال مۇستەبىتلەر، جاھالەتچى سوپى-ئىشانلار، چەت ئەل مەدەنىيەت قاراقچىلىرى ۋە جۇڭگو زېمىنىدا ھۆكۈم سۈرگەن ئەشەددىي سولچىل سىياسەتلەر ۋە خەلقىمىزنىڭ نادان - بىغوۋۇللۇقىدىن كۆرەيلى، ئىلىم-پەن، مەدەنىيەت-مائارىپ يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي تاپقان بۈگۈنكى جەمئىيەتتە بۇ تراگېدىيىلەرنىڭ يەنە داۋام قىلىۋاتقانلىقىنى ئەمدى كىمدىن كۆرگۈلۈك؟! يىغلايلىمۇ؟ كىملەرگىدۇر دۆڭگەپ قويۇپ بىپەرۋا يۈرۈۋېرەيلىمۇ؟

ياق!

بىزگە مەلۇم، «ئىككىنچى بۇخارا» دەپ شۆھرەتلەنگەن ئەزىزانە قەشقەر دۇنياغا مەشھۇر قەدىمىي شەھەرلەرنىڭ بىرى. بۇ شەھەرى ئەزىم تارىخنىڭ تالاي-بوران چاپقۇنلىرىنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ، قانچە قېتىملاپ گۈللىنىپ روناق تېپىپ ۋە قانچە قېتىملاپ ۋەيران بولۇپ سىيرىپ سۈپۈرۈلۈپ، شەھىدلەرنىڭ ئادالەت، ئەركىنلىك ئۈچۈن ئاققان دەريا-دەريا قانلىرى، غېرىب-مىسكىنلەرنىڭ بىھېساب ئاچچىق كۆز ياشلىرىنى ئۆز تۇپرىقىغا سىڭدۈرۈپ كەلگەن بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ پارلاق قەدىمىي ئوبرازى ۋە غورۇرىنى يوقاتماي، بۈيۈك مەدەنىيەت، ھۈنەر-سەنئەت ئاستانىسى سۈپىتىدە ئۆز قوينىدا تارىخىمىزنىڭ گۇۋاھچىسى بولغان قەدىمىي، بىقىياس كاتتا ئاسار-ئەتىقىلەرنى ۋە ئەجدادلار ئەقىل-پاراسىتىنىڭ جەۋھەرلىرىنى ساقلاپ كەلمەكتە..

«ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش» تىن بۇيان كۆپلىگەن چەت ئەللىك ساياھەتچىلەر، تۇغقان يوقلىغۇچىلار، تىجارەتچىلەر قەشقەرگە زور قىزىقىش بىلەن كېلىشكە باشلىدى. ئۇلارنىڭ تۈركۈملەپ كېلىشى گەرچە قەشقەرنىڭ ساياھەتچىلىك، سودا-سېتىق ۋە چەت ئەللەر بىلەن بولغان باردى-كەلدىسىنى كۈچەيتىشتە پايدىلىق رول ئوينىغان بولسىمۇ، ئەمما ئاخىرقى ھېسابتا، ئۇيغۇر يېقىنقى زامان مەدەنىيەت تارىخىدىكى تراگېدىيىلەر قايتىدىن تەكرارلىنىپ، بەزى چەت ئەللىكلەرنىڭ قولى يەنىلا ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز تۇپرىقىدا تۇرۇپ قىممىتىنى يوقىتىپ، ئىگىسىز قالغان قەدىمىي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىغا سوزۇلدى. مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش ئورۇنلىرى بولسا، يەر ئاستىدىكىنى قېزىش بىلەن بولۇپ، يەر ئۈستىدىكىلىرى ۋە ئەركىن بازارلاردىكىسىنى ئۇنتۇپ قالدى.

ھەممىدىن بۇرۇن پاكىستانلىق تىجارەتچىلەر قەشقەرنىڭ ئالدى-ئارقا كوچىلىرىدا قاتراپ يۈرۈپ، شەھەرلىكلەرنىڭ ئۆيلىرىدە ساقلىنىۋاتقان نەچچە يۈز يىللىق قەدىمىي گىلەملەرنى سېتىۋېلىپ، چېگرىدىن بىمالال ئاچىقىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ھەرىكەت دائىرىسى چەكلىك بولغاچقا، بۇھال شەھەردىكى نىمە پۇل بولسا، شۇنى ئېلىپ ساتىدىغان بىر قىسىم كىشىلەرگە كەڭ بازار ئېچىپ بەردى. ئۇلار يېزىلاردا لالما ئىتتەك تىمىسقىلاپ يۈرۈپ، دېھقانلارنىڭ قولىدا ساقلىنىپ قالغان قەدىمىي گىلەملەرنىمۇ يىغىۋېلىپ، پاكىستانلىق سودىگەرلەرگە ھايىنىغا ساتتى. تۈكلىرى چۈشۈپ، رەڭگى ئۆڭۈپ كەتكەن بىر پارچە كونا گىلەمنىڭ پۇلىغا ھازىرقى زامان مودا گىلەمدىن بىرقانچىنى سېتىۋالغىلى بولغاچقا، بىزنىڭ بەزى نادان كىشىلىرىمىز، ھەتتا خېلى ئوقۇمۇشلۇق دۆلەت كادىرلىرىمۇ كۆز ئالدىدىكى ئازغىنە نەپنى دەپ، بۇ گىلەملەرنىڭ ئۆزلىرى ھەرپەيشەنبە قەبرىستانلىقلارغا بېرىپ، يىغلاپ-قاقشاپ روھىناتلىرىغا دۇئا ئوقۇپ كېلىدىغان ئاتا-بوۋىلىرىدىن مىراس قالغان بىباھا تەۋەررۈك ئىكەنلىكىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كەتتى.

بىز ھەر خىل سورۇنلاردا مىللەت ھەققىدە كەسكىن مۇنازىرىلەرگە چۈشكىنىمىزدە: بىز مۇنداق شانۇ-شەۋكەتلىك مىللەتنىڭ ئەۋلادى، دۇنياغا مەشھۇر پالانچى ئالىم، پوكۇنچى ئەدىبنىڭ پۇشتى، ئۇنداق شاھانە كىتابلىرىمىز، مۇنداق بىباھا مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىمىز بار، دەپ ئاغزى-ئاغزىمىزغا تەگمەي ۋە بىر-بىرىمىزگە گەپ بەرمەي سۆزلەيمىزۇ، ئەپسۇسكى، ئىش يۈزىدە ئاشۇ پاكىستانلىقلارچىلىقمۇ بولالمىدۇق؛ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىمىزنىڭ قىممىتىنى شۇلارچىلىك بولسىمۇ چۈشىنەلمىدۇق. دەرىخا، تەۋەررۈك گىلەملىرىمىز قولدىن كەتتى؛ ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ بىزگە قالدۇرغان تېپىلماس يالداملىرىنى ھېچكىم بىزدىن تارتىۋالمىدى، بەلكى ئۆزىمىز رازىمەنلىك بىلەن، ئىزدەپ يۈرۈپ ئۆزگىلەرگە قوش قوللاپ سۇنۇپ بەردۇق. بۇ تەۋەررۈكلەرگە قوشۇپ يۈزىمىزنى، غورۇرىمىزنى، سەلتەنىتىمىزنى ھەتتا ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ ئەقىل-پاراسىتىنى، قان-تەرى،

www.uyghurkitap.com

سۆيۈملۈك كاللىسىنمۇ قوشۇپ سېتىۋېتىدۇق. ئەمما ئىش بۇنىڭلىق بىلەن تۈگىگىنى يوق. يەنە كۆپلىگەن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىمىز بۇ گۆھەرلەرنىڭ قەدرىگە يەتكەن غەربتىكى تەرەققىي تاپقان بەزى دۆلەتلەرگە قاراپ ئاقماقتا. چۈنكى ئۇلاردا پىششىپ يېتىلگەن ئەقىل-ئىدرەك، ئۇچۇق-يورۇق خاراكتېر، ئىنسانغا مۇھەببەت، بۈيۈك ئەركىنلىك ھەم يېتىپ ئاشقىدەك پۇل بار. بىزدە بارى يەپ تويماس قورساق بىلەن ھايۋانلارچە شەھۋانىي ھەۋەس! بىر-بىرىمىزنىڭ كۆتىنى كولاپ مەڭگۈ سۇنمايدىغان بىرجۈپ چوكا. جەمئىيەتلەشكەن ناچار ئۆرپ-ئادەتلەر، «مىڭبىر كىچە» دەك تۈگىمەس غەيۋەت-شىكايەتلەر...

قەشقەر ھېيتگاھ جامەسىنىڭ ئوڭ-سول تېمىغا يانداپ قويۇلغان كىچىك بوتكا-دۇكانلاردا، بوتكا ئالدىدىكى ئەينەكلىك يايمىلاردا پۈتۈنلەي ئۇيغۇر ۋە باشقا قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ قەدىمىي بۇيۇملىرى سېتىلىدۇ. بۇ يەرنى قەشقەر شەھىرىدىكى نام قويۇلمىغان بىر چوڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بازىرى، دەپ ئاتاشقىمۇ بولىدۇ. بازاردىن بۇ زېمىندىكى ئىنسانلار پۇل ئىشلىتىشكە باشلىغاندىن تارتىپ تا ھازىرغىچە بولغان ھەرقايسى خانلىق ھەم سۇلالىلەرنىڭ مىتال، قەغەز پۇللىرىنى، ئالتۇن، كۈمۈش، قاشتېشى، تۇچ ھەم ساپالدىن ياسالغان سەنئەت بۇيۇملىرىنى، قىممەتلىك قوليازما كىتابلارنى تاپقىلى بولىدۇ. دۇكانلاردىكى ياقۇت، ئېسىل قاشتېشى، مەرۋايىتلاردىن كۆز قويۇلغان نەپىس سەنئەت بۇيۇملىرى، تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى كۆرگۈچىلەرنى چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ، ئىنسان قولىنىڭ مۆجىزاتلىرىغا ھەيران قالدۇرىدۇ. ئەگەردە بۇ بوتكىلاردىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىن بىر مۇزېي ئاچىدىغان بولسا، جەنۇبىي شىنجاڭدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدىنمۇ كاتتا بىر مۇزېي قۇرۇش تامامەن مۇمكىن.

مەن ھەر قېتىم قەشقەرشەھىرىگە كىرگىنىمدە بۇ بوتكىلارنى ئارىلايمەن. ئاشۇ كۆرۈمسىز كونا بوتكىلاردا كىشىلەرنىڭ ئاياغ ئاستىدىن توزىغان چاڭ-توزانلارغا مىلىنىپ تۇرۇپ كەتكەن ئاسار-ئەتىقىلەرگە تويماي قاراپ ئۇزاققىچە تۇرىمەن. بەزىدە دۇكاندارلارنىڭ مەسخىرىلىك گەپلىرىنى ئاڭلاشتىنمۇ خالىي بولالمايمەن. دۇكانلاردىكى قەدىمىي بۇيۇملارنىڭ خېرىدارى يەنىلا چەت ئەللىكلەر بولۇپ، ئۇلار ھەر قېتىم دۇكاندارلارنىڭ ئالدىغا نەچچە ئون يۈەن پۇلنى تاشلاپ قويۇپ، ئاشۇ گۆھەرلەرنى خالىغانچە تاللاپ، پاكىز سۈرتۈپ، چىرايلىق رەختلەرگە ئاۋايلاپ ئوراپ سومكىلىرىغا سېلىپ ماڭغانلىرىدا كۆزلىرىم ئاشۇ سومكىلارنىڭ قارىسى يۈتكەنگە قەدەر ئۇلارغا ئەگىشىدۇ. قانچە قېتىملاپ كۆزلۈرۈمدىن مۆلدۈرلەپ ياش تۆكۈلۈپ كەتكىنىنى ساناپ بېرەلمەيمەن. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئېلىپ كەتكىنى سەنئەتكار ئەجدادلىرىمىزنىڭ قان-تەرى، خانلىقلىرىمىزنىڭ سەلتەنىتى، ئاتا-بوۋىلىرىمىز ئەقىل-پاراسىتىنىڭ جەۋھەرلىرى، مىللىتىمىز تارىخىنىڭ تېپىلغۇسىز ئىسپاتلىرى ئىدىغۇ!؟ ئەگەردە بۇ كۆرۈمسىز يەككە پاي بوتكىلاردىكى ئېسىل يادىكارلىقلارنى ياۋروپادىكى بىرەر چوڭ شەھەردە قويۇپ، سىرتقا كۆرگەزمە قىلىپ ئېچىۋېتىدىغان بولسا، چەت ئەللىكلەر مىڭلاپ پۇل خەجلەپ بۇلارنى كۆرگەن، نەچچە يۈزلەپ ساقچى تۇرغۇزۇپ مۇداپىئە قىلغان بولار ئىدى. ئەمما بۇ زېمىندا كىچىلىرى بوتكىلارنى ساقلايدىغانلار ئىگە-چاقىسىز، ئۆي-ماكانسىز قالغان تىلەمچىلەر، كۆپ ئىچىۋېتىپ ھوشىنى يوقاتقان مەستلەر، قالايمىقان ئۇچۇپ يۈرگىنى ئەخلەت-چاۋارلار، كىشىنىڭ بۇرنىغا ئۇرۇلىدىغىنى كىشىلەرنىڭ ئۆگزىلىرىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان ھاجەتخانا، كوچىلارغا تۆكۈۋېتىلگەن يۇندىلاردىن تارقالغان بەدبۇي - سېسىق پۇراقلار، كۆزگە چېلىقىدىغىنى بوتكىلارغا بىر قەۋەت «يېپىنچا» بولۇپ يېپىشقان توپا-توزانلار، بوتكىلارنىڭ ئىشىكلىرىگە سېلىنغىنى 16-ئەسىرنىڭ ئەسلى رەڭگىنى يوقىتىپ دات باسقان شادىنۇلۇپى.

ئاڭلىسام، چەت ئەللىكلەر مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئۆيلىرىدە يىغىپ ساقلاشنى مەدەنىيەتنىڭ بىر خىل سىمۋولى ، دەپ بىلىدىكەن. شۇڭا ئۇلار قىممەت باھادا سېتىۋالغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ۋە كىتابلارنى ئۆيلىرىنىڭ تۆرىدىكى نەپىس ئىشكاپلارغا تىزىپ ئەتىۋارلاپ ساقلايدىكەن. ئادەملىرىمىز بولسا، مېھمانخانا تۆرىدىكى ئېسىل ئىشكاپلىرىغا ئالىي دەرىجىلىك ھاراقلارنى، پەقەت قورساق تويغۇزۇش ئۈچۈنلا ئىشلىتىلىدىغان قىممەت باھالىق چىنە-تەخسىلەرنى كۆز-كۆز قىلىپ تىزىپ ساقلايدۇ. تېخى ئاشۇنداق نەرسىلىرىنىڭ مول بولغىنىدىن پەخىرلىنىدۇ. ھەقىقىي ساقلاشقا ئەرزىيدىغان گۆھەرلەر بولسا، قايسىدۇر بىر ئەسكى ئۆينىڭ زەيلەشكەن تام بۇلۇڭلىرىدا، كىرەكسىز نەرسىلەرنى ساتىدىغان بازارلاردا توپىغا مىلىنىپ ياتىدۇ، ئۇششاق بالىلارنىڭ ئويۇنچۇقى بولۇپ سۇنۇپ تۈگەيدۇ، مىسكەرلەرنىڭ ئوچاقلىرىدا ئېرىپ تۈگەيدۇ. شۇڭا بىر چامادان پۇل ئەكىلىپ ، بۇ بوتكىلارنى بىراقلا قۇرۇقداپ قويغۇم كېلىدۇ. ئەمما شىمىمنىڭ ئىككى يانچۇقىدا تومپىيىپ تۇرغىنى ھەرئىش كېلىدىغان، ئەمما ئىشلىتىدىغان يەر تاپالماي، تاپتىم دىگەندىمۇ ئەركىن ئىشلىتەلمەي كېلىۋاتقان بىر جۈپ قۇرۇق قولۇم ئىدى.

ئەي مىللەتداشلىرىم، ئويدان ئويلىنىپ

كۆرەيلى: مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىمىز بىزگىمۇ لازىم بولماسمۇ؟ كېيىنچە قەدرى ئۆتۈلمەسمۇ؟ ئەۋلادلىرىمىز بىزدىن بۇنىڭ ھېسابىنى ئالماسمۇ؟! ئۇلار كەلگۈسىدە بۇ گۈزەل ئەمما تارىختىن ھېچقانداق ئىزنا قالمىغان تۇپراقتا ياشاپ، بىز بىرنەچچە ئەۋلادقا زادى قانداق باھا بېرەر؟

بىز ھازىر قەدرىنى بىلمەي ئۆزگىلەرگە ساتقان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىمىزنىڭ كېيىنچە قەدرى بەكمۇ ئۆتۈلۈشى ھەر بىر ئەقىل ئىگىسىگە تامامەن ئايان. بىز ھوشىمىزنى تېپىپ ئاشۇ يادىكارلىقلىرىمىزنىڭ قىممىتىنى ھەقىقىي تونۇپ يېتىپ، ئۇلارنى قوغداپ قالالىغۇدەك كۈچ-قۇۋۋەت يېتىلگەندە بۇ نەرسىلەر خۇددى ئاللىبۇرۇنلا بىزدىن ئايرىلىپ، قارا تۇپراققا كۆمۈلۈپ كەتكەن ئاتا-بوۋىلىرىمىزدەك بىزدىن مەڭگۈگە ئايرىلغان بولىدۇ. بىز شۇ كۈنلەرگە بارغاندا باشقىلارنىڭ خالىغانچە بۇلاپ-تالىشىغا تاشلاپ بەرگەن، ئېلىشىغا ساتقان شۇ گۆھەرلىرىمىزنىڭ بىرەر پارچە سۈرىتىنىلا تالاي پۇلغا سېتىۋېلىشىمىز ئېنىق. مەن ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمدا ئوقۇتقۇچۇم ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن دەرس ئۆتۈۋېتىپ «تۈركىي تىللار دىۋانى»، «قۇتادغۇبىلىك»كە ئوخشاش دۇنياۋى شۆھرەتكە ئىگە شاھانە ئەسەرلىرىمىزنىڭ ئەسلى نۇسخىلىرىنىڭ چەت ئەل كۇتۇپخانىلىرىدا ساقلىنىۋاتقانلىقىنى خورسىنغان ھالدا ئېيتىپ بەرگىنى ھېلىمۇ ئېسىمدە. بىزنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىمىز مۇشۇ بولسا، كەلگۈسى ئەۋلادلىرىمىزمۇ ئۆز شاگىرتلىرىغا بىز ئاڭلىغاننى ۋە بىز دېگەننى تەكرارلىسۇنمۇ؟ قۇرۇق سۈرەتنى كۆتۈرۈپ، ھەقىقەتنى بىلمەي يۈرۈۋەرسۇنمۇ؟ ۋاقتىكى، بىزدە ئويۇشساقلا قالدى-قاتتى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىمىزنى قوغداپ قالالىغۇدەك مادار يەنىلا بار. شۇنداق تۇرۇقلۇق كۆزىمىزنى پارقىرىتىپ، قورساق تويغانغا شۈكۈر قىلىپ يۈرۈۋەرسەك، ئەۋلادلىرىمىزغا نېمەدەپ جاۋاب بېرىمىز؟ بىزدىن ئۇلارغا نېمە قالىدۇ؟

خۇلاسە كالام، بىھېساب مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىمىزنى چەت ئەل ئېكسپېدىتسىيىچىلىرى ئوغرىلاپ ئاچىقىپ كەتتى، ئاشقان-تاشقانلىرىنى ئۆزىمىز سېتىپ قورساق بېقىۋاتىمىز. «دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ ئاچقۇچى كۆمۈلگەن» ئۇلۇغ قۇملۇق تەكلىماكاندىكى ئەجدادلىرىمىز سەلتەنەت سۈرگەن قەدىمىي شەھەر-پايتەختلەرنىڭ خارابىلىرىنى يامغۇر يالاپ، بوران ئۇچۇرۇپ، قۇملار كۆمۈپ، زەي ئېرىتىپ تۈگىتىۋاتىدۇ. مەنىۋى جەھەتتىكى نامراتلىق بولسا، بىزنى قەدەممۇ قەدەم ئادىمىيلىكتىن يىراقلاشتۇرۇۋاتىدۇ. كۆپلىرىمىزنىڭ پەقەت ئىسمىلا ئادەم بولۇپ قالدى. ھازىر ئاستى زەيلەپ، ئۈلى بوشاپ قالغان بىر كونا تامغا ئوخشاپ قالدۇق. قاچان يىقىلىش ياكى ئۈلىمىزنى مۇستەھكەملەش تەقدىرىمىز يەنىلا ئۆزىمىزنىڭ تەدبىرىمىزگە باغلىق بولۇپ قالدى. بىز ئەمدى ھېلىھەم بولسىمۇ بېشىمىزنى سىلكىۋېتىپ ئويغىنايلى. مۇنداق تراگېدىيىلەرگە خاتىمە بېرىش ۋاقتى يېتىپ كەلگىنىگە نەۋاق. بىز ھېلىمۇ جىق كېچىكتۇق. مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىمىزنى قوغداپ قالايلى. ئۇلارنى ئېچىنىشلىق تەقدىرىدىن قۇتۇلدۇرۇۋالايلى. مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىمىزنى قۇتۇلدۇرۇۋالغانلىق ئۆزىمىزنى، تارىخىمىزنى، ئىنسانىي قەدىر-قىممەت ۋە غۇرۇرىمىزنى قۇتۇلدۇرۇۋالغانلىقتۇر.

1999-يىل 20-يانۋار

---

ئاپتور: قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيە ياندۇرما يېزا بانكا تىجارەت پونكىتى سەيپۇڭخانىسىدا ئىشلەيدۇ (M1)

بۇسان 1999-يىلى 10-نويابىردا تىزىشقا يوللاندى، 2000-يىلى 30-يانۋاردا باسمىدىن چىقتى. تەھرىرلىگۈچى: قۇربان مامۇت (M1)، رىسالەت مۇھەممەت (M2)، بېكىتكۈچى: قۇربان مامۇت



# ئەخلاق باغچىسىدىن گۈلدەستە

## ئاتا-ئانىلار ھەققىدە تەۋسىيەلەر

مەنبەلەردىن تەييارلىغۇچى: تاھىرجان ھاجى ياقۇپ

ئاتا-ئانىغا ياخشىلىق قىلىش تۆۋەندىكىچە بولىدۇ:

1. ئاتا-ئانىغا ھەر ۋاقىت ئەدەب بىلەن سىلىق سۆز قىلىش.

2. ئاللاتائالاغا ئاسىيلىق بولمايدىغان ھەر قانداق ئىشتا ئۇلارغا ئىتائەت قىلىش.

3. ئۇلارغا مېھرىبانلىق كۆرسىتىش، ھېچ ۋاقىت ئۇلارغا غەزەپ بىلەن قارىماسلىق، تەبەسسۇم بىلەن قاراش.

4. ئۇلارنىڭ ئابرويىنى ۋە ھۆرمىتىنى قوغداش، ئۇلارنىڭ رۇخسىتىسىز ئۆيلىرىدىن بىر نەرسە ئالماسلىق.

5. ئۇلار مەمنۇن بولىدىغان ئىشلارنى قىلىش، ھەمىشە دۇئالىرىنى ئېلىپ تۇرۇش.

6. ھەرقانداق بىر ئىشنى باشلاشتا ئۇلاردىن مەسلىھەت سوراش.

7. ئۇلارنىڭ چاقىرىقىغا ھەر ۋاقىت: «خوش ئاتا – خوش ئانا» دەپ تەبەسسۇم بىلەن ھازىر بولۇش.

8. ئۇلارنىڭ دوست – يارەنلىرىنى ھۆرمەتلەش، دۈشمەنلىرىگە ساداقەت باغلىماسلىق.

9. ئۇلار بىلەن مۇنازىرە قىلىشماسلىق، ئۇلارنىڭ خاتالىقلىرى بولسا سىلىق يول بىلەن كۆرسىتىپ بېرىش.

10. ئۇلارغا سۆز قىلغاندا ۋارقىراپ ئۇلارنى راھەتسىز قىلماسلىق، ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ئەدەب بىلەن قۇلاق سېلىپ ئاڭلاش.

11. ئۇلارنىڭ ئۆي ئىچىدىكى ۋە سىرتىدىكى ئىشلىرىغا ياردەملىشىش.

12. ئۇلارنىڭ رۇخسىتىسىز سەپەرگە چىقماسلىق، ئەگەر ئالدىراشلىقتىن كېتىپ قالغان بولسا، ئۇلاردىن كەچۈرۈم سوراش.

13. ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىگە خۇسۇسەن ئۇلار ئۇخلاۋاتقان ۋاقىتلىرىدا رۇخسەتسىز كىرمەسلىك.

14. ئۇلارنىڭ مېھمانلىرى كەلگەندە قول باغلاپ تۇرۇپ خىزمەت قىلىش.

15. ئۇلار بىلەن بىرگە تاماق يېگەندە، ئۇلاردىن بۇرۇن داستىخانغا قول ئۇزاتماسلىق.

16. ئۇلارغا ھەرگىز يالغان سۆزلىمەسلىك.

17. ئايالىنى ۋە پەرزەنتلىرىنى ئۇلاردىن يۇقىرى كۆرمەسلىك.

18. بىرگە يول يۈرگەندە ئۇلارنىڭ ئالدىدا يۈرمەسلىك، بىرگە ئولتۇرغاندا ئۇلاردىن يۇقىرى ئولتۇرماسلىق.

19. ئۆزى ھەرقانچە چوڭ مەنسەپلىك كىشى ياكى كاتتا ئالىم بولسىمۇ، ئاتا-ئانىغا تەكەببۇرلۇق قىلماسلىق، ئۇلارنىڭ ئالدىدا كەمتەر بولۇش.

20. ئۇلارغا ماددىي ياردەمدىن بېخىللىق قىلماسلىق، ئۇلار ئۈچۈن ئۆزلىرىنى ئۇنتۇش.

21. ئۇلارنىڭ مېھنەتلىرىنى قەدىرلەپ تۇرۇش، ئۇلارنى زىيارەت قىلىپ تۇرۇش. . . ھەدىيە ۋە سوۋغاتلارنى تەقدىم قىلىپ تۇرۇش.

22. ئۇلارنى غەزەپلەندۈرۈشتىن ئېھتىيات قىلىش، كۆڭۈللىرىنى ئاسراش.

23. ئۇلار بەرگەن نەرسىلەرنى تەشەككۈر ئېيتىپ قوبۇل قىلىش.

24. ئۇلارنىڭ خۇشاللىقلىرىنى تەبرىكلەپ بىرگە خۇشال بولۇش، ئۇلارنىڭ مۇسىبەتلىرىگە تەسەللىي بېرىش.

25. ئۇلارنىڭ يۈزىدىن ئۇلار ياخشى كۆرىدىغان پەرزەنتلەرنى ياخشى كۆرۈش.

26. ئايالى ئۇلار بىلەن جېدەللىشىپ قالغاندا، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئادىللىق بىلەن ئىش كۆرۈش.

27. ئاتا-ئانا ۋاپات بولۇپ كەتكەندىن كېيىنمۇ ئۇلارنىڭ قەبرىلىرىنى زىيارەت قىلىپ تۇرۇش، ئۇلارنىڭ ۋەسىيەتلىرىنى يۈرگۈزۈش.

28. ئۇلارنىڭ ھەققىدە سەدىقە - نەزىرلەرنى قىلىپ تۇرۇش.

29. ئاتا-ئانا ھايات بولسۇن ياكى ۋاپات بولۇپ كەتكەن بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھەققىدە دۇئا قىلىپ تۇرۇش.

30. ھەرقانداق كىشى ئاتا-ئانىسىغا قىلغان مۇئامىلىسىنىڭ ئوخشىشىنى پەرزەنتلىرىدىن چوقۇم كۆرىدۇ، يەنى ئاتا-ئانىسىنى قاقشاتقانلارنى ئۇلارنىڭ بالىلىرىمۇ قاقشىتىدۇ، ئاتا-ئانىسىنى رازى قىلغانلارنى ئۇلارنىڭ بالىلىرىمۇ رازى قىلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئالەم ئۆتنە ئالەم، دېيىلىدۇ. بۇ ھەقىقەتەن جەمئىيەتتە ۋە ئۇزۇن تارىخىمىزدا كەڭ تەجرىبە قىلىنغان، شۇنداقلا كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە رېئاللىققا ئايلانغان ھەقىقەتتۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «ئاتا-ئانىلىرىڭلارغا ياخشىلىق قىلىڭلار، سىلەرگىمۇ پەرزەنتىڭلار ياخشىلىق قىلىدۇ». (M1)






《新疆文化》 (维吾尔文)
综合性文学双月刊

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» 2000 - يىل 1 - سان
(قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال)

主办:新疆维吾尔自治区文化厅
编辑出版:《新疆文化》杂志编辑部
国际标准刊号:ISSN1008—6498
国内统一刊号:CN65—1060/I
发行范围:国内外发行
地址:乌鲁木齐市团结路72号
邮编:830001 电话:2856942
印刷:《新疆日报》印刷厂
发行:乌鲁木齐市邮局
订阅:全国各地邮局

ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتى تەرىپىدىن چىقىرىلدى
«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزۈپ نەشر قىلدى
خەلقئارالىق نومۇرى:ISSN1008—6498
مەملىكەتلىك نومۇرى:CN65—1060/I
مەملىكەت ئىچى ۋە چەتئەللەرگە تارقىتىلىدۇ
ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ئىتتىپاق يولى 72 - قورۇ
پوچتا نومۇرى: 830001 تېلېفون:2856942
«شىنجاڭ گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

邮发代号:58—22 定价:3元

پوچتا ۋەكالەت نومۇرى: 22 ـ 58 باھاسى: 3 يۈەن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## تەبرىك



خەلقىمىزنىڭ سۆيۈملۈك دىلكەشى، تەڭداشسىز قىزىقچىسى، زامانىمىزدىكى نەسىرىددىن ئەپەندىسى ھىسام قۇربان ئاكىنىڭ 70 ياشقا تولغانلىقىنى مۇبارەكلەيمىز

ـ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» تەھرىراتى